
1993
KASHGAR LITERATURE
قەشقەر ئەدەبىياتى
2

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بوستان چاچلار



ئانا كەسپىنىڭ ۋارىسى
(ئاۋۇت بارات فوتوسى)



# قەشقەر ئەدەبىياتى

(قوش ئايلىق ژۇرنال)


2

1993

22- يىل نەشرى

(ئومۇمىي 111- سان)

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

## مارت چېچەكلىرى

تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن ........ قارا قۇشقاچ ........ 1
دىلبەر ھامۇت ........ پەتەلەي قىز ........ 14
زۇلپىيە ........ ئىككى ھېكايە ........ 19
مۇنىرە ھېبىبۇللا ........ « ئۈدەك » ........ 22
گۈلنىسا مۇھەممەت ........ « جەننەت » كە يول ........ 25
بۇخەلچە ئىمىن ........ ئام ، ئانا ........ 27
روشەنگۈل تۇرسۇن ........ نەسىرلەر ........ 29
ئايخان مۇھەممەت ........ مەرھابا، قۇتلۇق بايرام ........ 31
ئايال ئاپتورلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ........ 33

## ھايات دولقۇنلىرى

ئۆمەر مەتنۇرى، مۇھەممەت كامال (خۇشخۇي)، قەيسەر دۆلەتبېك، تۇرسۇن مۇھەممەت، غېنى قۇربان، ساداقەت تۇرسۇن، نۇرمۇھەممەت ياسىن (ئۆركىشى)، راجى تۇردى، ئابدۇشۈكۈر راشىدىن، مۇھەممەتجان ئەبەيدۇللا، غېنىجان خۇدابەردى، تۇرسۇننىياز توختى، قۇربان ئابلىمىت، ئېزىزجان توختىھاجى، ئامانگۈل تۇردى، تۇنسا ھەسەن ........ نەسىرلەر ........ 49

## جاھاننامە

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى ........ قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ۋە بۈگۈنكى ئىستانبۇل" ........ 76

## تۇمەنتال چېچەكلىرى

نۇرئىمان مۇھەممەت ........ تونجۇققان سۆيگۈ ( ھېكايە ) ........ 86
كۈلسۈم ئوسمان، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، مۇساجان يۇنۇس، ئۆمەرجان غوپۇر، نۇرگۈل مىجىت، ئەنۋەرجان مەتنىياز، مۇساجان ئىمىن، مېھرىگۈل مامۇت، ھۆسەنجان مامۇت، ئوبۇلقاسىم ئالماس، تۇرادىن ھۆكمەت، ئابدۇجېلىل ئوبۇل ........ شېئىرلار ........ 93

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى

ئىسمائىل ئېزىز ( تاجىك ) ........ شېئىرلار ........ 106

## چەت ئەل ئەدەبىياتى

ساجىد ئەمجىد ........ رەسسام (ھېكايە) ........ 108

## خەزىنە

سېيىت ئېلى، ئابدۇرېشىت موللاقارى توپلاپ رەتلىگەن ........ سەلەي توختى لەتىپىلىرى ........ 119
غەيرەتجان ئوسمان تەرجىمىسى ........ قەدىمكى زامان رىۋايەتلىرىدىن ........ 124

---

( بۇ ساندىكى ئىچ مۇقاۋا، قىستۇرما رەسىم، ھۆسن خەتلەرنى دىلمۇرات تۇرسۇن، غولامجان قادىرلار ئىشلىگەن )

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن

# قارقۇشقاچ

(ھېكايە)





1986 ـ يىلىنىڭ ياز پەيتى ئىدى، مەن ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىدا پويىز كۈ- تۈپ تۇراتتىم.

بۇ، كەچقۇرۇن سائەت ئالتىگە يېقىن- لاشقان چاغ بولسىمۇ، لېكىن كۈننىڭ تەپتى قايتمىغان بولغاچقا، ئادەمدىن چە- لىق ـ چىلىق تەر قۇيۇلاتتى، پويىز ئىس- تانسىسىنىڭ ئىچى ـ تېشى ئادەمنىڭ كۆپلۈكى ۋە كۈننىڭ تەپتىدىن تىنچسىز دېمىق بولۇپ كەتكەنىدى.

مەن بېيجىڭغا يىغىنغا بارىدىغان بول- غاچقا، بېيجىڭدىن كېلىدىغان پويىزنى كۈتۈپ تۇراتتىم. ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى، پويىزنىڭ كېچىككىشى مېنى تىت ـ تىت قىلماقتا ئىدى.

تۇيۇقسىزلا يېنىمدا قارا كاستيوم-بۇ- رۇلكا،قارا شىبلىت، قارا قالپاق كىيگەن، قارا كۆزەينەك تاقىغان قاملاشقان بىر ياش پەيدا بولۇپ قالدى.

قولىدا چاقىقانغىنا چامىدان،ئۈپچۆ- رىسىدە ئېسىل كىيىنگەن سودىگەر قىيا- پەتتىكى بىر نەچچە يىگىت. قارا كىيىم- لىكى ئۇلارغا بىر نەرسە دەپ ماڭا قارى- دى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرمۇ دەررۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قاراشتى. قىز بالا ۋاقتىم- دىن تارتىپ (ئوتتۇرا ياشلىق جۇۋانغا ئايلانغان بولسامۇ) بىرسى تىكىلىپ قارىدىمۇ، بولدى، خۇدۇكسىرەپ قالىدى- غان، ئوڭايسىزلىنىدىغان بىر ئاجىزلى- قىم بار ئىدى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بول- دى، ئۆزۈمچە ئوڭايسىزلاندىم، تۇرۇپلا ئاچچىقىم كېلىپ قالدى.

«قانداق نېمىلەر بۇ، چوپ ـ چوڭلا ئايالغا قاراپ ھېيىقماستىن كۈلۈشىدۇ. لۈكچەكمۇ نېمە بۇلار» دېگەن خىياللار كۆڭلۈمدىن ئۆتتى.

شۇ چاغ بايىقى قارا كىيىملىك يىگىت يېنىمغا كېلىپ ماڭا ئېگىلىپ سالام قىلدى.

ـــ خانىم، ياخشى تۇرۇسىمۇ، مۇئەللىممۇ ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟

قەشقەر تەرەپلەردە ئوقۇتقۇچى ئايال- لارنى «خانىم» دەيدىغان، ئۇلارنىڭ ئەر- لىرىنى بولسا، مۇئەللىم بولسۇن ياكى باشقا كەسىپتە بولسۇن «مۇئەللىم» دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار.

قارىغاندا، بۇ، مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم- نىڭ بىرسى بولسا كېرەك. لېكىن كىم ئى- كەنلىكىنى دەررۇ ئېسىمگە ئالالمىدىم.

يىگىت كۆزەينىكىنى كۆزىدىن ئېلى- ۋەتتى. ئادەم ئۆزى ئۆزگەرسىمۇ كۆزى

www.uyghurkitap.com



ئۆزگەرمەيدىكەن. بۇ، مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم باقى ئىدى، ئۇ شۇنچە سۇمبا تىلىق يىگىت بولۇپ كېتەپتۇ، ئۇ خۇشلۇقىدا قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى. بۇرۇنلاردا ئۇنى «سەن» دەيتتىم، ئەمدى يوغانلا يىگىتنى «سەن» دېيىشكە ئاغزىم بارمىدى. ئۆزۈمدىن كىچىك ئادەمنى «سىلە» دېيىشكە تېخى. ئاخىرى ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ چوڭ-كىچىك ھەممىسىنى «سىز» دەيدىغان ئادىتى بىلەن ئۇنىڭغا گەپ قىلدىم.

— نەگە ماڭدىڭىز، — ئۇكام.

— «سەن» دەۋەسىلە خانىم، مەن يەنىلا شۇ باقى. سىلىنىڭ غەمخورلۇقلىرىدا ئادەم بولغانىدىم. ھازىر تىجارەت بىلەن گۇاڭجۇغا ماڭدىم.

— ياخشى بوپتۇ ئۇكام، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. سېنىڭ شۇنچىلىك ياخشى كۈن كۆرگىنىڭگە مەن بەك خۇشال، — دېدىم مەن.

«قارا قۇشقاچ» لەقەملىك بۇ ئوقۇغۇچۇمنىڭ قامەتلىك يىگىت بولۇپ كەتكىنىگە، كۈننى ئېلىپ قالغىنىغا خۇشال بولدۇم، مەسىلىكىم كەلدى. ئۇمۇ ئۇزاقتىن بېرى مېنى كۆرمەي ئەمدى ئۇشتۇمتۇت بۇ يەردە كۆرۈشكىنىگە خۇشاللىقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى.

شۇ ئارىلىقتا پويىز كېلىپ قالدى، مەن پويىزغا ئەپچىل چامادىنىمنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتىم، باقىنىڭ ئەتراپىدىكى يىگىتلەر بولسا پۇختا قىلىپ باغلانغان يۈك-تاق، چامادانلارنى كۆتۈرۈشۈپ پويىزغا چىقىشتى.

مەن ئورنۇمنى تېپىپ چامادىنىمنى ئورۇنلاشتۇردۇم. يولدا كۆرەرمەن، دەپ ئېلىۋالغان «مەمەت ئاۋاق» رومانىنى ئوقۇپ كارىۋىتىمدا دەم ئېلىپ ياتتىم. شۇ ئارىلىقتا بىزنىڭ ۋاگوندىن بايىقى ئال-

تە-يەتتە يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا باقى ئۆتۈپ قالدى.

— خانىم، مۇشۇ ۋاگونغا ئورۇنلاشتىلىمۇ؟ — دېدى باقى ئەجەبلەنگەندەك بولۇپ.

— ھەئە ئۇكام، كارىۋىتىم بىرىنچى قەۋەتتە ئىكەن. ئۈستۈنكى قەۋەتتە بولسا قانداق قىلار ئىدىمكىن، ھە، سىز قايسى ۋاگوندا؟

— مەن ئوتتۇرىدىكى ۋاگوندا، مۇنۇ يىگىتلىرىم بولسا ئاياغدىكى ۋاگوندا ئىكەن، تاماقتا بېرىپ كېلەيلى دەپ مېڭىشىمىز ئىدى، ھە، راست، يۇرسىلە خانىم، تاماققا بېرىپ كېلەيلى.

— رەھمەت ئۇكام، مەن يولغا دەپ ئانچە-مۇنچە بىر نەرسىلەرنى ئېلىۋالغانىدىم. سەل تۇرۇپ شۇنىڭ بىلەن چاي ئىچەرمەن، يولنىڭ تاماقسىمۇ ئانچە ئوبدان ئەمەستۇ، تايىنلىق.

— بىز بولغاندىكىن بىر گەپ بولار خانىم، ياخشىراق نەرسىلەرمۇ چىقىپ قالار، يۇرسىلە دەيمەن. تاماق يېگەچ پاراڭ قىلىشايلى. ئانامدەك مېھرىبان ئىدىلە، سىلىنى كۆرگىنىمگە بەك خۇش بوپ كەتتىم خانىم.

مەن يەنە رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈممۇ ئۇنىڭ بۇنچىلىك كۆڭگە ئېرىشكىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈم كېلەتتى، شۇڭا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن پويىز تاماقخانىسىغا كەتتۇق، ئىككىمىز بىر جوزىدا بىر-بىرىمىزگە ئۇدۇل ئولتۇردۇق، ھېلىقى يىگىتلەر قەدەمدە بىر كېلىپ:

— خوجايىن، سىلە بىلەن خانىمغا نېمە بۇيرۇتساق بولار؟ — دېگەندەك سوئاللار بىلەن تەكەللۇپ قىلىپ تۇرۇشاتتى.

— تولا گەپ قىلماي باش ئاشپەزگە

بېرىپ مېنىڭ كەلگىنىمنى ۋە بىر مېھمىنىمنىڭ بارلىقىنى ئېيتىڭلار، ئۆزۈڭلارمۇ تاماق يەڭلار.

بىردەمدە پويىز ئاشخانىسىنىڭ مۇسۇلمان ئاشپەزى كېلىپ باقى بىلەن ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۆرۈشتى، باقى ئۇنىڭغا ئېگىشىپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، ئۇمۇ خۇددى توكو-توكويادىكىدەك بېشىنى گىلدىڭلىتىپ كەتتى.

ئاشپەز چىقىپ كېتىپ يېرىم سائەت ئۆتە-ئۆتمەي ئالدىمىزغا ئارقا-ئارقىدىن سەي كۆتەرگەن قىزلار كېلىپ خىزمەتتە بولۇشقا باشلىدى، بەزىلىرى چاي قۇيسا، بەزىلىرى كوكولا، گازسۇيلەرنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۇسسۇزلۇق تەڭلەپ تۇرۇشتى، بەزىلىرى سوغ سۇدا يۇيۇلغان پاكىز لۆڭگىلەرنى سۇنۇپ تەرلىرىمىزنى سۈرتىۋېتىشكە تاس-تاماس قالاتتى.

جوزا ئۈستى مەن ئىسمىنى بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان سەيلەر بىلەن توشۇپ كەتتى، بۇلارنى قانداق يەپ كەتكىلى بولسۇن، بىكارلا ئىسراپچىلىقتە بۇ؟ مەن باقىغا بولدى قىلىشنى ئېيتتىم. لېكىن ئۇ، ئۇنايدىغاندەك ئەمەس، ئۇن نەچچە خىل سەي ۋە تاماقتىن كېيىن سەي توشۇش سەلپەس كويغا چۈشتى.

باقى هاراق ئىچمەمدۇ ياكى مەندىن قىسىلدىمۇ ئاغزىغا ئۇسسۇزلۇقتىن باشقا نەرسە ئالمىدى، لېكىن چەت ئەلنىڭ «مارلبورو» ماركىلىق تاماكىسىنى ئاغزىدىن چۈشەرمىدى، ئۇ تاماقنى ئاز يەيتتى، نېمىنىدۇر خىيال قىلاتتى، پات-پات خىيالىدىن چۆچۈپ مەن بىلەن ئولتۇرغىنىنى ئەمدىلا ئېسىگە كېلىۋاتقاندەك ئەيىبكارلارچە كۈلۈپ قويۇپ مېنى «ئالىلا-باقىلا» دەپ تاماققا زورلاشقا باشلايتتى.

— خىيال سۈرۈپ قالدىڭغۇ، نېمە بولدۇڭ ئۇكام؟ — دېدىم مەن.

— هېچ ئىش، بەزىبىر ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ قالدى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ. ئۇنىڭ يىگىتلىرى بولسا باشقا جوزىدا سورۇن تۈزۈپ خېلى قىزىۋېلىشقانىدى، ئۇلار نېمىنىدۇر بىر نەرسە دېيىشىپ ۋارقىرىشىپ خورازدەك بازلىغىلى باشلىغاندا، باقى ئۇلارغا بىر ۋارقىرىۋېدى، هەممىسى جىم بولۇپ بېسىقىپ قالدى.

مەن باقىدىن بۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىدىم.

بۇلار مېنىڭ ئىمكالىرىم، — دېدى باقى پەخىرلەنگەن هالدا، — ئوبدان يىگىتلەر، ئايىغى چاققان ئەپچىللەر. شاڭخەيدە بىر ئاشخانا ئاچقانىدىم. سودام تازا ئاقىقانىدى. بەزى هارامزادىلەر يېنىمىزغا دۇكان ئېچىپ، خىزمەتچىلىرىمىنى تارتىپ كەتتى. مەن دۇكاننى ئاكامغا تاپشۇرۇپ يۇرتقا باردىم. بۇ يىگىتلەرنى ئۈستەڭبويىدىكى ئاشخانىلاردىن چېكىپ تاللاپ ئېلىپ كەلدىم. بېرىپ هېلىقىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتمىسەم ئادەم بولماي كېتەي.

— گۇاڭجۇغا ماڭدىم دېگەندەك قىلىۋېدىڭىزغۇ؟

— هە، گۇاڭجۇدىمۇ ئىككى يەردە دۇكان ۋە تۆت قەۋەتلىك بىر بىنا ماڭا قاراشلىق قالغان. ئاۋۋال گۇاڭجۇغا بارىمەن، ئۇ يەردە ئىشلارنى يۈرۈشتۈرۈپ بىر نەۋرە ئاكامغا تاپىلاپ ئاندىن شاڭخەيگە قايتىمەن.

— بۇلارنىڭ ئايلىقى قانچە؟ — دېدىم مەن.

— ئالدىنىڭ مىڭ يۈەن، ئەڭ ئارقىسىنىڭ ئۈچ يۈز يۈەنگىچە بولىدۇ.

مېنىڭ ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى، مانا مەن ئوتتۇز يىللىق ئوقۇتقۇچى، مۇئاشىم تې-

خىغىچە ئىككى يۈز سەكسەن يۈەن. دېمەك، ئۇنىڭ، ئەڭ كېيىنكى ئىشچىلىرىدىنمۇ ئاز مۇئاشقا ئىشلەيدىكەنمەن. ياللا، ماۋۇ پەرقنى كۆرۈڭ.

باقى ھەدەپ ئۆز تىجارىتى، تاپاۋىتى، ۋە رىقابەتچىلىرى ھەققىدە جانلىنىپ سۆزگە كىرىشىپ كەتتى، رىقابەتچىلىرىنى قانداق يېڭىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەشنى زادىلا ئۇنۇتمايتتى.

دەسلەپ باقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم خۇشاللىققا چۆمگەن بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كۆڭلۈم چۈشۈپ يەۋالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بەك ھەشەمەتخوردەك كۆرۈنەتتى.

بىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ جوزىلىرىنىڭ بىكار يېرى قالمىدى. باقى تېخىچە خىزمەتچى قىزلارغا يەنە بىر نېمىلەرنى زاكاس قىلاتتى ۋە تېزرەك بولۇشنى تاپىلايتتى. مەن بۈگۈن بۇ چىقىملارنى ئۈچ يۈز يۈەندىن كەم بولمىغاندۇ دەپ ئويلىۋىدىم، نەدىكىنى، بىز جوزىدىن تۇرۇپ ماڭغان چېغىمىزدا باقىنىڭ ئىشىك يېنىدىكى كاسسىر قىزغا يۈز يۈەنلىكتىن بەش - ئالتە دانىنى ئۇزاتقىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. مەن باقىغا:

— ئۇكام بەك چىقىمدار بولۇپ كەتتىڭىزمۇ نېمە؟ - دېدىم ئوڭايسىزلىنىپ.

— ھېچقىسى يوق خانىم، - دېدى ئۇ سەل كۆرەڭلىگەن ھالدا، پۇل دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ قولىنىڭ كىرى، بىز ئۈچۈن بۇ ھېچگەپ ئەمەس.

مەن بۇ يولنى تالاي قېتىم بېسىپ پويىزدا مۇنچىلىك تاماقلارنىڭ ئېتىلگىنىنى، كۈتكۈچىلەرنىڭ مۇنچىلىك جان پىدالىق كۆرسەتكىنىنى كۆرۈپ باقمىغان. دەسلىپىدە باقىغا سالام بەرگىلى چىققان پويىزنىڭ باش ئاشپىزى ئىكەن. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ مەن كونىلارنىڭ «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دېگەن سۆزىنىڭ توغرىلىقىغا ئىقرار بولدۇم. قايتىۋېتىپ پويىزنىڭ يۇمشاق ۋاگونلۇق ياتقىنىڭ كارىدورىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. باقىنىڭ ياتقى مۇشۇ ۋاگوندا ئىكەن. ئۇ ياتاققا مېنى باشلىدى.

نازارەت دەرىجىلىك كادىرلار چۈشىدىغان بۇ يۇمشاق ۋاگوندا مەن ئۆمرۈمدە يېتىپ باقمىدىم، بەلكىم مۇندىن كېيىنمۇ ياتالماسمەن. ئەمما باقى داۋاملىق مۇشۇنداق ۋاگوندا سەپەر قىلىدىغىنىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مۇنداق ۋاگون بىخەتەر ئىكەن. چۈنكى ئۆزى نۇرغۇن پۇل بىلەن يۈرىدىغان بولغاچقا، ئادەتتىكى كارىۋاتلىق ۋاگوندا يۈرۈشكە خەۋپسىرەيدىكەن.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزۈممۇ ئۇنىڭدىن خەۋپسىرەپ قالدىم. خۇدايىم، يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكەندە بۇرنى تاشقا تەگمىسە بولاتتىغۇ، دەپ ئەنسىرىدىم.

ئۇنىڭ بىز قەشقەرلىكلەر، ئاتۇشلۇقلار، ئىلىلىقلار دېگەندەك گەپ سۆزلىرىدىن كۆڭلۈم بىسەرەمجان بولدى.

«ھەي باقى، پۇل تاپقان بىلەن ئەقىل تاپماپسەندە؟! كىچىككىنىدە قانداق ئەقىللىق بالا ئىدىڭ، ھازىر نېمە بولدۇڭ؟!» دەپ ئىچىمدە ئۇنىڭغا خىتاب قىلدىم. بۇ ھەقتە گەپ ئېچىپ ئۇنىڭغا بىر مۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلغان بولدۇم، لېكىن ئۇنى قايىل قىلالماسلىقىمغا كۆزۈم يەتتى.

ئۇ، تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ ئىشلاردىكى ئالدى - قاچتى ئىش-

لارنى سىلە چۈشەنمەيلا خانىم. سودا ئىـ
شىنىڭ پايدىسى كۆپ بولغىنى بىلەن ئۆۋـ
زىگە چۈشلۇق غەلۋە ـ غوغىسى، كۈشەنـ
دىسىمۇ بولىدىكەن. ئاشۇ بىر نەچچە ياقا
يۇرتلۇقنىڭ بازىرىنى كاسات قىلىپ ئالـ
دىمغا يالۋۇرغۇزۇپ كەلتۈرمىسەم ھېساب
ئەمەس، ـ دېدى ئۇ قانداقتۇر كۆزگە كۆـ
رۈنمەيدىغان دۈشمىنىگە ھەيۋە قىلغاندەك
چىشىنى غۇچۇرلىتىپ.

مەن باقىنىڭ مىجەزـخاراكتېرىنىڭ
تولۇق ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى چۈشەندىم.
نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم يېرىم بولـدى، مەن
مەيۈس ھالدا ياتىقىمغا قايتتىم، قولۇمـ
غا بايا ھەۋەس بىلەن ئوقۇشقا باشلىغان
«مەمەت ئاۋاق» دېگەن رومانىنى ئېلىپ
بىر دانە يوپۇرماقنى قىستۇرۇپ قويغان
يېرىنى ئاچتىم، كۆزۈم كىتابنىڭ قۇرلىـ
رىدا كەتسىمۇ، لېكىن كۆڭلۈم ئېكرانىدا
باقىنىڭ بۇنىڭدىن يىگىرمە ئۈچ يىل بۇرۇنقى
ھالىتى، ۋىجىككىنە، قاپقارا تۇرقى
گەۋدىلەندى.

× ×

قارا ماشىنا مېنى ناھىيە بازىرىغا چۈـ
شۈرۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتكىنىگە بىر سا-
ئەت بولاي دېدى. بىر يېمەك ـ ئىچمەك
دۇكىنى ۋە بىرلا ماگىزىنى بار بۇ كىچىك
ناھىيە بازىرىنىڭ قەيېرىگە بېرىشىمنى
بىلمەي بېشىم قېتىپ تۇرۇپ قالدىم.
بىرەر كىشىدىن ناھىيىلىك مائارىپ ئىـ
دارىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سوراي
دېسەم، بۇ يەردە سورىغۇدەك ئادەممۇ
كۆرۈنمەيتتى. بازارنىڭ تۆت كوچىسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بىر ئۆزۈندە مۇنارىـ
سى، ئۇنىڭ قېشىدا ئۇزۇن
ھاسىسىنى ئۈزىتىپ كوچىدىن
ئۆتكەن ـ كەچكەننى توسىۋالىدىغاندەك
ئولتۇرغان تىلەمچى، ئۇنىڭ قېشىدا ئاپـ
تاپتىن قېچىپ تىلىنى ساڭگىلىتىپ ئولـ
تۇرغان بىر نەچچە ئىت، دوقمۇشتا خېرىـ
دار كۈتۈپ مۈگدەپ قالغان دوغاپچى مۇشۇ
بازارنى سەل ـ پەل جانلاندۇرۇپ تۇراتتى.
تومۇز ئاپتىپى كۆيدۈرەتتى، دەرەخلەرمۇ
كۆلەڭگۈسىنى ئۆزىنىڭ تۈۋىگىلا چۈشۈـ
رەتتى. مەن ئۇسسۇدۇم، ئەلەمدىن كۆزلىـ
رىمگە ياشلار كەلدى، پۇشايماندىن يۈرـ
كىم ئۆرتەندى، ئۆلكە مەركىزىدىكى قايىنامـ
تاشقىن مەنزىرە، ئىنستىتۇتتىكى جۇشقۇن
ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىم، تەقسىمات پەيتىـ
دىكى ئارزۇ ۋە ئىنتىزارلىق، ئوتتەكقىزـ
غىن ساۋاقداشلىرىم، ئۇستازلىرىم ئېـ
سىمگە چۈشتى، ئۇلار مەندىكى ئازـتولا
يۇمران تالانت ئامىللىرىغا قاراپ مېنى
ئاشۇ شەھەردە قالدۇرۇشقا قانچىلىك ھەـ
رىكەت قىلىشتى، ماڭا قانچىلىك نەسىھەتـ
لەرنى قىلىشتى، مەن ئۇلارنىڭ ياخشى نىـ
يەت، تەكلىپلىرىنى قايرىپ قويۇپ «يۇرـ
تۇمغا بارىمەن» دەپ مەھكەم تۇرۇپ
قايتىپ كەلدىم.

بىراق، ئارزۇ دېگەن ئارزۇ، ئەمەلىـ
يەت دېگەن ئەمەلىيەت ئىكەن. مېنىڭ
مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرگەن دىپلومۇم ۋە
ئۆلكىلىك گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنـ
غان ئەسەرلىرىم ئارخىپ خالتىسىدىلا
قالدى. دادامنىڭ ۋىلايەتلىك، شەھەرـ
لىك مائارىپ ئىدارىسىغا دوقۇرۇپ يالـ
ۋۇرغانلىرى بىكار بولدى، ئاتا ـ ئانامغا
ھەمدەم بولىمەن، مۇئاشىم بىلەن ئۇلارغا
قارىشىمەن دېگەنلىرىم بىر تىيىن بولدى.
پۇلى بار ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى، مەنـ
سەپدارلارنىڭ بالىلىرى ئاران ـ ئاران ئوـ
قۇش پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، شەھەردە قالـ
دي، مەندەك ئاددىي بىر ئىشچىنىڭ باـ

لىسى ناھىيىگە تەقسىم قىلىندىم.

مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ مۇنداق ناھىيىنى كۆرمىگەچكىمۇ ياكى بۇ ناھىيە يېڭى قۇرۇلغاچقىمۇ كۆزۈمگە گوياكى باياۋاندىكى كىچىك بېكەتتەك كۆرۈندى.

شۇ يەردە ئۆزى بىلەن ئۆزى غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئويناپ يۈرگەن قارىمۇتۇق بىر كىچىك بالا ماڭا ھەيران بولغاندەك بىردەم قاراپ تۇردى. مەن ئۇنىڭدىن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ نەدىلىكىنى سورىدىم، ئۇ كەينىگە قاراپ بېقىپ سوئالنى باشقىلاردىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزىدىن سورىغانلىقىمغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن يۈزلىرىدە شات - خوراملىق جىلۋىلەندى، يالاڭئاياغ پۇتلىرى بىلەن پىتىلداپ يۈگۈرۈپ ماڭا يول باشلاپ ماڭدى ۋە پات - پات كەينىگە قاراپ ئاز قالدى دېگەندەك قىلىپ، قولى بىلەن نەلەرنىدۇر كۆرسىتىپ بىر نەرسىلەرنى دەيتتى.

ھەر ھالدا مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ ئاۋۋال ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنى، ئاندىن كېيىن مەن تەقسىم بولغان ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنى تېپىپ باردىم. مەن يول باشلىغۇچىمغا بىر يۈەن پۇلنى تۇتقازدىم، ئۇ بىر يۈەننى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى. ماڭا بىر نېمە دېيدىغاندەك قىلىپ پۇلنى ماڭا تەڭلەپ دۇدۇقلاپ كەتتى.

— خانىم، بۇ...بۇ...

— مەندە پارچە پۇل يوق ئىكەن، ئەتە كەلگىن، مەن ساڭا...

— ياق - ياق، بەك جىق ئىكەن. بۇنى... ئالالمايمەن.

مەن بالىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندىم. بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— رەھمەت ساڭا شاكىچىك، بۇ ھېچقانچە كۆپ ئەمەس، كەمپىت ئېلىپ يېگىن، - دېدىم.

شۇ ئارىلىقتا بىر ئوقۇغۇچى ئۇنى چاقىرىپ قالدى.

— باقى، ھەي قارىۋاي، نېمە قىلىپ تۇرىسەن، جۈر ئۆيگە كېتىمىز.

باقى قارىداپ يېرىلىپ كەتكەن پۇتلىرى بىلەن قىزىق يەرلەردىن توپا توزىتىپ يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. مەن بۇ ئوماق بالىغا مەسلىكىم كېلىپ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم.

بىردەمدە ئەتراپىمدا بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى پەيدا بولدى، ئۇلاردىن بىرىگە باشقىلار مۇدىر - مۇدىر دەپ ھۆرمەت بىلەن پاراڭ قىلاتتى. ئاشۇ مۇدىر ئوچۇق چىراي بىلەن «سىلە، ئۆزلىرى» دېگەندەك ھۆرمەت ئىبارىلىرى بىلەن ماڭا خىتاب قىلدى. مېنىڭ بۇ مەكتەپكە كەلگىنىمگە خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلدى، باشقىلارغا تونۇشتۇردى. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىم ئاياغلىشىپ، ئوقۇتقۇچىلىق دەۋرىم باشلىنىپ كەتتى.

مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پارالېل ئىككىنچى سىنىپىغا ئەدەبىيات دەرسى ۋە تولۇقسىز بىرىنچى يىللىقنىڭ سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتىنى تاپشۇرۇۋالغىنىمغا بىر نەچچە ئاي بولۇپ قالدى. ئەسلىدە يېڭى ئوقۇتقۇچىلارنى سىنىپ مەسئۇلى قىلمايدىكەن. بىراق مەكتەپتە بىر قانچە ئايال ئوقۇتقۇچى تۇغۇتلۇق، بىر نەچچە مۇئەللىم ئاغرىپ دەم ئېلىۋاتقانلىقتىنمۇ بۇ شەرەپ ماڭا مۇيەسسەر بوپتۇ.

مەن دەرسكە پۈتۈن زېھنىم بىلەن تەييارلىناتتىم، بالىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزۈمگە تارتىش ئۈچۈن قىزىقارلىق ۋە جەلپ قىلارلىق ئۇتۇشكە تىرىشاتتىم.

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ بالىلىرى بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتتىم، ئۇلار مېنىڭ لېكسىيەمنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى، «گېپى چۈچۈك خانىم» دەپ ناممۇ چىقاردىم. پەقەت ئۆزۈم سىنىپ مۇدىرى بولغان بەشىنچى سىنىپ بىلەن ئىشىم قاملاشمايتتى. ئەسلىدە كونا مۇئەللىملەرنىڭ دېيىشىچە، ئوقۇغۇچىلار باشقا دەۋرىي مۇئەللىملەردىن قورقمىسىمۇ، سىنىپ مۇدىرىدىن قورقىدىكەن. بىراق بۇلار مەندىن قورقىدىغاندەك قىلمايتتى. دەرس سۆزلىسەم، تازا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك جىم ئولتۇراتتى، لېكىن قوللىرى پارتىنىڭ ئاستىدا، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

قىزلار تور، كەشتە توقۇسا، ئوغۇل بالىلار رەگەتكە ياسايتتى ياكى سىنىپقا كىرىپ، قۇشقاچلارنى ئەكىرىپ قويۇپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىنىپ ئىنتىزامىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولاتتى.

سىنىپتىكى ئەڭ ئالدى پارتىدا — دەل مۇنبەرنىڭ ئالدىدا قارىمۇتۇق بىر بالا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىسمى باقى ئىدى، مەن بۇ ناھىيىگە خىزمەتكە كەلگەندە، ماڭا يول باشلىغۇچى بولغان بالا شۇ ئىدى. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى، مەن دەرس سۆزلىگەندە مەندىن ئۈزۈلمەيتتى. ئۇنىڭ يومىران كالپۇكلىرى خۇددى ماڭا بىرەر گېپى باردەك مىدىرلايتتى. مەن دەرسنى سۆزلەپ بولۇپ، بالىلاردىن «قېنى كىم ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟» دەپ سوئال سورىسام، ئۇمۇ قول كۆتۈرەتتى-دە، شۇنداق ئوماقلىق بىلەن سۆزلەپ كېتەتتى، ماتېماتىكا دەرسلىرىدە دوسكىغا چىقىش پۈرسىتىگە ئىگە بولۇپلا قالسا، ھېساب مەشىقلىرىنى توغرا چىقىراتتى. لېكىن ئۇ ئېغىزچە ئىمتىھانلاردا ياخشى بولغىنى بىلەن، قەغەزچە ئىمتىھانلاردا، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەنلەردىن بېرىلگەن ئىمتىھانلاردا خېتىنىڭ سەتلىكىدىن ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇيالماي تۆۋەن نومۇر قوياتتى. ئۇنىڭ بىرەر دەپتىرىمۇ يوق ئىدى، ئۇنىڭ بىرلا قەلىمى بولۇپ ئۇمۇ ماي قەلەمنىڭ سىياسىنى ياغاچقا بېكىتىپ ئۆزى ياسىۋالغان قەلەم ئىدى. ئىمتىھان ۋاقتىدا باشقىلار بەرگەن بىر ۋاراق قەغەزگە ئۇ ئاشۇ قەلەم بىلەن خەت يازاتتى.

ئۇ ئەقىللىق ئىدى، بىر قېتىم بىز سىنىپتا تەمنات باھالاش ئېلىپ باردۇق، مەن تەجرىبىسىز بولغاچقا، مۇدىرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بالىلارغا ئەڭ تۆۋەن تەمنات تەقسىم قىپتىمەن، بۇ ئىشىم ئۈچۈن مۇدىر مېنى ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىدا «سىنىپنى ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇردى» دەپ ماختىدى. بىراق ئەتىسى سىنىپقا كىرىپ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بايقىدىم. قارىسام، سىنىپتا ئۆيى ناھىيە بازىرىدىكى بىر نەچچە كادىرنىڭ بالىسىدىن باشقا بالا كۆرۈنمەيتتى. كەلمىگەنلەر دېھقان بالىلىرى بولۇپ، تولىسى نامرات ئائىلىلەردىن ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپكە ئاساسەن مەكتەپتىن بېرىلىدىغان تەمنات ۋە كىيىم-كېچەك ئۈچۈن كېلىدىكەن، ئاتا-ئانىلىرىمۇ «بىز جاپا تارتساقمۇ مەيلى، سەن بولساڭمۇ مەكتەپنىڭ تەمناتىغا ئۆتۈپ ئوقۇپ قال» دەپ ئويلايدىكەن. مەن بولسام ھۆكۈمەت بەرگەن تەمناتتىن ئۇلارنى مەھرۇم قىپتىمەن، ئۇلار شۇڭا مەكتەپتىن ۋاز كېچىپ كېتىپ قېلىشىپتۇ. سىنىپتا دېھقان بالىلىرىدىن پەقەت ھېلىقى باقىلا ئولتۇراتتى، مەن باشقىلارنىڭ ئىشىنى شۇنىڭدىن ئېنىقراق ئۇقتۇم. شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ ئىشىم بالا يىغىش بىلەن بولدى. ھەر كۈنى باقىنىڭ يول باشلامچىلىقىدا ئەتراپتىكى كەنت-مە-

ھەللىلەرگە ئوقۇغۇچىلىرىمنى يىغقىلى بارىمەن، بەزى ئاتا-ئانىلار تەمىناتىنىڭ كېيىنى چىقىرىشىدۇ، بەزى ئاتا-ئانىلار «بولدى، بالىمىز ئوقۇمايدۇ، ئاۋارە بولۇپ كېلىپ يۈرمىسىلە» دېيىشىدۇ، بەزى ئۆيلەردىن ئۈمىد بىلەن، بەزى ئۆيلەردىن ئۈمىدسىز قايتىمەن، يېنىمدا يالاڭئاياغ شىپىلداپ باقى بىللە ماڭىدۇ. بەزىدە يوللاردا ئېرىق-ئۆستەڭ ئۇچراپ قالىدۇ، باقىنىڭ ئىشى ئاسان، پۇشقاقنى تۈرۈپ كېچىپلا ئۆتىدۇ. مەنچۇ؟ تۇپلىي، پايپاقلىرىمنى سېلىپ ئاۋارە بولىمەن، ئۇ ئىككىنچى ئاينىڭ باشلىرى بولۇشىغا قارىماي چۈش ۋاقىتلىرى ھاۋا خېلى ئىللىق، بەزى ئېتىزلاردا ئەزالار ئەڭ ئاخىرقى پاختىلىرىنى يىغىشىدۇ، مەن بىر كۈنى باقى بىلەن يىراقتىكى بىر كەنتتىن قايتتۇق. يولدا ئۆتكەندە مېنى «ئىقتىسادچىل بولۇڭ، تەمىناتىنى قىسقارتىڭ، دېھقان خەق دېگەن بار بولسىمۇ يوق دەيدىغان خەق» دېگەن مۇدىرنىڭ، ئەمدى مېنى تەنقىد قىلىشۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، بېشىم قېتىپ، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي يىغلاپ سالدىم.

— خانىم، خانىم، — دېدى باقى مېنىڭ يېڭىمنى تارتىپ. دەررۇ چۆچۈپ يېشىمنى سۈرتتۈم ۋە ئۇنىڭغا «نېمە دەيسەن» دېگەندەك قىيا باقتىم.

— ئاشۇ بالىلار ئەگەر مەكتەپتىن يەنە ئازراق تەمىنات قوشۇپ بەرسە كېلەتتى.

— دېمىسەڭمۇ بىلىمەن، — دېدىم ئاچچىق بىلەن.

— خانىم، بىزنىڭ سىنىپنىڭ تۇتۇپ قالغان تەمىناتىنى بىز بىلەن پاراللېل سىنىپقا تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ.

— ئۇقتۇم.

— ئۇلارنىڭ مۇئەللىمى دىيامانىكەن، تەمىنات يەتمەيدۇ دەپ داۋا قىلىشىۋېرىپ تەمىناتىنى جىق ئاپتۇ. بالىلىرى ھازىر سىنىپتا تولۇق كېلىپ ئوقۇۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ گەپ-سۆزلىرىسىزمۇ ئىچىم ئېچىشىپ تۇراتتى.

— خانىم، خانىم، — دېدى ئۇ يېڭىمنى تارتىپ يەنە، مەن يېڭىمنى سىلكىپ تارتىۋالدىم. لېكىن ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى:

— سىلە بىزنىڭ سىنىپنىڭ تەمىناتىنى ئۆزىمىزگە قايتۇرۇپ بەرمىسە، مەن بالىلارنى ئوقۇتالمايمەن، دېسىلە بولمامدۇ؟

ماۋۇ شۇمنىڭ گېپىنى قارىمامدىغان، راست، دەپ باقسام بولمامدۇ، دېگەن خىيال بېشىمدا كېزىشكە باشلىدى. مەن باقىنىڭ تۇرقىغا قارىدىم. ئۇ ۋىجىككىنە، قارىمۇتۇق تۇرقى بىلەن يەم تاپالماي يىگىلەپ قالغان قارا قۇشقاچقىلا ئوخشايتتى، تېخى قوينىدا قۇشقاچ بالىسىنى ساقلاپ ئاغزىدا يەم بېرىپ باقاتتى. شۇڭا ئۇ سىنىپتا «قارا قۇشقاچ» دېگەن لەقەمگىمۇ ئېرىشكەن ئىدى. ئەمدى بۇنىڭ قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ ماڭا ئەقىل ئۆگەتكىنىنى.

مەكتەپتىن قايتقىچە باقىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق، ئۇ مېنى ئۆيگە كىرىشكە زورلاپ تۇرۇۋالدى، مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىردىم. خۇدايىم، ئەگەر مۇشۇ ئۆي دەپ ئاتىلىدىغان بولسا، ئۆينىڭ سۇپىسىدا بورىمۇ يوق، قېلىن قىلىپ پاخال سېلىنغان، پاخالنىڭ ئۈستىدە بىر نەچچە ياماق كۆرپە، قۇراق تەكىيە تىزىپ قويۇلغان، بىر بۇلۇڭدا چاچاپ، ئۇنىڭدا يوغان تۇزلۇق قاپاق، ئويۇقتا بىر نەچچە ساپال قاچا ۋە ساپال كوزىلار تىزىلغان، مانا مۇشۇ بىر دېھقاننىڭ ئۆيى ئىدى. سۇپىدا ئۈچ

بالا، بۇلار باقىنىڭ ئۇكىلىرى ئىدى.

باقىنىڭ بىر ئاكىسى بولۇپ ياقا يۇرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. دادىسى قازا قىلىپ كېتىپتۇ. بىچارە ئايال تۆت كىچىك بالا بىلەن قېلىپ كېچە-كۈندۈز گۈگۈشىدا ئىشلەيدىكەن. ئەمما ئالغان نومۇرغا دارامەت تەگمىگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ كۈنى بەكمۇ ئېغىر ئىكەن.

مەن سۇپىنىڭ لېۋىگە ئولتۇردۇم. باقىنىڭ ئانىسى بولۇشىغا يىغىقلىق كۆرپىلەردىن بىرىنى سېلىپ مېنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى، ئالدىمغا داستىخان سالدى، ماڭا ساپال تاۋاقتا لىق ئۇماچ ئېلىپ كەلدى. ساپسېرىق كۆممىقوناق ئۇنىدا ئېتىلگەن ئۇماچ، بۇنىڭ ئىچىدە چامغۇر، پىياز، لازا، پۇرچاق، كاۋا قاتارلىق كۆكتاتلار بولۇپ پەقەت گۆش بىلەن مايلا يوق ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ ئاش شۇنداق مەززىلىك ئىدىكى، ئۆمرۈمدە مۇنداق تەملىك ئاشنى ئىچىپ باقمىغان بولسام كېرەك. قورسىقىممۇ ئوبدانلا ئېچىپ قالغانىكەن، بىر چىنە ئۇماچنى قويماي ئىچىۋەتتىم. باقى بولسا ئىككىنچىسىنى پۈۋلەپ سۇمۇرۇشكە باشلىدى. باقىنىڭ ئانىسى مېنىڭ ئاشنى ئىچىپ تۈگەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— رەھمەت سىلىگە خانىم، ئاددىي كۆرمەي بىزنىڭ ئېشىمىزنى يارىتىپ ئىچكەنلىرىگە، — دېدى ئۇ.

مېنىڭ كىلىم بوغۇلغاندەك بولۇپ، كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. بىچارە دېھقانلار ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن ئىشلەپ كۈنى مۇشۇنداق ناچار ئۆتىدۇ، ئاران قازان قاينىتىدىيۇ، يەنە تامىقىنى ئىچكىنىڭگە رەھمەت ئېيتىدۇ.

— ياق، مەن سىلىگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك، بۇ ئاش شۇنداق مەززىلىك بوپتۇ، — دېدىم مەن.

— رەھمەت خانىم، بالامنىڭ بېشىنى سىيلاپ ئەللىك پىرسەنت تاماق پۇلى تەقسىم قىلىپ بېرىپلا، بۇ بىچارە بالا كۆپ ۋاقىتلاردا ناشتىسىزلا مەكتەپكە كېتىدۇ، چۈشتە مەكتەپ بەرگەن تاماقنى يەيدۇ، خۇداغا شۈكرى، شۇ بالا بولسىمۇ ياخشى كۈنگە ئۇلىشىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئېشىنى يېدى.

يۈرىكىم قوقاستا پۈچىلانغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. «مەن نادان، ھاماقەت، — دېدىم ئىچىمدە ئۆزۈمنى ئۆزۈم تىللاپ، — مۇشۇ بىچارىلەرنىڭ رىسقىنى ئىقتىساد قىلىپ مەكتەپنى باي قىلىمەن، دەپ ئويلىغاندىمەنمۇ؟ نېمىشقا بۇلارغا بېرىلگەن تەمىناتنى قىسىپ بۇلارنى شۇنچىلىك قىينىدىم؟

مەن مەكتەپكە قايتىپلا ئىلمىي مۇدىر ئىشخانىسىغا كىردىم ۋە ئەھۋالنى ئېيتتىم. دېھقانلارنىڭ ئائىلىسىدىكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ تەمىناتىنى تارتىۋالساق ئوقۇيالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق سۆزلىدىم.

ئىلمىي مۇدىر مېنىڭ بىر تاغار گەپلىرىمنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بىرلا ئېغىز سۆز بىلەن جاۋاب بەردى:

— تەمىنات يوق، تەقسىم قىلىۋەتتۇق.

— بىزنىڭ سىنىپتىن ئىقتىساد قىلىۋېلىنغان تەمىناتچۇ؟

— باشقا سىنىپلارغا تەقسىم قىلىپ بەردۇق.

— مېنىڭ ئىش بىلمەسلىكىمدىن پايدىلىنىپ سىنىپىمنىڭ تەمىناتىنى قىسىپ، بالىلىرىمنى تېزىتىۋەتتىڭلار. ئەگەر تەمىنات قوشۇپ بەرمىسەڭلار مەن بالىلىرىمنى ئوقۇتالمايمەن، ئۆزۈڭلار قانداق قىلساڭلار قىلىڭلار.

www.uyghurkitap.com



مەن ئالدى ـ ئارقامغا قارىماي چىقىپ
كەتتىم.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئىلمىي مۇدىرمې-
نى چاقىرىپ سىنىپىمىنىڭ تەمىناتىنى ئە-
لىگە كەلتۈرگەنلىكىنى ئۇقتۇردى، مەن خۇ-
شاللىقىمدا خۇددى مەكتەپ بالىسىدەك
سەكرەپ كەتتىم. يۈگۈرۈپ سىنىپقا چى-
قىپ باقىنى چاقىردىم. ئۇ قېشىمغا يۈگۈ-
رۈپ كەلدى، مەن ئۇنىڭغا بالىلارغا تە-
مىناتنى قايتا باھالايدىغانلىقىمىز ھەق-
قىدە خەۋەر قىلىشنى ئېيتتىم. ئۇ شۇ زا-
مانلا چېپىپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى سى-
نىپتا پۈتۈن بالىلار لىق ئولتۇرۇشۇپ
كۆڭۈلۈمنى توق قىلدى.

بالىلارنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ ئائىلە
ئەھۋالىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ، تاماق
تەمىنات باھالاشنى خېلى مۇۋاپىق ئېلىپ
باردىم. باقىغا يۈز پىرسەنت، يەنى تو-
لۇق تاماق، باشقا بالىلارنىڭ ئائىلە ئەھ-
ۋالىغا قاراپ تەمىنات تەقسىم قىلدىم.

× ×

12 ـ ئاي ئاخىرلىشىپ قالدى. مەك-
تەپتە تېخىچە كىيىم باھالاش ئېلىپ بار-
مىدى، مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ قارىشىچە
كىيىمنى قانچە كېيىن تەقسىم قىلسا، ھە-
قىقىي قىيىنچىلىقى بار يالىڭاچ بالىلار
ئايرىلىپ قېلىپ، قالغانلىرى قىشلىق كى-
يىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىشكە مەجبۇر بولى-
دىكەن. بەزى بالىلار دادىلىرىنىڭ يوغان
ئۆتۈكلىرىنى، قىزلار ئانىلىرىنىڭ پاختى-
لىق چاپانلىرىنى كىيىشىپ مەكتەپكە كەل-
گىنى نەۋاق. يوقسۇزچىلىقتىن شۇنداق قى-
لامدۇ ياكى مەكتەپتىن بىر نەرسە ئۈندۈ-
رۈپ ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلامدۇ بىل-
مەيمەن. لېكىن باقىنىڭ كىيىپ ئالغۇدەك
دادىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ كىيىمى يوق.

تىزىغا چۈشكەن جۇلدۇر ـ جۇلدۇر
يېلىڭ چاپان، بىچارە بالىنىڭ ئۇنى ئىككىنچى
ئايدىمۇ پۈتى يالاڭئاياغ، تاپانلىرى
يېرىلغان ھالدا ئەتىگەنلىك تەنتەربىيى-
گە چىقىپ سەپكە تىزىلىدۇ. ئاشۇ ھالدا
مەيداندا يۈگۈرۈپ بىر نەچچە ئايلىنىدۇ.
بىر كۈنى ئۇ توڭۇپ كەتكەنلىكتىن بىر
پۈتىنى غازنىڭكىدەك كۆتۈرۈۋېلىپ سەپتە
تۇرغانىكەن، سىنىپ تۇرمۇش ھەيئىتى
بولغان ئۈزۈنتۇرا نىياز ئۇنىڭ پۈتىغا
دەسسەپتۇ، باقىنىڭ پۇتىدىن تىرىملاپ
قان چىقىپ كېتىپتۇ، بۇ ئىشنى ماڭا باش-
قا بالىلار ئەتىگەنلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا
دەپ بەردى. يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى،
ئاچچىقىمدا سىنىپ تۇرمۇش ھەيئىتى
بولغان بالىنى تىللىۋەتتىم ۋە «ئەتىدىن
باشلاپ باقى تەنتەربىيىگە چىقمايدۇ» دەپ
ئېيتىپ قويدۇم.

كىيىم تېخى باھالانمىدى، يەنە نەچچە
يالاڭئاياغ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئا-
مالسىزلىقتىن بار ـ يوقىنى سېتىپ بالىلى-
رىغا كىيىم قىلىپ بەردى، مەكتەپ رەھ-
بەرلىكى بولسا «ھە، مانا، يوشۇرۇن باي-
لىقلار ئېچىلىشقا باشلىدى» دېيىشتى. مەن
بولسام بىچارە دېھقانلارنىڭ ناھايىتى
تەسلىكتە بالىلىرىغا كىيىم قىلىپ بېرى-
دىغانلىقى، قالغانلىرىنىڭ ئۆيدە تىترەپ
ئولتۇرىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەل-
تۈرۈپ يىغلىغۇدەك بولىمەن.

ئاخىرى باقىغا ئۆزۈمنىڭ كونىراپ
كەتكەن، لېكىن تېخى يىرتىلمىغان بوتى-
يىمنى ۋە پاختىلىق چاپىنىمنى كىيدۈرۈپ
قويدۇم، ئۇنىڭغا ئاياغ، چاپان قىلىپ
بېرەي دېسەم ئارانلا قىرىق ئۈچ يۈەن
سەكسەن پۇڭ مۇئاشىمدىن ئېشىنالمايمەن،
يەنە تېخي كىتاب ـ دەپتىرى يوق با-

لىلارغا دەپتەر ـ قەلەم، كىتاب، ئايدا بىر قېتىم مەكتەپتىن ئاپىرىلىدىغان كىنوغا كىنو بېلەتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا مۇئاشىم يېتىشمەيدۇ، ئاتا ـ ئانام ئۇكىلىرىمغا ياردەم قىلالمايۋاتقان يەردە، نەدە باقىغا كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بەرگىلى بولسۇن؟

باقى بوتىيىمنى دوڭگۇسلاپ يۇرۇپ بىر ھەپتە كىيدى، كېيىن ئاپىسىنىڭ كونىراپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن كۆن ئۆتۈكىنى مايماق دەسسەپ كىيىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۇڭ يېنىدىن ئىشتىنىڭ تىلىدەك پايتىمىسى چىقىپ تۇراتتى، ئۇ مېنى كۆرسە، بىر پۇتىنى كەينىگە تىقىپ ئاۋارە بولاتتى. مەن كۆرمىسكەنگە سالاتتىم.

بەلكىم ئانىسى قىز بالىنىڭ بوتىينى ئوغۇل بالىغا كىيگۈزمەي دېگەندۇ ياكى ئۆتۈكنى ئۇنىڭغا بېرىپ بوتىينى ئۆزۈم كىيەي دېگەندۇ.

ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدا كىيىم باھالىدۇق، باقىغا كىيىم پۇلى ئۈچۈن يىگىرمە يۈەن تەقسىم قىلىپ بەردىم ۋە ماگىزىندىن بىر نەچچە مېتر كۆك خادانى رەخت ۋە ئەستەرلىك رەخت ئېلىپ بېرىپ، «ئاناڭ كىيىم تىكىپ بەرسۇن، ئاپىرىپ بەر» دەپ كۆتەرتىپ قويدۇم، لېكىن باقىنىڭ ئۇچىسىغا يېڭى كىيىم چىقمىدى. يەنىلا شۇ جۇلدۇر كېپەن ھالدا دۇگدىيىپ يۇرۇۋەردى، كېيىن ئۇقسام، بىچارە خوتۇن «خادانى قىممەت باھالىق رەخت ئىكەن، ئۇ بىزگە ئارتۇق كېتىندۇ» دەپ ماگىزىندىن گۈللۈك چىتقا ئالماشتۇرۇپ باقىغا بىر يوتقان تىكىپ بېرىپ قالغىنىنى قىزلىرىغا كىيىم تىكىپ بېرىپتۇ.

مەكتەپتە ئوتۇن ـ كۆمۈر قىس بولۇپ، ياتاقلارغا كۈندۈزى ئوت يېقىلمايتتى، ئاخشىمى بىر قالام ئوتۇن بىلەن بىر سۆۋەت كۆمۈر قالىنىپ ياتاقلار ئازراق ئادەم تۇرغۇدەك ھالغا كېلەتتى، مەكتەپتە ياتىدىغان بالىلار يوتقانلىرىغا كىرىۋېلىپ ئۇرۇق ئەتلىرىنى ئاران ئىسسىتاتتى، باقىنىڭ تۆزۈك يوتقان ـ كۆرپىسىنىڭ يوقلۇقى ئېنىق ئىدى، ئانىسى باقىغا: «كۈندۈز تونۇشاڭ سىنىپتىكى مەشتە ئىسسىنىۋالارسەن، ياكى سەكىلدەپ يۇرۇپ تونۇپمۇ كەتمەسسەن، كېچىنىڭ دىشۋارچىلىقى يامان، يوتقان تىكىپ بېرەي بالام، خانىمىڭ خاپا بولۇپمۇ كەتمەس» دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، باقى ئانىسىنىڭ ئۆتۈكىنى، مېنىڭ جۇيازامىنىڭ ئۇستىگە دادىسىدىن قالغان جۇلداراپ كەتكەن يېلىكچاپىنىنى كىيىپ يۇرۇۋەردى.

يىغلاپ ـ قاقشاپ يۇرۇپ باقىمۇ ئوقۇش پۇتتۇردى، يەتتىنچى سىنىپنى پۇتتۇرۇش مۇراسىمىدا مەن باقىنى ئوقۇش پۇتتۇرگەن ئوقۇغۇچىلار نامىدىن سۆزلەشكە تەييارلىدىم، سۆز تېكىستىنى ئۆزۈم يېزىپ بەردىم، ئۇ نۇتۇق تېكىستىنى زىر ـ زەۋەرىگىچە يادىلاپ ئاپتۇ، چوڭ يىغىندا شۇنداق جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن سۆزلىدىكى، ئۇنى ئاڭلىغان كىشى شېئىر ئوقۇۋاتامدىكىن دەپ قالىدۇ. ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

قولىغا دىپلوم تارقىتىۋاتقاندا ئۇ مېنىڭ قولۇمنى ئىككى قوللاپ تۇتۇۋالدى، ئۇنىڭ قوللىرى نېمىشقىدۇر كەپتەر باچكىسىنىڭ تېنىدەك تىترەيتتى.

كەچقۇرۇن ياتىقىمدا ئولتۇراتتىم، باقى ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆزىنىڭ مونچاقتەك قارا كۆزلىرىنى پارقىراتقانچە قارىدى.

— ياتاققا كىر! ـ دېدىم مەن.

ئۇ بىر نەچچە ساۋاقداشى بىلەن يا-
تاققا كىرىپ كەلدى، باقىنىڭ قولىدا تال-
دىن توقۇلغان بىر قەپەز، ئۇنىڭ ئىچىدە
ئۆزى پارتىغا سولاپ باقىدىغان قاراقۇش-
قاچ توكۇلداپ دان چوقۇپ تۇرۇپتۇ.
قارا قۇشقاچ يالاڭئايا ياغ، قارا كۆزلۈك،
قارامۇتۇق ۋىجىككىنە باقىغا زەپىمۇ ئىخ-
شايتتى، بالىلارمۇ ئۇنىڭغا «قارا قۇشقاچ»
دېگەن لەقەمنى بىكار قويمىغانىكەن.

باقى گەپ قىلماي قەپەزنى دېرىزىگە
قويۇپ قويدى، بۇ سۆيۈملۈك ئەقىللىق
بالا داشۆگىچە ئوقۇيالىسا نېمە دېگەن ياخ-
شى بولاتتى. بىراق ئامال يوق، مەدەنى-
يەت ئىنقىلابى باشلىنىپ تولۇق ۋە تو-
لۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ھەم-
مىسى يېزىغا قايتتى.

بىچارە باقى قانداق قىلار، يېزىغا بې-
رىپ كەتمەن چېپىپ ئانىسى بىلەن ئۇ-
كىلىرىنى باقالارمۇ، ئۈچ يىلدىن بېرى بۇ
بەڭباشلارنىڭ تالاي دەردىنى تارتتىم.
مۇشۇلارنىڭ دەستىدىن گاھىدا مەكتەپتىن
تەنقىدمۇ ئىشىتتىم، ھېلى بىرسى ئازراق
خۇش قىلسا، ھېلى بىرسى خاپا قىلى-
ۋاتقان، شۇنداق بولسىمۇ بۇ-
لارغا ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن،
ئەمدى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ بۇ ئۇچۇرما
قۇشلار ئۇۋىسىغا قايتاي دېگەندە ئايرىل-
ماق تەس بولدى.

بىر قانچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. مەدە-
نىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرىدا مەن ئائى-
لە مۇناسىۋىتى بىلەن $H$ شەھىرىگە بې-
رىپ بىر بازار كۈنى دوغاپچىلار قاتارىدا
دوغاپ سېتىۋاتقان باقىنى كۆرۈپ قالدىم.
ئۇ خېلى سەمرىپ يوغانلا يىگىت بولۇپ
قاپتۇ. ئۈستى-بېشىمۇ يامان ئەمەس، مې-
نى كۆرۈپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي كەت-

تى ۋە مۇزنى قار ئۇچقۇنلىرىدەك ئۇششاق-
لاپ، قايماق، قېتىق ئارىلاشتۇرۇپ بىر
چىنە دوغاپ ئېتىپ بەردى. $H$ شەھەرلىك-
لەر بۇنداق دوغاپنى قادا دېيىشىدۇ. بۇ-
نى شۇ يەردىن باشقا شەھەردە ئۇچرىتال-
مايسەن. بۇ يەرلىك دوغاپچىلارنىڭ مۇز-
نى قىرىدىغان ھەرە چىشلىق ئالاھىدە بىر
سايمىنى بار. ئۇنىڭ بىلەن مۇزنى قىرى-
دىغان بولسا قار ئۇچقۇنلىرىدەك ئۇچقۇن-
لاپ چۈشىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا شىرنە يا-
كى قېتىق، قايماق ئارىلاشتۇرۇپ قادا دەپ
ئاتىلىدىغان جانغا راھەت ئىچىملىكنى
تەييارلايدۇ.

باقى ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىر چىنە قادۇسى
بىلەن مېنىڭ ئۇسسۇزلۇقىمنى، توغرىرا-
قى مېنىڭ غەملىرىمنى تارقاتتى. ئىشقى-
لىپ، مېنىڭ بۇ بىچارە ئوقۇغۇچۇم تۇرمۇش
قاينىمىدا بىر كىشىلىك ئورۇن تېپىپ
جېنىنى جان ئېتىپ قالغانىدى.

مەن ئۇنىڭ ئانىسى، سىڭىللىرىنى سو-
رىدىم. ئانىسى قازا قىلىپتۇ، سىڭىللىرى-
نى ئەرگە بېرىۋېتىپتۇ. ئۆزى ئاكىسىغا
ئەگىشىپ $H$ شەھىرىگە كېلىپ ئوقەت قى-
لىشقا كىرىشىپتۇ. ھال كۈنى يامان ئە-
مەس ئىكەن. ھازىرچە ئاكىسىنىڭ ئۆيى-
دە تۇرۇۋېتىپتۇ.

× ×

يېقىندا بىر نەچچە ئوقۇغۇچۇم (ھازىر
ئۇلار ھەر ساھەنىڭ مەسئۇللىرى) ئۆرۈم-
چىگە يىغىنغا چىقىپ مېنىڭ ئۆيۈمگە كې-
لىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سىياسىي كې-
ڭەشنىڭ يىغىنىغا قاتناشقىلى كەلگەن بىر
سودىگەرمۇ بار ئىكەن. ئۇلار بىلەن ئو-
قۇغۇچىلىرىمنىڭ قايسىسى قەيەردە، نېمە
ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى توغرى-
سىدا پاراڭغا چۈشتۇق. گەپ ئارىسىداھې-

لىقى سودىگەر گەپ باشلاپ قالىدى.

ــ خانىم، باقى ئەسلىرىدە بارمۇ؟

ــ باقى، ھېلىقى قارا قۇشقاچمۇ؟

ــ ھە، ھە، شۇ قارا قۇشقاچ، ئــۇ ئۆ-
لۈپ كەتتى.

ــ نېمە، ئۆلۈپ كەتتى؟- مــەن قۇلــ
قىمغا ئىشەنمىدىم.

ــ نېمە دېدىڭ، باقىنى ئۆلۈپ كەتتى
دېدىڭمۇ؟ - دېدىم مەن ئەرۋاھىم ئۇچقان
ھالدا.

ــ راست، خانىم.

ــ نېمە بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ؟ - دې-
دىم مەن يۈرىكىم ئېچىشىپ.

ــ ئۇ كۈۋاڭجۇدا ئاشــخانا ئېچىپ قالــ
تىس بېيىپ كەتكەنــىدى. بــىر قېتىملىق
جەڭگە - جېدەلدە ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئۆز
ئارا پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ پىــ
چاق تەگمىگەن يېرى قالماپتۇ.

ــ ھەي بىچارە، نېمىشقا مۇشتلاشقا ئاــ
رىلاشقاندۇ؟

ــ ھەي خانىم، يۇرتۋازلىقنىڭ كاساــ
پىتى بولمامدۇ.

ئىچىمدىن ھەسرەتلىك بىــر نېدا چىقــ
تى: «ئاھ، باقى! قارا قۇشقىچىم، تــولىمۇ
جاپا بىلەن ئوقۇغان ھەم تەستە كۈنۈگىنى
كۆن ئەتكەنىدىڭ. ‹يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشــ
قا تەگكەندە بۇرنى قاناپتۇ› دېــگەندەك،
ئەمدى ئۇستۇڭ يېپىلغۇدەك كــىيىم، قورــ
سىقىڭ تويغۇدەك نانغا ئېرىشكەن. ئۆيــ
ئوچاقلىق، بالا - چاقىلىق بولۇپ قاتارــ
غا قېتىلىپ قالغانىدىڭ؟ لــەنەت تەگكۈر
يۇرتۋازلىق سېنىڭ جېنىڭغا زامىن بولۇپــ
تۇ. ئاھ، مىللەتنىڭ جېنىغا تىگىلگەن بۇ
ئىللەت قاچان تۈگەر، قــاچــان خەلق ناــ
دانلىقتىن قۇتۇلار».

كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى، يۈرىكىمــ
گە بىرسى نەشتەر تىققاندەك ئاغرىق كىرــ
دى. كۆز ئالدىمغا باقىنىڭ مۇنــبەرنىڭ
ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ دەم ماــ
گا، دەم قوينىدىكى قۇشقىچىغا قاراپ قوــ
يۇپ ئولتۇرغىنى كېلىۋالدى. ئۇ مۇشۇ قاــ
را قۇشقاچ تۈپەيلى قانچە قېتىم مۇئەلــ
لىملەردىن دەشنام ئىشتىپ سىنىپتىن ھەيــ
دەپ چىقىرىلغانىدى. بــەزى مۇئەللىملەر
ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنىمۇ سوزۇشقانىدى.

ھەي، ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەر يىلى ئوقۇــ
تىدىغان بالىلىرى كۆپ بولغاچقىمۇ كۆپــ
لىرىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ كېتىدىكەن. بىر
بولسا ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىنى، بىر بولــ
سا ئەڭ كەپسىز ئوقۇغۇچىنى مەڭگۈ ئۇنــ
تۇپ قالمايدىكەن. ئوقۇغۇچــى بولسا ئۆز
ئوقۇتقۇچىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدىــ
كەن. ئوقۇتقۇچى ئۆز ئوقۇغۇچىسىنى خۇدــ
دى ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا يۈرگەن ۋاقتىدىــ
كىدەك كىچىك، سەبىي چاغلايدىكەن. يىلــ
لار ئۆتۈپ ساقال سۇمباتلىــق ئادەم بوــ
لۇپ ئالدىڭدا پەيدا بولــسا تونۇيالماي
قالىدىكەن.

مەنمۇ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلىرىمنى ھازىر
كۆرسەم تونۇيالماسلىقىم مۇمكىن، بەزىــ
لىرىنىڭ ئىسمىمۇ يادىمدىن كــۆتۈرۈلۈپ
كەتتى. پەقەت مۇشۇ باقىلا ئېسىمدىن چىقــ
مايدۇ، ئۇنىڭ ئۆلگىنىگىمۇ ئىشەنگۈم كەلــ
مەيدۇ. ياز مەزگىللىرىدە تال-سۆگەتلەرــ
گە قونۇۋېلىپ سايراۋاتقان قارا قۇشقاچــ
نى كۆرسەم باقى ئېسىمگە كېلىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن نىياز

دىلبەر ھامۇت

# بىتەلەي قىز

(ھېكايە)

قەدىرلىك دوستۇم!

سەن ئازاب ئىچىدە ئىڭراۋاتىسەن، پۇشايمان ئىلكىدە تولغىنىۋاتىسەن، ھەسرەت ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتىسەن، ھايات ـ ماماتلىق بوسۇغىسىدا جان تالىشىۋاتىسەن، سېنى مۇدھىش قاراڭغۇلۇق ئۆز قوينىغا چىللاۋاتىدۇ، سەن بولساڭ يورۇقلۇققا ئىنتىلىۋاتىسەن. سېنىڭ كۆزلىرىڭنى دەردلىك ياشلار ئورىۋالدى. شۇڭا ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيۋاتىسەن. لېكىن يەنىلا بەرداشلىق بېرىۋاتىسەن، نېمىگىدۇ تەلمۈرىۋاتىسەن، نېمىدىنىدۇ ئۈمىد كۈتۈۋاتىسەن...

بىز سېنىڭ ھالىڭغا قاراپ ئېچىنىۋاتىمىز، ساڭا ئوخشاشلا ئازابلىنىۋاتىمىز، سەن ئۈچۈن يىغلاۋاتىمىز، قايغۇرىۋاتىمىز، ساڭا ئىشەنچ ـ جاسارەت تىلەۋاتىمىز، ئۆتكەن كۈنلەرنى تېزرەك ئۇنتۇپ كېتىشىڭنى، بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق ئۇنتۇپ كېتىشىڭنى ئۈمىد قىلىۋاتىمىز...

دوستۇم، سەن بۇ دۇنياغا نۆرلىپ، ھېچقانچە خۇشلۇق كۆرمىدىڭ. سەن ئەسلىدە ئاناڭنىڭ ئۆز بالىسى، يۈرەك پارىسى ئىدىڭ. ئاناڭنىڭ يالقۇنلۇق سۆيگۈ مۇھەببىتىنىڭ جەۋھىرى ئىدىڭ. ھالبۇكى، ئاناڭ قىلچە ئىككىلەنمەي، سېنى ئۆز قولى بىلەن يېتىملىك بوسۇغىسىغا ئىتتەردى. ئۇ سېنى داداڭغا تاشلاپ بەردى. ئۆزى بولسا باشقا بىر ئەرنىڭ ئارقىدىن كەتتى. سېنى تا بۈگۈنگە قەدەر ئىزدەپ باقمىدى، سېنى ئانىلىق مېھرى ـ مۇھەببىتىدىن بۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى.

ئاناڭ ساڭا قىلغان ۋاپاسىزلىقنى داداڭ قىلمىدى. ئۇ ساڭا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ئاتىلىق مېھرىنى بېغىشلىدى، سېنى ياخشى كۆردى، پەپىلەپ ئاسرىدى. بىراق، ئائىلىدە ئۆگەي ئاناڭ پەيدا بولغان كۈندىن ئېتىبارەن، سەن يەنە تاشلاندۇق بالىغا ئايلىنىپ قالدىڭ. ئۆگەي ئاناڭ سېنى خورلىدى، داداڭنىڭ ئالدىدا گۇناھكار قىلىپ كۆرسەتتى. داداڭ ساڭا بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئەمما، ئۆز ئاناڭنىڭ شەپقەتسىزلىكى داداڭنىڭ تىلىنى بوغدى. ئۇ ئۆگەي ئاناڭ بىلەن تەڭ تۇرالمىدى. نەتىجىدە، سەن ئازاب، ئاھانەت، خورلۇق ئىلكىدە ئۆستۈڭ...

دوستۇم، سەن بالىلىق دەۋرىڭدىن تارتىپلا خىيالچان، ھېسسىياتچان قىز ئىدىڭ. زېھنىڭ بەكمۇ ئۆتكۈر ئىدى، قولۇڭدىن كىتاب چۈشمەيتتى، ساڭا پەقەت كىتابلا ئەڭ ياخشى سىرداش بولالايتتى، سەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭگە تەسەللىي تاپاتتىڭ، سىنىپتا ئۆگىنىشتە ھېچكىم سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتەلمەيتتى. ھالبۇكى، تەقدىر يەنە بىر قېتىم سېنى خار قىلدى، سەن نېمىشقىدۇر، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىڭ. سېنىڭ ئەڭ گۈزەل ئارزۇيۇڭ بەربات بولدى. ئۆگەي ئاناڭ سېنىڭ قايتا ئىمتىھان بېرىشىڭگە يول قويمايتتى. ئۇنىڭسىزمۇ تاپا ـ تەنىگە تويۇپ

كەتكەنىدىڭ، شۇڭا ئادەتتىكى تېخنىكۇملارنىڭ بىرىدە ئوقۇدۇڭ. ئوقۇشنىمۇ ياخشى ئوقۇدۇڭ، ئەمما، خىزمەت تەقسىماتىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. سەن ياش ئىدىڭ، ئۈمىدۋار ئىدىڭ، ئەڭ مۇھىمى، ساڭا ئازراقمۇ مېھرى بولمىغان ئۆگەي ئاناڭدىن يىراقتا تۇرغىنىڭغا كۆڭلۈڭ خۇش ئىدى. شۇڭا بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلدىڭ، كۈنلىرىڭ ئەمدى تىل ئۆگىنىش، ماقالە يېزىش، كىتاب كۆرۈش، دەرس تەييارلاش بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى...

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتتى. سېنىڭ تۇرمۇشۇڭغا بىر قارا سايە ئەگىشىپ كىردى. دەسلەپ پەرۋا قىلمىدىڭ، كېيىن ئۆزۈڭنى قاچۇردۇڭ. ئەمما، سەن قاچقانسېرى ئۇ سېنى قوغلىدى، سەن تىللىغانسېرى، ئۇ ساڭا تېخىمۇ چىڭ يېپىشتى، سەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قالدىڭ. سېنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساددىلىقىڭ ئۆزۈڭگە بالا بولدى. سەن ئىش كۆرمىگەن قىز ئىدىڭ، دىلىڭ سۇنۇق بولغاچقا، كۆڭلۈڭگە ئازار بەرمەيدىغان ياۋاش، سەممىي يىگىتلەرگە ئېرىشىشنى خالايتتىڭ. ئەمما، سېنىڭ قەلبىڭدىن ئورۇن ئالغۇچى — ئۇچىغا چىققان ئالىقاپ، شاللاق بىر ئىنسان بولدى. سەن ئۇنىڭ بېزەڭلىكىنى ماڭا بولغان مۇھەببەت دەپ چۈشەندىڭ، ئۇنىڭ شېرىن سۆزلىرى، كاززاپلىقى سېنى مەست قىلدى. چۈنكى، سەن ئۆز ئۆمرۈڭدە يەتكۈچە خورلۇق تارتقان، ئۇ قىلغان چىرايلىق، تاتلىق گەپلەرنى سەن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانىدىڭ، سېنىڭ مىسكىن كۆڭلۈڭ ئۇنىڭ بىلەن تەسەللىي تاپتى، سەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولدۇڭ. ھالبۇكى، تەقدىر ساڭا يەنە بىر قېتىم تەتۈر قارىدى.

قىشنىڭ سوغۇق كېچىلىرىنىڭ بىرى، ئۇ مەست بولۇۋېلىپ ياتىقىڭدىن كەتكىلى ئۇنىمىدى. شۇ كېچە، ئۇ يېنىڭدا قونۇپ قالدى. سەن يىغلىدىڭ، قاقشىدىڭ، پۇشايمان قىلدىڭ، قارشىلىق كۆرسەتتىڭ، ئەمما قارشىلىقىڭ بەكمۇ ئاجىز، چارىسىز قارشىلىق ئىدى...

ئەتىسىدىن باشلاپ چوڭراق چامداپمۇ ماڭالمىدىڭ، خۇددى ئاخشامقى سەتچىلىكنى باشقىلار كۆرۈپ قالغاندەك كىملا ئۇچرىسۇن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ يۈردۈڭ، گېپىڭدىن ئازىدىغان، باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەندە، سەۋەبسىز لاقىزىرىپ كېتىدىغان، ئوقۇغۇچىلىرىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى گۇناھكار ھېس قىلىدىغان بولدۇڭ، سەن ئۆزۈڭدىن نومۇس قىلاتتىڭ، ئالدىڭدا گۇۋاھچى تۇرغاندەك بېشىڭنى كۆتۈرەلمەيتتىڭ. قىسقىسى، سەن ناھايىتى بىچارە بولۇپ قالغانىدىڭ. سېنىڭ قانۇنسىز ئېرىڭ بۇ قورقۇنچاقلىقىڭدىن، ئاجىزلىقىڭدىن پايدىلاندى. سەن قارشىلىق كۆرسەتكەن ھامان سېنى ئاشكارىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قورقۇتتى، سەن بۇ ئىشنى نە تەشكىلگە ئېيتىپ ياردەم سوراشنى، نە دوستلىرىڭغا ئېيتىشنى بىلەلمىدىڭ. ساڭا ياردەم قىلىدىغان، سېنىڭ كەيپىياتىڭدىكى، چىرايىڭدىكى ئۆزگىرىشنى كۆزىتىپ، سېنى ئاگاھلاندۇرىدىغان ئاناڭ ياكى بىرەر تۇغقىنىڭ يوق ئىدى. داداڭغا بولسا بۇ گەپلەرنى ئېيتقىلى بولمايتتى. ئۆزۈڭ ئىش ئۇقمايتتىڭ، شۇڭا سەن ئۇنىڭ ئەتىۋارى يوق ئاشنىسىغا ئايلىنىپ قالدىڭ. ئۇ خالىسا سېنىڭ يېنىڭدا كېچىلەپ قونۇپ قالىدىغان، خالىمىسا، خاتىرجەم چىقىپ كېتىدىغان بولدى...

ئۇ، شەھەردىكى ئابرويلۇق بىر زاتنىڭ ئوغلى ئىدى. ئوقۇش ھاياتىدا، تولا ھاراق ئىچىپ تەشكىلسىزلىك قىلغانلىقى،

www.uyghurkitap.com

ئۇدا نەچچە يىل سىنىپ كۆچەلمىگەنلىكى
ئۈچۈن مەكتەپتىن ھەيدەلگەنىدى. دادى-
سىنىڭ يۈزى ئۇنى سەن بىلەن بىر مەك-
تەپتە ئىشلەش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ
ساڭا ئوخشىمايتتى. گېپىمۇ، يۈرىكىمۇ چوڭ
ئىدى. شۇڭا سېنى نەچچە ئاي خالىغانچە
دەپسەندە قىلدى، سېنى قان يىغلاتتى، يە-
نە تېخى سېنىڭ كۆزۈڭچىلا باشقا قىزلارغا
تەلەپ قويۇپ، كىنوخانىلاردا، بۇلۇڭ -
پۇشقاقلاردا سۆرىشىپ يۈردى.
سەن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان ئىش ئاخىر
يۈز بەردى. سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلار
باشقىلاردا ئالىلىقاچان گۇمان
قوزغىغانىدى. ئۇ نومۇسسىز بۇنى
ئىسپاتلاپ قويدى. ئۇ سېنى قىلى-
چە ئويلىمىدى، سەندەك چىرايلىق
بىر قىزنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى، يەنە كې-
لىپ ئويۇنچۇق قاتارىدا بوزەك قىلغانلىقى
بىلەن ماختاندى. دېمەك، سەن ئاتقاچىق-
تىڭ، تەشكىلنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭ تۆكۈل-
دى. ئۆزۈڭنى تەكشۈردۈڭ، ھەممە يلەن سې-
نى ئەيىبلىدى، تىللىدى. مەكتەپ رەھ-
بەرلىرى مۇزاكىرىلەشتى، ئۇلار بۇ سەتچى-
لىكنى توي ئارقىلىق يۇغۇشتۇرماقچى بول-
دى. ئاخىرى سىلەرنىڭ تويۇڭلار بولدى،
سەن بۇ توينىڭ ھەتتاكى قانداق توي
ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالدىڭ، شۇ كۈنى
چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىكى بارى يوق
ئونبىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەممىسى يىغىلدى،
ئۇلار ئۆزۈنغىچە سىلەرنىڭ بولۇپمۇ سې-
نىڭ ئەخلاقسىزلىقىڭنى ئەيىبلىدى. ئان-
دىن جوزىلارغا گازىر - پۇرچاق تىزدى.
شۇ چاغدا مەكتەپ مۇدىرى ئالدىڭلارغا
كېلىپ:
— سىلەرنىڭ ئىناۋىتىڭلارنى قوغداش
يۈزىسىدىن بۇ ئىشنى قىلدۇق، بۈگۈندىن
باشلاپ ئىككىڭلار قانۇنلۇق ئەر - خوتۇن
بولىسىلەر ، - دېدى.
سەن يا يىغلىشىڭنى، يا كۈلۈشۈڭنى بى-
لەلمەي قالدىڭ. شۇ چاغدا سەن ھېچنې-
مىنى ئويلىيالمايتتىڭ، خىزمەتداشلىرىڭ-
نىڭ يۈز تۇرانە ئەيىبلەشلىرى، ئۇزاقتىن
بېرى تارتىۋاتقان روھىي ۋە جىسمانىي
جەھەتتىكى ئازابلار سېنى تۈگەشتۈرۈۋەت-
كەنىدى. سەن توي خېتىگە قارىغىنىڭچە
قېتىپلا تۇرۇپ قالدىڭ، ئۇ بولسا خىيا-
لىغا كىرىپ چىقمىغاندەك ئولتۇراتتى،
سىلەرگە بىر ئۆي ئاجرىتىپ بېرىلگەنى-
دى. سەن ئۇ ئۆيگە كىرگەندىلا، ئاندىن
ھوشۇڭنى تاپقاندەك بولدۇڭ. سەن ئىك-
كىڭلارنىڭ يوتقان - كۆرپىسىدىن باشقا
ھېچنەرسە بولمىغان بۇ قاراڭغۇ ئۆيدە
تۇنجى توي كېچىسىنى ئۆتكۈزۈش ئالدى-
دا تۇراتتىڭ.
ئەجىبا، توي دېگەن مۇشۇمۇ؟ سەن ئار-
زۇ قىلغان، سەن تەلپۈنگەن، كېچىلىرى
چۈشلىرىڭدە كۆرگەن كۆڭۈللۈك ئائىلە مۇ-
شۇمۇ؟! بۇ تويغا كىم ماقۇل بولدى؟كىم-
گە باغاق تارقىتىلدى، كىم باش بولدى!
داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى، گۈلدەك
ياسانغان كېلىنچەك، پايىپېتەك بولۇپ
ئىشلەۋاتقان دوستلار، شوخ مۇزىكا، ناغ-
را - سۇنايلارنىڭ، كۈلكە - چاقچاقلار-
نىڭ ئاۋازى، تەقەززا بولۇپ كۈتۈپ تۇر-
غان يىگىت ، تويلۇق كىيىم - كېچەك،
سوۋغاتلار، ئېسىل جاھازىلار بىلەن بې-
زەلگەن ھوجرا...ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھېچ-
قايسىسى يوق. ئالدىڭدا تۇرغىنى، كۆزلى-
رىدىن شەھۋانىلىق يېغىپ تۇرغان بىر ئەر.
سېنىڭ كۆڭلۈڭ بۇزۇلدى، شۇ مىنۇتتا،
سەن ئۆزۈڭنىڭ زادى نېمىدىن ئايرىل-
غانلىقىڭنى... ئۆز ھاياتىڭدا، كەچۈرگۈ-

سىز خاتالىق سادىر قىلغانلىقىڭىزنى چۈ-
شەندىڭ. سەن بۇ يەردىن قېچىپ كېتىش-
نى، يىراق يەرلەرگە ــ ۋاپاسىزلار بول-
مىغان، ئادەمنى ئالدىيالمايدىغان،
بوزەك قىلالمايدىغان بەكمۇ يىراق يەر-
لەرگە قېچىپ كېتىشنى ئويلىدىڭ... ئەم-
ما، مۇمكىن بولمىدى. سەن ئۆز قەدرى -
قىممىتىڭنى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان كۈن-
دىن تارتىپلا يوقاتقانىدىڭ، ئەمەلىيەتتە،
ئۇ قىزلارنى قەدىرلەشنى، ھۆرمەتلەشنى
بىلمەيتتى، مەيلى قانداق يول بىلەن
بولمىسۇن، باشقىلارنى بۇلغاشنىلا ئوي-
لايتتى. شۇ ئاخشىمى، ئاراڭلاردا مۇنداق
بىر سۆھبەت بولۇپ ئۆتتى:

ــ مەن سەن بىلەن ئۆي تۇتالمايمەن،
سەن بەك ئەخمەق، ساددا قىز. مەن ئىش
ئۇقمايدىغان قىزلارنى ياقتۇرمايمەن، دا-
دام، ئاناممۇ سېنى كېلىن قىلمايدۇ، ئىك-
كىمىز تېزراق ئاجرىشىپ كېتەيلى.

بۇ سۆزلەر يۈرىكىڭگە نەشتەردەك سان-
جىلدى. ئۇنىڭسىزمۇ سېنىڭ دەردىڭ ئاز
ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق دەيدى-
غانلىقىنى، ساڭا زادىلا ۋاپا قىلمايدىغان-
لىقىنى بىلىپ تۇرساڭمۇ، سەن قەلبىڭنىڭ
چوڭقۇر يەرلىرىدە يەنىلا ئۇنى ياخشى كۆ-
رەتتىڭ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى خالىماي-
تتىڭ.

ــ سەن ماڭا بۇنداق يۈزسىزلىك قىل-
مىغىن. ئىلگىرىكى قەسەملىرىڭنى، يىغلاپ
يېلىنغانلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ مەن
سەندىن خېتىمنى ئالمايمەن.

ــ بەرىبىر مەن سېنى ئۆز ئايالىم دەپ
قارىمايمەن. سەن ئالىلقاچان بۇزۇلغان،
ئارىمىزدا پەردىشەپمۇ قالمىدى. بۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۆي تۇتالىشىمىز تەس. مەن
ئۆزۈم قورقىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان قىز-
لار بىلەن توي قىلىمەن.

ــ پەردىشەپنى بۇزغان كىم؟ ئۆزۈڭ
ئەمەسمۇ؟ - سېنىڭ ھەسرەتلىك ياشلى-
رىڭ يامغۇردەك تۆكۈلدى. ئەمما، سەن
ئۇ نائىنسابنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالالمى-
دىڭ. سەن ئاجىز ئىدىڭ، ئۆز ھېسسىيا-
تىڭ ئالدىدا بەكمۇ ئاجىز ئىدىڭ. ئۇ
بولسا پەرۋاسىز ھالدا تولىمۇ يۈزسىزلىك
بىلەن:

ــ ئوغۇللارنىڭ كۆپ قىسمى مەندەك
ئارزۇدا بولىدۇ، سەن قىز بالا بولغاندىن
كېيىن رەت قىلىشىڭ كېرەك ئىدى،ــدېدى.

سېنىڭ توي كېچەڭ ئاشۇنداق ئۆتتى.
سەن ئەمدى ھەممىدىن ئايرىلغانىدىڭ،
داداڭ سېنى «قىزىم» دېيىشتىن نومۇس
قىلاتتى. ئۆگەي ئاناڭ سېنى ئۆيدىن قوغ-
لىۋەتكەنىدى. قېيىن ئانا ،قېيىن ئاتىلىرىڭ
سېنى ئۆيگىمۇ دەسسەتمىگەن، بىرەر
قېتىم چىرايىڭنى كۆرۈپ قويۇشنىمۇ خا-
لىمىغانىدى. بىز سېنىڭ توي قىلغانلى-
قىڭنى، بۇ توينىڭ قانداق توي بولغان-
لىقىنى ئاڭلىدۇق. بىز ساڭا ئېچىندۇق،
سەن ئۈچۈن ئەپسۇسلاندۇق، ھەتتا يول-
دىشىڭنى تۇسۇپ كۆپ نەسىھەت قىلدۇق،
ئەپسۇسكى، ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى
ئەڭ يۈزسىز، ئەڭ مۇناپىق ئىنسان ئى-
دى. ئۇ ساڭا نېمە دېگەن بولسا، بىزگى-
مۇ شۇنداق دېدى. باشقا بىرەرسىمىز بول-
ساق، ئۇنىڭدىن ئالىلقاچان ۋاز كەچكەن،
ئۇنىڭغا تۈكۈرگەن بولاتتۇق. ئەمما، بۇ
ساختا مۇھەببەت سېنى سارالڭ قىلغانىكەن.
سەن ئۇنىڭدىن كېچەلمىدىڭ، ئۇ دېگىنى-
نى قىلدى. سېنى كۈنلەپ، ھەپتىلەپ يال-
غۇز تاشلىۋەتتى، خالىغانچە دەسسەپ چەي-
لىدى، ئاغزىغا كەلگەنچە ھاقارەتلىدى،
ھەتتا ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى. سەن

چىدىدىڭ، ھەممىنى كۆتەردىڭ، ھەممىگە بويسۇندۇڭ. ئۇ بارغانسېرى ھەددىدىن ئاشتى.

ئاقىۋەت، سېنىڭ تۇتقان ئۆيۈڭگە باشقا بىرسىنى باشلاپ ئەكىردى ۋە كۆزۈڭچىلا چاقچاق قىلدى. شۇ چاغدا سەن چىدىيالماي قالدىڭ. ئۆزۈڭگىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ نەپرەتلەندىڭ. شۇكۈنى سەن ئۇنىڭغا پىچاق تىقتىڭ . ئۇ ئۆلمىگەن بولسىمۇ ، ئەيىبناق بولۇپ ساقايدى . بۇ قېتىم قانۇن سېنى قوغدىدى . دوستلىرىڭ، ئۇستازلىرىڭ سېنى ئاقلاپ چىقتى . ئۇ سېنىڭ پاك جىسمىڭنى، نازۇك، مىسكىن قەلبىڭنى زېدە قىلغانىدى . ئۆزىمۇ ئۆمۈر بويى يادىدىن چىقمىغۇدەك ئاچچىق ساۋاقنى ئېرىشتى …

سەن ئاخىر غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندىڭ ، بىز سەن ئۈچۈن خۇشاللاندۇق. سەن ئاجراشقاندىن كېيىن مەن سېنى يوقلاپ باردىم. سېنى كۆرۈپلا، ئۆزۈڭنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتىڭ ، مەنمۇ ئۆزۈمنى باسالمىدىم…


سېنىڭ چىرايىڭ سارغىيىپ، كۆزلىرىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى . بىر قاراشقا نەچچە ياش چوڭىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتىڭ ، خاپىلىق سېنى تۈگەشتۈرۈۋەتكەنىدى. سېنىڭ سۆزلىرىڭدىن ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . ساڭا قاراپ يۈرىكىم ئېزىلدى. بىچارە دوستۇم، سەن ئۆزۈڭنى شۇنچىۋىلا تاشلىۋېتەرسەنمۇ؟ مۇھەببەت سەۋداسى سېنى مۇشۇنچە ۋەيران قىلدىمۇ !؟ ئەجەبا دوستۇم سېنىڭ بىرەر يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە، ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىشتىن باشقا ئارزۇيۇڭ يوقمىتى !؟ سەن شۇنچە چىداملىق، غايىلىك قىز ئىدىڭغۇ ؟ سەن كىتابلارنى جېنىڭدىن ئەزىز كۆرەتتىڭغۇ !؟…

قەدىرلىك دوستۇم ، سېنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىڭدا نۇرغۇن كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بەردى . دەرۋەقە ، ھەممە دەرد ـ ئەلەم، ھەممە خاپىلىق ساڭا كەلدى. بىراق، شۇنى ئۇنتۇپ قالمىغىن ، ھايات مەنتىقىسى ئاتا قىلغان تىرىكچىلىك يولىدا يىقىلىش ـ قوپۇش، ھەتتا ئۆلۈشلەر بولىدۇ. سەن پەقەتلا يىقىلىپ چۈشتۈڭ. يىقىلغانىكەنسەن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئورنۇڭدىن تۇرۇشۇڭ كېرەك . سېنىڭ ئۆلۈمنى كۈتۈپ جىمجىت يېتىشىڭغا ، تەگرى ئاتا قىلغان ئاشۇ قىسقىغىنا، قىممەتلىك ھاياتنى سۆيمەسلىككە ، كۈنلىرىڭنى يىغا ـ زارە ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە ھەققىڭ يوق، ئالدىغا تاشلانمىغان بىر قەدەم كىشىنى جەزمەن ئارقىغا چېكىندۈرىدۇ. ئارقىغا چېكىنىش ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۆلۈمدىن بىشارەت بېرىدۇ. سەن ئۆز ئارزۇيۇڭدىكى بەخت ۋە خۇشاللىقنى ئائىلەڭدىن تاپالمىغانىدىڭ . مۇھەببەتتىنمۇ تاپالمىدىڭ، كىتابلاردىن تاپالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن . كەل دوستۇم ، قولۇڭنى بەرگىن ، بىز ئالدىمىزغا قاراپ ماڭايلى . بىزنى كۈتۈپ تۇرغان چۈشكۈنلۈك ، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىدىن چەتنەپ ئۆتۈپ كېتەيلى! ئەنە بىز ئۈچۈن گۈزەل كېلەچەك ۋە بەختتىن دېرەك بېرىدۇ . بىز ئۆتكەن كۈنلەرنى ئارقىمىزغا تاشلىۋېتىپ ، بەختلىك كەلگۈسىنى كۈتۈۋالايلى! …

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ماھىرە ئابلىمىت**

زۇلھىيە

# ئىككى ھېكايە




ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئون يىل ئۇنىڭدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ياسىغانىدى. تۈرمە ھاياتىدىكى ئېغىر جىسمانىي ۋە روھىي ئازابلار ئۇنى ۋاقىتسىز قېرىتىپ، ئەسلى يېشىدىن خېلىلا چوڭ كۆرسىتەتتى. ئۇ ئاستا، لېكىن تەمكىن قەدەم بىلەن نىشانسىز ئايلانغىنىچە ساپ ھاۋانى تويماي سۈمۈرۈپ، غەرب تەرەپكە قىيسايغان قۇياشقا پات - پات قاراپ قوياتتى: «كەچتە باراي، تاڭ ئاتسىلا يېڭى بىر ھاياتنى يېڭى قەدەم بىلەن كۈتۈۋالىمەن. ھە راست، ئۆيدىكىلەر مېنى قانداقراق كۈتۈۋالار، چوڭ ئوغلۇمنىڭ يىلدا بىرەر قېتىم يوقلاپ تۇرۇشىدىن باشقا قالغانلىرىنى ئۇزۇن بولدى، كۆرمىدىم. ئۇلار مېنى تونۇيالارمۇ؟ ئېھتىمال ھەيران قېلىشار، ئۆز دادىسىنىڭ ئون يىللىق تۈرمە ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ساق - سالامەت قايتىپ كەلگىنىدىن خۇشال بولۇشار ياكى...»

قۇياش ئولتۇرۇپ، كۆگۈم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىغاندا، سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. «خاسىيەتلىك باشلىنىش» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ۋە ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

يامغۇر بىردىنلا شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. ئۇ قەدىمىنى تېزلىتىپ، مۇشۇ يامغۇر بىلەن ئۆزىنىڭ ھاياتلىق يولى ئېچىلغانىدەك بىر ئاز خاتىرجەملىك ھېس قىلدى.

ئۇ ئۆيىگە يېقىنلاشقانسېرى بالىلىرى ئىنتىزارلىق بىلەن ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ۋە قۇچاق يېيىپ يۈگۈرۈشكەندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى. ئىتتىك مېڭىشتىن يۈگۈرۈشكە ئۆتتى.

بىردىنلا ئۇ يىراقتىن ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىرسىنىڭ قارىسىنى غىل-پاللا كۆرۈپ قالدى ۋە قەدىمىنى ئىختىيارسىز توختاتتى. «ئوغلۇم ... مېنىڭ ئوغلۇم! ئاھ خۇدا، ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا چىقىپتۇ!...»

— ئوغلۇم ... نىجات! ...

يانىدىكى كوچىغا قايرىلغان يىگىت ئىتتىك ئارقىغا بۇرۇلدى ۋە تىكىرقىغانىدەك بىر ھازا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ھالسىزلانغان ھالدا ھېلىقى ئادەمنىڭ ئال-

www.uyghurkitap.com



دىغا كېلىپ يىقىلدى.
— ئوغلۇم، مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ ئەمدى
مەن سىلەرنى ...
— دادا، مېنى كەچۈرۈڭ ... مېنى كە-
چۈرۈڭ ... — يىگىتنىڭ ئاۋازى ناھايىتى
بوش چىقتى. «بىچارە ئوغلۇم ! ...» ئۇ
ئوغلىنى يۆلەشتۈرمەكچى بولۇپ مۈرىسىنى
تۇتۇشىغا قولىغا ئىسسىق بىر نەرسە ئۇ-
رۇلدى، ئوغلى ئېغىر يارىلانغانىدى.
يامغۇر شۇنداق كۈچىيىپ كەتتىكى ئۇنىڭ
توختىشىدىن ئۈمىد يوق ئىدى. كىمدۇ
بىرى ئۇنى تارتقاندەك قىلىۋىدى، ئۇ
تەستە بېشىنى كۆتەردى ۋە چۆچۈپ كەتتى.
ئۇنىڭ زور ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزى
ئۆزلىرىنى قورشاپ تۇرغان بىر توپ ساق-
چىغا چۈشكەندە يۈرىكى ئېغىپ، ئوغلىنىڭ
ئۈستىگىلا يىقىلدى.

# تەتۈر قۇيۇن

كەچلىك ئىسسىقىدىن چۈشكىنىدە ۋاقىت
خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولۇپ،
سىرتتا قاتتىق بوران چىقىۋاتاتتى. بۇن-
داق ۋاقىتلاردا سۆيۈملۈك ئايالىمنىڭ
تاكى مەن قايتىپ كەلگىچە ئۇخلىماي كۈ-
تۈپ ياتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۆيگە تېز-
راق قايتىپ بېرىشقا ئالدىرىدىم. يولنىڭ
ئىككى قاسنىقىدىكى ستولبىلارغا ئېلېك-
تر چىراغلىرى ئورنىتىلغان بولسىمۇ، كەپ-
سىز يېزا بالىلىرىنىڭ قارىغا ئېتىپ ئوي-
ناش نىشانى بولۇپ قالغاچقا، ئۇ يەر-بۇ
يەردە پەقەت بىر نەچچىسىلا كېچىلىك قا-
راۋۇلدەك كۆزىنى چاقنىتىپ تۇراتتى. بو-
ران ئۇچۇرۇپ يۈرگەن توپا - چاڭلاردىن
كۆزنى ئېچىپ ماڭغىلى بولمىغاچقا يول
يۈرۈش ناھايىتى قېيىنغا توختايتتى. كۆ-
زىنى يۇمۇپ ئاچقىچە پەيدا بولۇپلا يوقى-
لىپ كېتىدىغان قۇيۇنلاردىن قېچىپ ئۆ-
زۈمنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتىم. «ئېسىڭدە
مەھكەم تۇت ئوغلۇم، قۇيۇن چىققىنىنى
كۆرسەڭ يىراققا قاچ، قۇيۇن ئارىسىدا قې-
لىپ قالساڭ خۇدا ساقلىسۇن، بولمىسا قۇيۇن
سارىڭى ياكى پۇت-قولى تۇتماس بولۇپ
قالىدۇ...» دېگەنىدى چوڭ ئانام كى-
چىكىمدە.
ئالدىمدىلا ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈل-
گەن قۇيۇندىن قاچمەن دەپ نېمىگىدۇر
پۇتلىشىپ دۈملا يېقىلىپ چۈشتۈم، بەدى-
نىمگە تىترەك ئولىشىپ ئىچىمگە قورقۇنچ
كىرىپ كەتتى. ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن،
قولۇم ناكا بولۇپ قالارمۇ ياكى پۇتۇممۇ؟
ۋاي خۇدايىم، چوڭ ئانامنىڭ ئېيتقىنى-
دەك قۇيۇندا قالغان سارالڭ بولۇپ قالامى-
دىمەن تېخى!...
قۇيۇن ئارىسىدىن چىققاندا پۇت-قولۇم-
نىڭ ساق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇ-
شال بولۇپ كەتتىم. خۇداغا شۈكرى- سانا
ئېيتىپ بىر نەچچە قەدەم مېڭىشىمغا ئال-
دىمدا ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيگەن، قاپ-
قارا چاچلىرى بوراندا يەلپۈنۈپ تۇرغان
بىر ئايال لوڭڭىدە پەيدا بولۇپ قالدى.
توۋا، باياملقى قۇيۇن ئۆز كارامىتىنى كۆر-
سىتىۋاتامدۇ نېمە؟ بۇنداق كەچتە ئايال
زاتى ئۆزى يالغۇز نېمىش قىلسۇن، ئېسىت،
بىر كېچىدىلا قۇيۇن سارىڭى بولۇپ قا-
لىدىغىنىمنى بىلگەن بولسام بۈگۈن ئۆيگە
قايتماي زاۋۇتتىلا قونۇپ قالاركەنمەن.
بىز خېلى بىر ھازاغىچە ئۈن - تىنسىز

قاراپ تۇرۇشتۇق.

— مەن... ماڭا ئازراق ياردەم قىلالارسىزمۇ؟ — دېدى ئايال تىترەك ئەمما ناھايىتى زىل ئاۋازدا.

شۇ زامان بايامقى قورقۇنچلىرىم تۈگەپ مەندىن ياردەم كۈتۈپ، مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان ئايالنىڭ ئالدىدىكى ئەرلىك ھالىتىمگە قايتتىم. ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۆزۈمدە قانداقتۇر بىر جاسارەتنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

— نېمە ھاجىتىڭىز بار، سىزدىن ھېچقاداق ياردىمىمنى ئايىمايمەن، — دېدىم ئايالغا يېقىنلىشىپ.

— چامدانىمنى كۆتۈرۈشۈپ بەرسىڭىز، — دېدى ئايال يېقىملىق ئاۋازدا.

ئايالنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىگەن بولساممۇ ئاشۇ بولبۇلنىڭكىدەك يېقىملىق ئاۋازى ۋە پەرىزاتتەك گۈزەل تۇرقىدىن ئۇنىڭ خېلىلا كېلىشكەن ئايال ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدىم. نېمە سەۋەبتىندۇر ئايالنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن يوغان قارا چامداننى يەردىن ئېلىپلا ھەيران قالدىم، چامدان مېنىڭ پەرەز قىلغىنىمدىن خېلىلا ئېغىر ئىدى.

— ناھىيىگە ئانامنى يوقلىغىلى بارغانىدىم. ئانام يوتقان – كۆرپىلىرىنى يۇيۇپ ئۇكشاپ بېرىشىمنى ئېيتتى. جىددىي ئىشىم بولغاچقا ئۆيگە ئەكىلىپلا يۇيۇپ بېرەي دېگەنىدىم، كۆرمەمسىز، شۇنچە ئالدىرىساممۇ يەنىلا كەچ قالدىم. تەلىيىمگە خۇدايىم سىزگە ئۇچراشتۇردى...

بىز چىراغ يېنىقلىق تۇرغان جايغا يېقىنلىشىپ قالغانىدۇق. خىيالىم ئايالنىڭ چىراي‌شەكلىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشتا بولغاچقا، ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە ئېرەڭشىپمۇ كەتمەي قەدىمىمنى تېخىمۇ تېزلەتتىم. ئەپسۇس، ئېلېكتر چىرىغى ئاستىغا كەلگەندە خۇددى قىرىشقاندەكلا ئايال يۈزىنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتكەن بولۇۋېلىپ، شۇنچە بويۇنداپ قاراشلىرىمنى بىكارغا كەتكۈزدى. شۇنداقتىمۇ ئۈمىد ئۈزمىدىم، ئالدىمىزدا يەنە بىر سىتولبا چىرىغى بار ئەمەسمۇ؟ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئارزۇيۇممۇ كۆپۈككە ئايلاندى، بىر كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە ئۇ بىردىنلا قەدىمىنى توختاتتى.

— ياردەم قىلغىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت! — دېدى ئايال قولۇمدىن چامداننى ئېلىۋېتىپ، — يېنىمدا پۇل تۈگەپ قاپتۇ، بۇ رومالنى...

— بۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى، رومال ھازىرچە سىزدە ئامانەتتە تۇرۇپ تۇرسۇن، كېيىن ئۇچرىشىپ قالغاندا بېرگەپ بولار، — دېدىم مەنىلىك قىلىپ.

— ئەمسە كېلىشتۇق-ھە، — ئايال شۇنداق دەپلا كۆز ئالدىمدىن غايىپ بولدى. ئۇ كىرىپ كەتكەن كوچىغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئارقامغا ياندىم.

چاچلىرىنى يۇلۇپ ئاللا – توۋا سېلىۋاتقان ئايالىم مېنىڭ ئۆيگە كىرگەنلىكىمنى كۆرۈپلا ئۆزىنى باغرىمغا ئاتتى.

— ۋاي خۇدايىم، ئەمدى كەللىمۇ، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — سىلىنى كېلىپ ئىشىكنى قاقسا شامالدا ئاڭلىماي قالماي دەپ ئىشىكنى زەنجىرلىمىگەنىدىم، خۇددى قارا باسقاندەكلا ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئىشىكنىڭ قاتتىق يېپىلغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ قارىسام مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرىدۇ، بىرسى كىرىپ چامداندىكى كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوغۇرلاپ كېتىپتۇ.

قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. كاللام قوچىلىپ، رېئاللىق بىلەن خىيالىمنى ئايرىيالمايۋاتاتتىم.

— سىلى ئېلىپ بەرگەن ھېلىقى رومالنى ئارتىپمۇ باقمىغانىدىم تېخى!...

ئايالىمنىڭ سۆزىدىن چۆچۈپ ئېسىمگە كەلدىم ۋە سىرتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم. تېخىمۇ كۈچىيىۋاتقان بورانغا ئەدىبلىكتە شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر قوشۇلغان بولۇپ، ئىنسى-جىن كۆرۈنمەيتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇنىرە ھېبىبىللا

# «ئۆدەك»

(ھېكايە)

ئايالىمنى دەپ «ئا» ناھىيىسىدىن «ب» ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ، خىزمەتكە چۈشكىلىمۇ مانا بىر ھەپتە بولۇپ قالدى، دەسلىپىدە مەن خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلغان قوزىدەك سەل ياتسىراش ھېس قىلدىم. كېيىنچە بۆلۈمىمىزدىكى ئىدارە بويىچە نامى بار مامۇت چاقچاقچى بىلەن خېلى چىقىشىپ قالدىم. بارا - بارا ئىشخانىدىكى باشقا يولداشلار بىلەنمۇ خىزمەت، تۇرمۇش، جەمئىيەت توغرىسىدا قىزغىن پاراڭلىشىدىغان بولدۇم.

بىزنىڭ بۇ بۆلۈمدە بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا قارىلىنىپ قېلىپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋاقتىدا ئاقلانغان لاۋۋاڭ، يېقىندىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن شىياۋخۇڭ، ئالىيە، مامۇتكام ۋە مەن بولۇپ يەتتە ئادەم ئىشلەيتتۇق. بۆلۈم باشلىقى پاكار، سېمىز، ئىنغاڭلاپ ماڭىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ، خېلى تۈزۈك ئادەمدەك قىلاتتى. مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى خۇددى ئۆزىنىڭ مەنسىپىدىن نارازىدەك ھەر دائىم بۆلۈم باشلىقىنى گەپتە چاقاتتى، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشلار بىلەن ئانچە چاتىقى بولمايتتى. لاۋۋاڭ پېشقەدەم بولغاچقىمۇ ياكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى بېشىدىن ئۆتكۈزگەچكىمۇ ناھايىتى ئېھتىياتچان، كەمسۆز ئادەم ئىدى. شىياۋخۇڭ بولسا ھازىرقى زامان مودا قىزلىرىدىن بولۇپ، ئۆزىنى تۈزەشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. خىزمەتنىمۇ ئەستايىدىل ئىشلەيتتى. ئالىيە بولسا ئوتتۇزلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، سۆز - ھەرىكەتتە، خىزمەتتە چاققان ئايال ئىدى. ئەگەر بۇ ئىشخانىدا مامۇتتەك قىزىقچى ئادەمدىن بىرى بولمىغىنىدا ئىدى، ئىشخانا بەئەينى مازارنىڭ ئۆزى بولۇپ قالغان بولاتتى. ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئىشخانىدا يەتتە ئادەم ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئىشلەيمىز. ئىككى ئىشخانىدا قىلىشقان گەپ - سۆزلەر ھەممىمىزگە ئېنىق ئاڭلىنىدۇ، بۆلۈم باشلىقى مامۇت ئاكا، شىياۋخۇڭ، مەن بىر ئىشخانىدا، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بىلەن قالغان ئىككى يولداش بىر ئىشخانىدا ئولتۇرىدۇ.

بىر كۈنى ئەتىگەن مامۇت ئاكا سەل كېچىكىپرەك كەلدى، باشلىق سائىتىگە قارىغانىدى، ئۇ سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ:

— ئاخشام بارغان يەردە ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ قاپتۇق، ئەتىگەن ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئورنىمدىن تۇرۇپلا ئىشقا ماڭاي دەپ تۇرسام، بىر ياندىن قوي مەرىسە، يەنە بىر ياندىن توخۇلار ۋاقىلدىغىلى تۇردى. شۇ جانىۋارلارغا ئۇۋال بولمىسۇن دەپ ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ كېلىشىم. شۇڭا بۈگۈن كەينىدىن سانىغاندا بىرىنچى بوپقاپتىمەن، - دېدى. باشلىق ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى. مامۇت ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇس-

تىلىنىڭ تارتىمسىنى ئېچىۋېتىپ كېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— مۇشۇ كەمدە مۇئاش بىلەنلا جان باققىلى بولمايدىكەن، ھېچبولمىغاندا ئاشۇنداق جانىۋارلاردىن ئىككى - ئۈچنى بېقىپ قويساك، گۆش - ياغنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىكەن، ھەي، سىزنىڭ جانىۋارلىرىڭ يوقمۇ؟ - دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— يوق، ھە ... بار، بار دېسەممۇ، يوق دېسەممۇ بولىدۇ. بىر نەچچە ئۆدەكلىرىم بار، لېكىن ئۇلار بىزنىڭ بىر كۈنلۈك گۆش - ياغنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. بىراق، مەن...

كېپىم تېخى تۈگىمەستىلا باشلىقنىڭ سۇرلۇك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بولدى، پاراڭنى توختىتايلى يولداشلار، ئاۋۇ ئىشخانىدىكىلەرمۇ كىرسۇن.

ئۇلار كىردى.

— مۇنداق ئىش ئىدى، - دېدى باشلىق يۆتىلىپ قويۇپ، - ئەتە يۇقىرىدىن خىزمەتلىرىمىزنى كۆزدىن كەچۈرگىلى رەھبىري يولداشلار كېلىدىكەن. شۇڭا ئىشخانىلىرىمىزنى پاكىز تازىلاپ، ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزگە بۆلۈنگەن ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئادا قىلايلى.

ئۇ يەنە بىر نەچچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. ھەممىمىز ئالدىراش، ئۆز ئىشلىرىمىز بىلەن بولدۇق. ئەتىسى ھەممىمىز بالدۇر كەلدۇق. كېچىككەنلەر كۆرۈلمىدى. مەن مامۇت ئاكا بىلەن سالاملاشتىم، ئۇ:

— ئۆدەكلىرىڭ ياخشى تۇرغاندۇ، - دەپ سوراپ قويدى.

— ھەي. نېمىسىنى دەيسىز، شۇ جانىۋارلارنىڭ چىچاقلىقىدىن خۇيمۇ زېرىكتىم، قارىنىڭ يامانلىقىنى دېمەمسىز تېخى، - مۇشۇ گەپ ئېغىزىمدىن چىقىشىغىلا باشلىق ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپلا قالدىم.

يۇقىرىدىن كېلىدىغانلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئىشخانىدا يىغىن ئېچىلىپ، خىزمەتلەردىن دوكلات قىلىندى، يېڭى ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندىن كېيىن ئۇلار تاماققا (توغرىسى زىياپەتكە) تەكلىپ قىلىندى. بىز ھەممىمىز ئىشخانىدىن چىقىپ، ئىدارە ئاشخانىسىغا قاراپ ماڭدۇق. مەن لاۋۋاك بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتىم، ئۇشتۇمتۇت باشلىق چاقىرىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

— سىز ئىشخانىلارنى تازىلىغاچ، بۆلۈمدە تېلېفون كۈتۈڭ.

— نېمە؟ - مەن خۇددى بۇ گەپنى ئاڭلىمىغاندەك ئۇنىڭغا قاراپلا قالدىم.

— قاراپ تۇرىسىزغۇ، تېز بېرىڭ، - دېدى باشلىق زەردە بىلەن.

مەن ئارقامغا ياندىم. «توۋا قىلدىم، بۇ ئادەمنى، - دېدىم ئىچىمدە، - بۆلۈمدە ئايالدىن ئىككىسى تۇرسا، مېنى تېلېفون ساقلاشقا قويغىنى نېمىسى؟ مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ھەمداستىخان بولسام يامىنى كېتەمتى.»

ئەتىسىدىن باشلاپ ئانچە پاراڭ سېلىشمايدىغان بولدۇم. لېكىن مامۇت ئاكا ھەر كۈنى ئەتىگىنى مەندىن ئۆدەكلىرىمنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى. مەنمۇ ئۆز لايىقىدا جاۋاب بەردىم.

بىر كۈنى باشلىق مېنى كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىدىلا تەنقىد قىلدى. تەنقىدلىنىشىمدىكى ئاساسىي سەۋەب گەپنى جىق قىلىغۇدەكمەن. توۋا، باشقىلار گەپ سورىسا بۇقىدەك پوشۇلداپ ئولتۇرۇشىنىڭ ئورنى يوق - تە. باشلىقنىڭ ماڭا ئۆچ بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبنى شۇنچە ئويلاپمۇ تا-

پالمىدىم. مەن باشلىقتا ئۆزۈمنى شۇنداق يېقىن تۇتقانىبېرى، ئۇ ماڭا تېخىمۇ بەك ئۆچ بولۇپ قېلىشۋاتتى. كىچىك ئىشلارنى باھانە قىلىپ مېنى چېقىشۋالاتتى. مەن باشلىقنىڭ تەنقىد ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدىم. يىل ئاخىرىدا ۋىلايەتتىن باشلىقنى بىر ھەپتىلىك يىغىنغا چاقىرتىپتۇ، خۇداغا شۈكرى، بىر ھەپتە بولسىمۇ، ئازادە ئولتۇرىدىغان بولدۇم.

باشلىق يىغىنغا كېتىپ ئەتىسى مەن مامۇت ئاكىدىن باشلىقنىڭ ماڭا ئۆچ بولۇپ قېلىشىدا قانداق سەۋەب بارلىقىنى، مەن ئۇنىڭغا ياقمايدىغان قانداق سۆز ـ ھەركەتلەرنى قىلىپ قويغانلىقىمنى سورىدىم. ئۇ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— سەۋەبى ئۆدەك، ئۇكام، سىنىڭ ئاشۇ ئۆدەكلىرىڭ، ـ دېدى.

— نېمە، مېنىڭ ئۆدەكلىرىم؟ ـ مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئۇنىڭغا قارىدىم.

— ھەي ھاماقەت، ـ دېدى ئۇ، ـ باشلىقنىڭ لەقىمى ئۆدەك، بۇ لەقەم ئۇنىڭغا قاچان سىڭىپ قالغان، بۇنىسى نامەلۇم، ئۆدەك توغرۇلۇق گەپ چىقسا، ئۇنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرىدۇ. كۆرمىدىڭمۇ، ئۇنىڭ ئۆدەكتەك ئىغاڭلاپ ماڭغىنىنى.

— ما ئىشنى كۆرۈڭ، ئەسلىدە مۇنداق كەن ـ دە! ـ دېدىم ھەيران بولغان ھالدا، ـ ئېسىت، بىر نەچچە قېتىم گېپىمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىگىنىم. «بىراق»، «لېكىن» دەپ ئىنجىقلاپ تۇرغىچە ئۆدەكلەرنى ياخشى كۆرىمەن، دېگەن گەپنى چاققانراق دېسەمچۇ.

مەن شۇ كۈنى كەچتىلا ئىدارىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ ئۆردەكلىرىمنى سويۇپ ھاراققا زاكوسكا قىلىشۋەتتىم. بىراق باشلىق يوق ئىدى. خۇداغا شۈكرى، ئۆدەكلەر ئەمدى تىلغا ئېلىنماس...

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختەر ئىبراھىم

---

(بېشى 75 ـ بەتتە)

شېئىرنى ئۇنلۇك دېكلاماتسىيە قىلدى، ئوغلۇم ئاتىسىغا شادلىقتا چۆمگەن ھالدا قاراپ تۇراتتى. مەن بۇ كۆرۈنۈشتىن ئىپتىخارلاندىم، مېنىڭ كىچىك ئائىلەمنى بەخت قۇچقانىدى، مېنىڭ قەلبىمدە مۇنداق بىر ئوتلۇق خىتاب مەۋج ئۇردى:

— ئوغلۇم! سىز ئۈزۈلمەي ئاققان ئاشۇ ئەزىم دەريا كەبى دولقۇنلاپ، يېڭى بەت ئېچىش ئالدىدا تۇرغان كالېندارنىڭ يىرتىلغان ۋاراقچىلىرىنى بوزغۇنلار قويىنىغا يالماپ، مەڭگۈ پاك ـ پاكىز ھالدا توختاۋسىز ئېقىپ، چاڭقاپ ياتقان چول-جەزىرىلەرگە كەلكۈندەك يۈرۈش قىلىپ، ئۇ جايلارنى يېشىل بوستانغا ئايلاندۇرغايسىز!

شۇئان بىر خىل ئىللىق نۇر ئېقىمى ئۆي ئىچىدە چاقنىغاندەك بولدى. مانا بۇ، بۇ يىلقى نورۇز ھارپىسىدا بىزنىڭ ئائىلىمىزدە چاقنىغان بەخت نۇرى ۋە بىزنىڭ قەلبىمىزنى ھاياجانغا سالغان شادلىق، مانا بۇ بىز ياشاۋاتقان ھاياتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ سەھىپىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: تۇرسۇن نىياز
مۇختەر ئىبراھىم

گۈلنىسا مۇھەممەت

# « جەننەت » كە يول

( ھىكايە )

مەن زادى نىمە بولغاندىمەن ؟ ئۇنى
كۆرسەم غەلىتە بولىمەن، كۆرمىسەم كۆر-
گۈم كىلىدۇ... باشقىلار بۇ خىل ھالـەتنى
«ياخشى كۆرۈش » دەپ ئاتايدىكەن . قا-
رىغاندا، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخـ
شايمەن. ئاھ... راستىنلا ئاجايىپ بـولۇپ
قالدىم، بۇ ئازابتىن قـۇتۇلارمـەنمـۇ؟...
چۈشلىرىمدە غايەت زور بىر يالقۇن ئاسـ
ـمان پەلەك ئۆرلەپ پۈتكۈل جاھاننى يالـ
ـماۋىتىپتۇ، قورقۇپ ۋارقىرىدىم. شۇ چـاغ
ھەيۋەتلىك تاغلار گۈمۈرۈلۈپ، پۇرقىراپ
تۇمان ئۆرلەپ،تۇمان ئارىسىدىن ئۇ چىـ
قىپ كەلگۈدەك ۋە مىنى ئىگىز كۆتـۈرۈپ
ئاسمانغا قاراپ ئۇچقۇدەك، ئوت يالقۇنى
يوقاپ كەتكۈدەك... بىز بىر تەختكە ئولـ
تۇرۇپ خۇشال سۆزلىشىۋاتقىنىـمىـزدا ئۇ
بىردىن تەرىنى تۈرۈپ قورسىقىمغا غەزەپ
بىلەن بىرنى تىپىپ « يوقال! »دەپ ۋار-
قىرىغىنىچە مىنى توۋەنگە ئىتتىرىۋىتىپتۇ...
مەن قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىم... يـاستۇقلىـ
رىم ھۆل بولۇپ كىتىپتۇ، پۈتۈن بـەدىنىم
مۇزلاۋاتىدۇ. ئاھ... مەن قانـداق چـۈش
كۆردۈم، چۈشلىرىم نىمىدىن دىرەك بىرىـ
دۇ؟... ئۇ ماڭا قاراپ قويسا نىمە بـولار؟
مەن سەتمۇ؟ بىلمەيمەن.

ئۆتكەندە ھىلىقى دوستۇم مـاڭا « سەن
ئاجايىپ چىرايلىق، مىجەزىڭمۇ ھەم، ئەـ
گەر ئوغۇل بولغىنىمدا سىنى ئالاتتىم... »
دىگەندەك قىلغان. قارىغاندا، خىلى چىـ
رايلىق ئـوخشايمەن. ئۇنداقتا، ئۇ نىمىشـ
قا ماڭا قاراپ قويمايدۇ؟ ياق، ئـۇ ئۆتـ
كەندە ماڭا ئاجايىپ بىر خىل قـارىغان،
قارىغاندىمۇ كۆزۈمنىڭ دەل ئىچكىرىسىگە
قارىغان، ئاھ، ئـۇ قاراشلار!... چىدىيالـ
ـماي يەرگە قارىۋالغانىدىم. تووۋا، كۆزلەـ
رى نىمانچە قارىدۇ. بىر يەرلىرىم تىنىمـ
ـسىز ئاغرىۋاتىدۇ، قايسى ئەزايىم ئاغرىـ
ۋاتقاندۇ؟ چىدىيالمىدىم. ياخشىسى،دوخـ
تۇرغا كۆرۈنەي.

ھىم... ئاق كىيىملىك بۇ مەخلۇق ماڭا
نىمە دەۋاتىدۇ؟ ھە، راست « ئـۇكـام ،
تولا ئويلانماڭ، نىرۋا خاراكتىرلىك ئاشـ
قازان كىسىلى بوپسىز، ئەڭ ياخشـى چاـ
رە ياتاقتا يىتىڭ... » دەيدۇ. قولـۇمـدا
بىر مۇنچە قەغەز تۇرىدۇ، بۇنىمە قەغەز-
دۇ؟ ھە، راست بۇ قەغەزنى ھىلىقـى ئـاق
كىيىملىك مەخلۇق قولۇمغا تۇتقۇزۇپ نا-
ھايىتى نۇرغۇن سۆزلىگەن. بۇ خەق ئىلىـ
لىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، نىرۋىسى ئاجىز-
لاپ قالغانلار كوچىداسەتلىشىپ يۈرمەمدۇ؟

ھىلىقى سارا‌ڭ خوتۇن بازار كۈنى نا -
ھايىتى پۇزۇر كىيىنگەن بىر ئەرنى كۆرۈپ
ئۇنىڭ كىيىملىرىگە ئاغزى - بۇرۇنلىرىنى
سۈركەپ، قاقاقلاپ كۈلگەن ، ئـۇ ساراڭ
نىمىشقا كۈلگەن بولغىيدى؟ ۋاي - ۋۇي،
ساراڭ بولغاندىكىن كۈلگەندۇ. ئۇنداقتا،
ئەتراپتىكى كىشىلەر نىمىشقا كـۈلۈشتى؟
بىلەلمىدىم. بەلكىم ئۇلارمۇ سـاراڭ بولـ
ـسا كىرەك.ئو...ھۇش، مەن نىمىلەرنى ئويـ
ـلاپ كەتتىم، ئـۇلار بىلەن نىمە كـارىم؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



جاھاندىكى پۈتكۈل كىشىلەر ساراڭ بولۇپ قالسىمۇ مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، چوڭ گەپ ئەمەس. ئاپلا، ئۇ ساراڭ بولۇپ قالسا، قانداق قىلارمەن؟ تووۋا، نېمىگە ئەنسىرەيمەن، ئۇ راستىنلا ساراڭ بولۇپ قالسا، مەنمۇ ساراڭ بولۇۋېلىپ بىللە ياشايمەن-دە؟

ئۇھ... بەك ھېرىپ كەتتىم، نەگە كېلىپ قالغاندىمەن؟ بۇ بىزنىڭ ھويلىنىڭ ئىشىكىگە ئەجەبمۇ ئوخشايدىكەن. كىرىۋېرەي، بۇ ئۆي بىزنىڭ بولماي كىمنىڭ بولاتتى، قانداق ئىشىك بۇ، شۇنچە كۈچەسەممۇ ئېچىلمايۋاتىدۇ. قوللىرىم سۇ بولۇپ كېتىپتۇ. ۋۇي، ئالقىنىمغا سۇ چۈشۈۋاتىدۇ، كىم سۇ چېچىۋاتقاندۇ؟ ئەتراپتا ھېچكىم يوق، بۇ نېمە ئىش؟ سۇيەنلا چۈشۈۋاتىدۇ، چوقۇم بىرسى ماڭا سۇ چېچىۋاتىدۇ، ئەڭ ياخشىسى تۈگىمىۋالاي. ئىش چاتاق، پۈتۈن بەدىنىم سۇ بولۇپ كېتىپتۇ، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟... غىچىلدىغان ئاۋاز چىقىۋاتىدۇ، نېمىنىڭ ئاۋازىدۇ؟ ئالدىمدا ئۇ تۇرىدۇ. قانداقمۇ قىلارمەن؟ قېچىپ كېتەي. ياق، ياق، قېچىپ كەتسەم ئۇنى يەنە يوقىتىپ قويىمەن. تووۋا ئۇ مېنى قولتۇقلىۋاپتۇ. بۇ نىمانچە نومۇسسىز كىشى، قىلچە ئويالماي ـ ھە؟! مەن نېمىشقا ماڭدىم؟ مەنمۇ بىر نومۇسسىز، ھىم، نەگە كېلىپ قالدىم؟ ئۇ مېنى يېتىلەپ دوزاخقا ئەكىرىپ قويغان بولسا كېرەك. يېنىمدا پۈشۈلدىغان ئاۋاز چىقىۋاتىدۇ، ئېھتىمال جەبرائىل مەندىن سوئال سورىغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ. قۇلاق تۈۋىمدىلا غەلىتە ئاۋاز چىقىۋاتىدۇ. چوقۇم مۇنكىر-نەكىر كەلدى. «سەن ماڭا كۆيۈپ قاپسەن، ئۇنداق بولسا مېنى سۆيۈپ قوي!...» بۇ كىمدۇ؟ ھە، ئېسىمگە كەلدى، ئۇ مەن بىلەن بىللە دوزاخقا كەلگەندەك قىلغان. لېكىن ئۇ... نېمە دېگەن سەت ئىش ـ ھە؟! بىر نەرسە قاماللاپ، ئۈستۈمگە تاغ ئۆرۈلۈۋاتقاندەك قىلىۋاتىدۇ، قېچىپ كېتەي. «نەگە قاچىسەن؟ جىم يات! بولمىسا بوغۇزلىۋېتىمەن!» ۋاي خۇدا، سۆزلەۋاتقان كىمدۇ؟ مېنى نېمىشقا بوغۇزلايدىغاندۇ؟ مەن يا كالا ـ قوي، ئات، توشقان بولمىسام بوغۇزلايدىغان، ۋاي... ۋايجان... تىللىرىمنى ئامبۇردا قىسقاندەك قىلىۋاتىدۇ، تىلسىز مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويماقچىمۇ نېمە؟ لاتا يىرتىلغاندەك قىلىۋاتىدۇ، ماگىزىنغا كېلىپ قالغان ئوخشايمەن، نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟ مېنى بەلكىم مۇنكىر-نەكىرلەر جازاغا تارتىۋاتقان ئوخشايدۇ. جاھان ئايلىنىۋاتىدۇ. «چىقە ئۆيدىن سەتلەۋا، ئېشەكتەك يېتىۋېرەمسەن؟ ئۆيۈڭگە كەت!... بىلىپ قوي، سېنى ئالمايمەن، نەپسىڭنى قاندۇرۇپ قويدۇم، خوش بول!... مېنى ئىزلىمە، ھېچنەرسىنى بىلمەيدىكەنسەن! مېنى سۆيۈپمۇ قويمىدىڭ، بولدى، بولدى ماڭ، كۆزۈڭنىڭ يۈندىسىنى تۆكمەي يوقال! ھا...ھا...» سۆزلەۋاتقان كىمدۇ؟ مەن نەگە كېلىپ قالدىم، دوزاختىن يېنىپ چىققان ئوخشايمەن. قايسى يول بىلەن بېرىپ، قايسى يول بىلەن يېنىپ كەلگىنىمنى بىلەلمىدىم. قارىغاندا، ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايمەن. ياق، مەن ساراڭ ئەمەس، ساراڭ بولۇپ قالسام ئۇنى سۆيگۈنۈمنى يوقىتىپ قويىمەن. ساراڭ بولمايمەن، مېنى ھېچكىم ساراڭ قىلالمايدۇ. كۆڭلەكلىرىم يىرتىلىپتۇ، ئېھتىمال جىگدە شاخلىرى ئىلىۋالغان ئوخشايدۇ. جىگدىلىككە قاچان بارغان بولغىيدىم؟ ئېسىمدە قالماپتۇ. ئەڭ ياخشىسى جەننەتكە بېرىپ كېلەي، بۇۋى پاتىمە ئانام خورما يوپۇرماقلىرى بىلەن كۆڭلىكىنى ياماپ كېيىپتىكەنمىش، ماڭىمۇ بەرسە كۆڭلىكىمنى يامىۋالارمەن...

مەسئۇل مۇھەررىرى: ماھىرە ئابلىمىت

# نەسىرلەر

بۇخەلىچە ئىمىن

## ئاھ، ئانا

( نەسىر )

بالىلىق چاغلىرىم ئىدى .

دادامنىڭ ئېتىزدىن قايتىپ كېلىشىگە ئۈلگۈرتۈپ ھويلىمىزدىكى تال بارىڭى ئاستىدىكى سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان لاي ئوچاق ئالدىدا تەرلەپ - پىشىپ تاماق ئېتىۋاتقان ئانام ماڭا قاراپ :

— بوۋاڭ ئارقىدىكى باغ تەرەپكە چىقىپ كەتكىلى ئەۋاخ ، تاماق تەييار بولدى ، يۈگۈر ! بوۋاڭنى چاقىرىپ كەل، داستىخان سالايلى .— دېدى.

مەززىلىك تائامنىڭ پۇرىقى دىمىقىمغا گۈپپىدە ئۇرۇلۇپ، چاققانراق داستىخان سېلىنىشىنى خالاپ تۇرغاچقىمىكىن ، دەرھال باغ تەرەپكە قاراپ توشقاندەك چاپتىم .

بېغىمىز رەت - رەت مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن تولغان كاتتا باغ بولۇپ،چۆرىسى تام ئورنىدا قويۇق ئۆسكەن ئازغان بىلەن توسۇلغانىدى. مەن شوخ كېيىكتەك تاقلاپ بوۋامنىڭ قېشىغا كېلىپلا يۈرىكىم « قارت » ئىتىدە قىلىپ تۇرۇپ قالدىم.

بوۋام گويا دۇئا قىلىۋاتقاندەك قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، بەستىنى ئېگىپ باغنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر پارچە بېدىلىكتە توختىماي بىر نەرسىلەرنى دەپ ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان تارام - تارام ياشلار مەيدىسىگىچە چۈشكەن ئاپئاق ساقىلىنى يۇيۇپ يەرگە تامچىلايتتى. مەن تەئەججۇپ ئىلكىدە ئاستا قەدەم بېسىپ بوۋامغا يېقىنلاشتىم : « ئانا ! ئانا ! جېنىم ئانا ، ئەجەب سېغىندىمغۇ سېنى! » ( بوۋام كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ توختىماي مۇشۇ سۆزنى تەكرارلايتتى ) .

مېنىڭ ھەيرانلىقىم تېخىمۇ ئاشتى : « توۋا، بوۋام «ئانا» دەۋاتىدىغۇ ؟ ئۇ دادامنىڭ ھەم تاغامنىڭ دادىسى . مەھەللىمىزدىكى ھەممە ئادەم ئۇنى « ئاتا » دەپ چاقىرىشىدۇ . دېمەك ئۇ ھەممىمىزنىڭ دادىسى . شۇنداق تۇرۇقلۇق بوۋام يەنە «ئانا» دەۋاتىدۇ ، ئۇنىڭمۇ ئانىسى بارمىدۇ ؟ بىز بالىلارنىڭغۇ ئانىمىز بار ، ئاشۇنداق ئاپئاق ساقال بوۋاينىڭمۇ ئانىسى بارمىدۇ ؟ خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇيە ؟». مەن خىياللىرىمنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئۇنىڭ ئۇزۇن مەللە يەكتىكىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئاستا تارتتىم .

— بوۋا، كىمنىڭ ئانىسىنى چاقىرىۋاتىسەن

بوۋام ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك كۆزلىرىنى ئېچىپ ماڭا ئاستا بۇرالدى.

— ئانامنى ، ئانامنى چاقىرىۋاتىمەن، بالام .

— بوۋا، سېنىڭمۇ ئاناڭ بارمۇ؟

بوۋام ماڭا جاۋاب بېرىش ئورنىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا ئىلتىجا قىلغاندەك-تەلمۈرۈپ قارىدى .

« ۋاي ئانا ! ئاھ جېنىم ئانا، ئەجەب سەن بىلەن دىدارلاشقۇم ، قانغۇدەك مۇڭ-داشقۇم كەلدى » .

ئۇ بۇ ئوتلۇق نېدا بىلەن تەڭ كۆككە لەپىلدەپ ئۇچۇپ كېتىشكە تەييار تۇر-غاندەك قوللىرىنى سوزۇپ ئالدىغا ئىنتىلەتتى . ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك ئېچىنىش-لىق ئىدىكى ، نۇرسىز خۇنۇكلەشكەن كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك ياشقا ، تىترەپ تۇرغان ئاپئاق ساقاللىرىغا قاراپ پەقەت چىداپ تۇرالمىدىم . شۇ تاپتا مې-نىڭ ئۇنىڭ پەشلىرىدىن تارتىپ چاقىرىشلىرىم ، باغدىكى قۇشلارنىڭ كەچكى شەپەققە زوقلانغاندەك چاڭىلداپ سايراشلىرى ۋە كىشى كۆڭلىنى ئېچىلدۇرغۇچى باغنىڭ كەچكى گۈزەل مەنزىرىسىمۇ ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر قىلمايتتى . ئۇ ھازىر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئانىسىغا ئىنتىلگەن ، ئانىسىنىڭ ئىسسىق قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدىغاندەك قوللىرىنى كېرىپ ئالدىغا چامدايتتى .

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدىم .

كۆز ئالدىمدا رەھمەتلىك مومام پەيدا بولدى ، ئۇ ئاق چاچلىرى ئۈستىگە ئۆز كۆڭلىگە ئوخشاش ئاپئاق رومال سالغان بولۇپ، كەچنىڭ سالقىن شامىلىدا كۆڭلىكىنى لەپىلدىتىپ، بوۋامنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى . ئۇنىڭ چىرايىنى سانسىزلىغان قورۇقلار قاپلىغان بولسىمۇ، بىراق بەكلا يېقىملىق كۆرۈنەتتى . ئۇ شۇ ھالەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئوغلىنى باغرىغا باستى .

توۋا ! بۇ ئاجايىپ ئىشقۇ ! شۇ تاپتا مومام قۇچىقىدىكى بوۋام-مەن ھېلىلا كۆر-گەن ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي بولماستىن، بەلكى قاپقارا يۇمىران چاچلىرى پارقىراپ تۇرغان ، يۇمشاق ئەت، بۇدۇرۇقىنا بىر ئوغۇل بالا ئىدى . ئۇ ھەدەپ كىچىككىنە قول-لىرى بىلەن موماملىڭ چاچلىرىنى ، يۈز - كۆزلىرىنى سىيلاپ « ئانا ! ئانا! » دەپ چا-قىراتتى . مەن ھەيرانلىق ئىچىدە كۆزۈمنى چىمچىقلىتىپ بېشىمنى قاتتىق بىر سىلكى-دىمدە «بوۋا !» دەپ چاقىردىم . كۆز ئالدىمدىكى بۇ مۆجىزە تېزلا غايىپ بولۇپ بوۋام يەنىلا بۇرۇنقى ھالىتىدە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ توختىماي « ئانا ! ئانا ! » دەيت-تى . ھە ! بايا مېنىڭ كۆرگەنلىرىم كۆزۈم بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقلىم بىلەن كۆر-گەنلىرىم ئىكەن ، مېنىڭ سەزگۈلىرىم شۇنداق بىر تۇيغۇنى بېغىشلاپتۇ - دە ؟

پۈتۈمىنىڭ ئۇچىدىن تارتىپ بېشىمغىچە بىر تىترەك ئۆرلىشىپ جىسمىم لەر-زىگە كەلدى .

ئاھ، ئانا !

مەن بىلدىم ! بوۋامنىڭمۇ ئانىسى بولغانىكەن . ئۇ ھازىر ئانىسىنى سېغىنىپتۇ !

قانلىرىم دولقۇنلىشىپ ۋۇجۇدۇم جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ ، يەرگە چاپلىشىپ قالغان پۈتلىرىم ئارقىغا ئۆرۈلدى - دە، ئۆيى تەرەپكە-ئاشۇنداق ئۇلۇغ ئىنسان بار تەرەپكە قاراپ چېپىشقا باشلىدىم.

ھويلىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ ئوچاق ئالدىدا تۇرغان ئانامغا قاراپ ئاشۇ مۇقەددەس ئىسىمنى چاقىرغىنىمچە يۈزۈمنى ئاتتىم.

ئانا !!!

روشەنگۈل تۇرسۇن

# نەسرلەر

## تىۋىش

ئەتىيازنىڭ غۇر - غۇر شامىلى مەڭزىمنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە، قەدەملىرىم شۇ قەدەر ئېغىر ھەم ھالسىز ... مانا ئەتراپنى بارا - بارا كۆكۈش پەردىسى قاپلاپ شامال كۈچىيىشكە باشلىدى. بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ تۈگۈلۈپلا كەتتىم...

ھە راست، قايياققا كېتىۋاتاتتىم ؟ بۇ سوئال قەدەملىرىمنى يۆگەنلەپ ئالدى. تۆت ئەتراپقا بىرخىل ئۈمىد بىلەن باقتىم. كۆرگىنىم نېمە؟ پەقەت ئادەمسىز جىمجىت چوڭ كوچا، خىلۋەت كوچا ... نېمىگە شۇنچە ھاڭۋېقىپ تۇرىمەن ؟ بەرىبىر بىر ياققا مېڭىشىم كېرەكقۇ. ئۇنداقتا قاياققا؟ بولدىلا ئالدىمغىلا ماڭاي . توغرا ئالدىمغا مېڭىشىم كېرەك، چۈنكى كۆڭلۈم شۇ ياقنى تارتتى - دە!

« تاراق - تاراق ... » مانا بۇ مېنىڭ ئاياغ تىۋىشىم، مەن كېتىۋاتىمەن ئالدىمغا قاراپ ...

ئۇ بۇ تىۋىشنى ئاڭلىغانمىدۇ؟ بەلكىم ئاڭلىسىمۇ قولىقىنى مەھكەم يوپۇرۇۋالغاندۇ. ئۇنىڭ بۇ تىۋىشتىن بىزار ئىكەنلىكىنى تېخى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. چۈنكى بۇ تىۋىش ئۇنىڭ تىۋىشىنى ، بۇ ئىز ئۇنىڭ ئىزىنى مەۋھۇملۇقتا قالدۇرغان، ھالسىرىتىپ تالدۇرغان، شۇ تۈپەيلى ئۇ ماڭا رەنجىش ئوتى ياندۇرغان...

«تاراق - تاراق ... » بۇ مېنىڭ تىۋىشىم، ئۇ مېنىڭ ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقۇم . ئۇ ماڭا ئۆزۈمنى تونۇتتى. بىراق، ئۇنى قاچۇردى ، ئۇنى يوقاتتۇردى. ئۇنىڭ گەۋدىسىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يوقاپ، مەن تەنھالىق قۇچىقىدا قالدىم...

شامال كۈچىيىپ ھۇشقۇيتقىلى باشلىدى، كۆزلىرىمگە توپا - چاڭ كىرىپ ئەتراپنى پەرق ئېتەلمەي قالدىم. بىراق ئاياغ تىۋىشىم يەنىلا قۇلاق تۈۋىمدە ئاڭلىنىۋاتتى . «تاراق - تاراق ... »

## ئامەت قۇشى

بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى بەخت نېمە مەنىگە ئىگە بولغىيدى؟ ھەممە ئادەم ئاشۇ تاتىملىق سۆزگە مەستانە بولۇپ ، چېپىپلا يۈرۈيدىكەنغۇ؟ توۋا، بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ...

بۇ سوئاللارغا مەنمۇ، سەنمۇ، ئۇمۇ بىجاۋاب ئولتۇرۇپتۇق. بىز تازىمۇ كالىلىسى ئىشلىمەس ، قاغىشقا كەتكەنلەر ئوخشايمىز. بولدىلا بۇلارنى ئويلاپ نېمە قىلارمىز ...

مەن ئۆز ئىشىمغا تۇتۇنۇپ ، ھاسامنى توكۇلدىتىپ، كۆزەينەكلىك پىروفېسسور قوشنامنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلدىم - دە، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن دۇئاغا قول كۆتەردىم …

سەنچۇ ؟ سەن يۈچۈق بىنۇلكىدىكى ئاشقان ھارىقىڭنى شىمىڭنىڭ كاسا يانچۇقىغا تىقىپ قارت سورۇنىغا ماڭدىڭ …

ئۇمۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇللىرىنى قوينىغا تىقىپ « ئامەت تاۋكاسى » غا قەدەم باستى…

ئۇزاق ئۆتمەيلا بىزنىڭ ئامەت قۇشلىرىمىز بېشىمىزدا پىرقىراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئەنە مېنىڭ دۇشۇم—بىرخالتا كۆكىرىپ ، قېتىپ كەتكەن پارچە نانلار، قوشنامنىڭ ئايىغى…

مانا بۇ سېنىڭ ئىكەنغۇ؟ نېمىدېگەن كۆپ پۇللار… نەدىن جايلىدىڭ ؟ بوپتۇ سورىماي،خېجىل بولما!

بۇلارچۇ؟ بۇ پۇللار ئۇنىڭمۇ ؟ « ياق »، نېمە دېدىڭ؟ قەرز ئالدىم ؟! ماۋۇ گەپنى كۆرمەمدىغان، ھېچۋەقەسى يوق. بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، خۇدا ئىشىكنى يېپىۋالسا ، تۈڭلۈكنى ئېچىپ قويارمىش…

## كېچىكىش

ئۇ مېنى پۈتۈنلەي ئۆز ئەركىمگە قويۇۋەتتى!

تووۋا بۈنى تەنتەنىلىك جاكارلاشنىڭ نېمە ھاجىتى، مەن بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلىشتىن مەھرۇم قالغان چاغدا.

## سوۋغا

سېنىڭ كۆزۈڭ پەقەت ئۆزۈڭگىلا تەئەللۇق. بۇ كۆز ئىلگىرى بىرسىدە بولۇپ باقمىغان ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدۇ. ئۇ ۋەھىمىلىك ئۇچقۇنى بىلەن مېنىڭ ئاداشقان مېھرىمنى مەھلىيا قىلىدۇ … ئاشۇ تاتىملىق ئەمما جۇدۇن يېغىپ تۇرىدىغان سوغ قارىچۇقۇڭ مېنىڭ ئەكسىمنىڭ يىلىلىق ماكانى. مەن ئۇنىڭدىن شادلىقتىكى ئوماق كۈلكەمنى، تەنھالىقتىكى سەنسىمان ئۆزۈمنى ، ئىچ پۇشۇقىدىكى خىرامانلىقىمنى كۆرىمەن. كۆز چانىقىمنى ماكان تۇتقان شارسىمان ئۇنچىلەرمۇ سېنىڭ قاراشلىرىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىنى يوق ۋە ياكى مۇشۇ يەردە بولسۇن ۋە ياكى ئۇ يەردە… بۇ تەبىئىي نامايەندە، قىممەتلىك سوۋغا ، بۇ سوۋغىنى پەقەت سەنلا ماڭا بەخش ئېتەلەيسەن، شۇنداق، ھەركىمنىڭ ئۆزگىچە قىممەتلىك سوۋغىلىرى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

### ماۋزۇسىز

ئەت رەڭگىنى يوقاتقان پۇت، يېرىقلاردىن سىرغىۋاتقان ئىسسىق قان، پۇرقۇپ توزۇۋاتقان ئۆلۈك توپا...

كېتىۋاتىدۇ، پارقىراپ تۇرغان ئاياغ قولتۇقتا...

### ھارفىن ئىستەكلەر

بۈگۈن يەنە بىر سەھەراشلاندى. سەن ئېغىر ئاياغلىرىڭنى يۆتكەپ خىيال مۇساپەمنىڭ تۈنجى پەللىسىدىن يولغا چىقتىڭ... مەن ئىپتىخار بىلەن كۈلدۈم. زىمىنىمغا ئورناپ كەتكەن تاتلىق تەبەسسۇمۇم ئۇيقۇلۇق كۆزۈڭنى ئاچتى. ئۇتلۇق نەپەسلىرىم قەلب دېرىزەڭنى قايتا چەكتى، كۆز نۇرۇم قەستە پۈتۈپ ناخۇش كۆڭلۈڭگە ئۈمىد پەرىشتىسىنى ھەمراھ قىلدى. يېگانە تونالغۇلار قەدەملىرىڭگە، نەپەسلىرىڭگە چاڭگا تىزالمىدى..

مانا سەن يېقىنلاپ قالدىڭ، ئاخىرقى نۇقتىغا ئاز قالدىڭ. بىراق، تېخى ئۈمىدىمنىڭ ئاخىرقى قىزىل لىنتىسىنى بويىنۇڭغا سېلىپ ئېلىپ كەلمىدىڭ. ئۆز قەددىڭنى تىكلىيەلمىدىڭ، يۈرىكىڭنىڭ تىترىشىنى تىڭشىيالمىدىڭ..

مانا كەچ كىردى، كۆز ئالدىمدا خىرە-شىرە ھالسىز، روھتەك ئۇچۇپ يۈرسەن. كىرپىكلىرىڭدە تامچىيالمىغان ۋىسال شادلىقى، كۆزلىرىڭدە ئۇنتۇلغۇسىز ھىجران تەشۋىشى، ئايىغىڭغا چىرماشقان يوللار زەنجىرى...

ئايخان مۇھەممەت

## مەرھابا، قۇتلۇق بايرام

مانا مارت ئېيىمۇ كىرىپ قالدى. ئۇ بەلكىم گۈزەل كۆكلەم پەسلىنىڭ ئەلچىسى بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزى بىلەن پۈتۈن ئالەمنى لەرزىگە سالىدىغان نورۇزنى ۋە دۇنيا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمىنىڭ كۈي نەغمىسىنى ئېلىپ كەلدى.

قاراڭ دوستۇم، بۈگۈن مانا ھەممە يەردە بايرام تەنتەنىسى، تۈمەنلىگەن قىز-ئاياللار چېھرىدە شادلىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلماقتا. پۈتكۈل زېمىن جانلىنىپ بىزگە ئىلھام ۋە مەدەت بەرمەكتە. ياسىنىپ، تارىنىپ سەپ-سەپ بولۇپ كوچىلارغا پاتماي مېڭىۋاتقان ئاياللار، باللار خاسىيەتلىك بۈگۈنگە مەدھىيە ئېيتماقتا.

كەل مارت بايرىمى، مەرھابا ئەزىز مېھمان! ھەر يىلى مۇشۇ مەزگىلدە ساڭا قانچىلىك تەقەززا ئىكەنلىكىمىزنى بىلەمسەن، سەن ئۈچۈن ساخاۋەتلىك داستىخانلىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مىزنى كەڭ ئېچىپ كۆكرۈللۈك مەشرەپ سورۇنلىرىنى تۈزمەكتىمىز. سورۇنىنىڭ تۆرىدىن
ئورۇن ئالغان جاپاكەش باغۋەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر ئەقىل - پاراسىتى، چوڭقۇرسۆيـ
گۈ مۇھەببىتىنى كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدلىرىگە بېغىشلىماقتا. ئۇلار مەرىپەت گۈلىستانىـ
دىن بىلىم شىرنىلىرىنى توپلاپ ئەۋلادلارغا تەقدىم قىلىۋاتقان نامىسىز قەھرىمانلار،
يەنە تېخى بىمارلارغا يېڭىدىن ھاياتلىق بەخش ئەتكەن ئاق خالاتلىق ئايال پەرىشـ
تىلەرچۇ؟ ئۇلار سامانەدەك چىرايلارغا ئانارەدەك رەڭ بېرىپ يالقۇنلۇق ۋۇجۇدىدا
ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۆھپە ئورۇقلىرىنى بىخلاندۇرماقتا.
دۇنيا بازىرىغا يۈزلىنىپ داڭ چىقارغان ئايال كارخانىچىلار،سۈيى تۈگىمەس بۇلاقـ
تەك يېزىپ ھارمايۋاتقان ئايال قەلەمكەشلەر، ئېتىزلارنى ياشرىتىپ مول - ھوـ
سۇل شادلىقىغا چۆمگەن دېھقان ئاياللار،زاۋۇتلاردا سۈپەت ۋە ئۈنۈمدە ئەرلەر بىلەن
بەسلىشىۋاتقان ئايال ئىشچىلار سېنىڭ شەرىپىڭگە قەدەھ كۆتۈرۈشمەكتە.

ئىھ،مارت بايرىمى!بىز مارت ئېيىنىڭ ئالبۇمىنى ئاچقىنىمىزدا، شەپەقتەك رەڭدار جىلۋا-
لىق،گۈزەل ھۆسنۈڭ چەكسىز مەھلىيا قىلىدۇ. چۈنكى،سەن قىران بۈركۈتتەك خەۋپ خەتەر-
لەردىن قورقماي كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ھۆكۈمران قانىتىنى كەڭ يايغان مۇشتۇمـ
زور ئەرلەر ھاكىممىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلىپ، ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ
يېڭى سەھىپىسىنى ئاچقان ئەمەسمۇ؟ سۈكۈت ئىچىدە شەرتسىز باش ئېگىشكە مەجـ
بۇر بولغان دۇنيا ئاياللىرىغا چەكسىز بەخت ئاتا قىلغان ئەمەسمىدىڭ؟ سەن ياـ
راتقان گۈزەل مۇھىت ئۈمۈر بويى ئوچاق بېشى، بۆشۈك تۈۋىدىن كېتەلمەيدىغان
جاپاكەش، ئىشچان ئاياللارنىڭ غۇبارسىز پاك قەلبىنى يورۇتتى. سېنىڭ نۇرلىرىڭ
چەكسىز كائىناتنى مەڭگۈ يورۇتقۇسى. سەن تۈمەنلىگەن قەلبلەردە
گۈزەل ھېسسىيات ۋە ئارزۇلارنى بارلىققا كەلتۈردۈڭ.
ئەلەملىك ئۇھ تارتىشلار ئورنىغا كۈلكە سادالىرى، «كەم ئەقىللەر» ئورنىنى ئايال
پروفېسسور، ئايال ئالىملار ئىگىلىدى. سەن بىزگە مەنىۋى قانات بەردىڭ، ئۈمىد
مەشئىلىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆچۈرمەسلىككە تەۋسىيە قىلدىڭ. سەن بىلەن ئىجتىماـ
ئىي ھاياتنىڭ يېڭى قەدىمى باشلىنىپ ساپ سىياسىي ھاۋادىن نەپەسلەندۇق. ئىشەنچ
ۋە ئۈمىدنى ھەمراھ قىلدىڭ. ھاياتتىن بەزگەن گۇناھكاردەك نالە ۋە ئىلتىجا قىـ
لىۋاتقان ئاياللارغا ئىللىق ھارارەت بېرىپ ئىسسىق قوينۇڭغا ئالدىڭ. بىز ئاياللار،
ئانىلار شۇندىن باشلاپ يېرىم دۇنيالىق ئورنىمىزنى تاپتۇق، سېنىڭ مېھرى - شەپقىـ
تىڭگە ئېرىشتۇق. سېنىڭ تەپتىڭ بىلەن بارلىققا كەلگەن «ئاياللار قانۇنى» بىزنىڭ
قانۇنىي ئورنىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى ئاياللار ئەڭ ھۆرـ
مەتلەشكە ئەرزىيدىغان ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. شۇڭا يۈكسەك شان - شەرەپ،
مەدھىيىلەر ئازلىق قىلىدۇ،ساڭا!

مۇكەررەم ئەبەيدۇللا

## ئىككى مۇخەممەس

### ئالدانغان كۆڭۈلدىن

نە ئۈچۈن سۆيدۈم سىنى، دەپ ئالدىدىڭ باشتا مېنى،
باغلىدىڭ رىشتىمنى مەھكەم، شۇنچە ئالداشتا مېنى،
چاقنىتىپ نۇر، كۆزلىرىمدىن ۋەدە ئوتقاشتا مېنى،
ئىزدىدىڭ، تاڭ قالدۇرۇپ تولپارنى، يوقلاشتا مېنى،
سالدى ۋەس ـ ۋەسكە سۆزۈڭ،ئىشق جامى ئوتلاشتا مېنى.

تىكىلىپ كۆزۈڭ، كۆزۈمنى ھىچ ئارامدا قويمىدى،
تەلمۈرۈپ ھەم يالۋۇرۇپ، بىچارىلەرچە تويمىدى،
شۇ ئۇسۇلدا، مەقسىتىڭ كۆڭلۈمنى ئوۋلاش ئويمىدى،
گۈل پۇراشچۈن ئازدۇرۇش، شۇنداق نومۇسسىز خۇيمىدى،
قىپتۇ قايىل سۆزلىرىڭ، مەجنۇننى دوراشتا مېنى.

بايقىماي لال بوپتىمەن، كۆزۈڭدە مەككار كۈلكىنى،
چىن مۇھەببەتلىك يىگىت دەپ، سەن مۇغەمبىر تۈلكىنى؛
سايدا قىزلار قەلبىنىڭ ئالساڭ ئىگەللەپ مۈلكىنى،
ھېسسىيات قۇربانىنىڭ، شۇكەن ئەجەلسىز ئۆلگىنى،
ئۇستىلىقتا ھەممىدىن ئاشتىڭغۇ گوللاشتا مېنى.

قاپتىمەن ئۇچراپ ساڭا، يۈرسەڭ تىمىسقاپ ئوۋدىلا،
لەئلى گۆھەرنى تەلەپ قىلساڭ ئېغىزدا ھودىلا،
ئاشىقىم دەپ ئىزتىراپ، چەكتىم نىچە بىھۇدىلا،
ئۆتتى ئاي-كۈنلەر، ئۈمىد بىرلە چېچىپ شۇ يولدىلا،
قانچىلىك تاپقانسەن پايدا، ئۇسسۇتۇپ تاشقا مېنى؟

ئويىنىدىم تانسا ئۇسسۇل،چالساڭ ئىشقىنىڭ دېپىنى
ئاڭلىماستىن،دوس-ياران ئاتا-ئانامنىڭ گېپىنى،
يىگىمنى تېپىپ،دىلىڭ ئۆزگەندە رىشتىم يىپىنى،
كۆرگۈنۈمدە، مەن كەبى سادداكۆڭۈللەرنىڭ سېپىنى،
بەزلىدى، ئاچچىق ساۋاق دەرياكەبى ياشتا مېنى.

## مارت چېچەكلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بەختىيار چاغلاپ ئۆزۈمنى، شادلىنىپ تەڭ تاقلىدىم،
باشلىساڭ، سادىق بىلىپ ئارقا - ئالدىمغا باقمىدىم،
ھەي ئىپسىت! نېمىشقا جا ۋەدەڭنى دىلدا ساقلىدىم،
سۆيگۈنى دەريا ساناپ، بېلىق كەبى ئويناقلىدىم...؟
ساختىپەزلىك دولقۇنى، ئاتتى بىراق قاشقا مېنى.

يىغلىسام يامغۇر كەبى، بەرمەيدۇ پايدا ھەسرىتىم،
ئېتىلارباقسام ساڭا، كۆكسۈمگە پاتماي نەپرىتىم،
بوپتۇ! دەرس بولسۇن بۆلەككە، باشتىن ئۆتكەن قىسمىتىم،
ئەمدى پايمال بولمىسۇن، ساختىغا دەسسەپ ئىززىتىم،
ئالدىيالماس ھېچ ھەۋەس، شۇ نۇسخىدا باشقا مېنى.

## بېزار بولدۇم

(پولات ئەزىمەوپنىڭ شۇ نامىلىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

ئەقىل ئورنىغا مۈشتتاپقان، كۈچى زوردىن بېزار بولدۇم،
شاراقلىغان سېغىزخانىغا شىرىك جۆردىن بېزار بولدۇم،
ئاشۇنداقلارغا ئەگەشكەن، ئومۇم خوردىن بېزار بولدۇم.
ئۆزى بىكار، دىلى ناكار، ھەسەتخوردىن بېزار بولدۇم،
قۇرۇق گەپ ئاغزىدا مىڭ جىڭ، قۇرۇق پوردىن بېزار بولدۇم.

ھورۇن توغرا نىشان تاپماي، ھەمىشە يولىدىن ئازغان،
نەسىھەتكە قۇلاق سالماس، بېشىغا تەگسىمۇ بازغان،
جاپا چەكسە گۆھەر تاپقاي، قۇدۇقنى يىڭنىدە قازغان،
پادا باقماقنى تەس چاغلاپ، ياڭاققا قولىنى سوزغان،
ياڭاقتىن ھەم شۇئان كەچكەن، كۆزى كوردىن بېزار بولدۇم.

رىزىق - روزا نېسىۋىسىنى، تېپىشنى ئويلىماس ھەقتىن،
تامادا كۆز ئۈزەلمەيدۇ، ئاسان كەلگەن بىكار نەپتىن،
ئېچىرقاپ نەپسى بىر ھاڭدەك، تويۇپ تولماس ئېشىپ چەكتىن،
تىلەپ دىۋانىدەك يۈرگەن، ھارام يەپ ئۆزگىنىڭ ھەققىن،
يەنە ئىتتەك قاۋاپ تۇرغان، ھارامخوردىن بېزار بولدۇم.

ئۆزىنى چاغلىغاي «ئالىم»، تۇرۇپ ئەسلىدە ئۇ گالۋاڭ،
ئىلىم - پەننى ئۆگەنمەكنى، بىلەر كۆڭلىدە بىر ئالۋاڭ،
بۇ ئىللەتنى نومۇسلۇق دەپ، قاچانلاردا بىلەركىن تاڭ،
ئەگەر دەرياغا تەڭ چۈشسەڭ، سۈزەلمەس ئۇ پاقا،سازاڭ،
قارامازدىن ئېشىپ ئەتكەن، يىرتىق توردىن بېزار بولدۇم.

ئېچىلسا سىرى، لاپ ئۇرغاچ تېخى بىر مەررە گەپ بەرمەس،
تېرىقچە چۈشسە بىر ھاجەت، قاچار تاغدىن كۆرۈنگەچ تەس،
مۇشۇنداق ھېلىگەر، پەستىن قۇتۇلغان ياخشى ئەيلەپ بەس،
پىلىلداپ جىن چىراغ يەڭلىغ، ئاۋامغا زەررە نەپ بەرمەس،
قۇياشقا ھەم ھەسەت قىلغان، خۇنۇك نۇردىن بېزار بولدۇم.

**تۇنسا ئوسمان**

## غەزەللەر

1

ياڭزا - ياڭزا ناز - كەرەشمە بىرلە خەندان قىلدىڭىز،
كۆيدۈرۈپ، كۆيگەن يۈرەك ئىشقىنى چەندان قىلدىڭىز.
تارتىنىپ تۇرغانغا باقماي مىڭ تۈمەن گەپ ئوينىتىپ،
مېھرىڭىزدىن سۆزلىتىپ، خۇيمۇ سۇخەندان قىلدىڭىز.
يادىڭىزغا كەلگىنىچە ۋەدە قىپ كۆپ كۈتتۈرۈپ،
ئۆزىڭىز مەشرەپۇ بەزمە ئىچرە دەۋران قىلدىڭىز.
بولمىسام ئىزدەپ يۈرۈپ، گەر ئىزدىسەم پىنھان بولۇپ،
تارتقۇزۇپ دەردۇ ئەلەم جىسمىمنى بەريان قىلدىڭىز.
ھەممە گۈلگە تەڭ قونۇپ سايرايدىكەنسىز قارىسام،
سىز مۇھەببەت بابىدا نېمىنى ئارمان قىلدىڭىز؟
ۋەدىڭىزنى ئەسلىتىپ راستچىل بولۇشقا ئۈندىسەم،
تەنىدىن تاش ياغدۇرۇپ، شۇ ئاندا غەليان قىلدىڭىز.
مەن ئۈمىد قىلغان ۋاپادىن كۆرمىدىم قىلچە ئەسەر،
بىۋاپالىق داغىنى باغرىمغا پەيكان قىلدىڭىز.
ئاق كۆڭۈلنىڭ بىلمىكى مۈشكۈل،كەمەكلەر پەيلىنى،
ئاخىرى چۆلدە قويۇپ، تەننى بىدەرمان قىلدىڭىز.
سىزگە كىم قىلغانىدى كۆڭۈل بېرىشنى ئىلتىماس،
كۆيمىگەن تۇرۇپ ئىچۈن گەپ-سۆزنى يالغان قىلدىڭىز.
ئۆزىڭىز ساختا كۆيۈپ، مېنى يۈرەكتىن كۆيدۈرۈپ،
پاك كۆڭۈل گۈلزارىنى جۇت بىرلە ۋەيران قىلدىڭىز.
ئەمدى يالۋۇرماق نېمە؟ قالغان كۆڭۈل سۆيمەس يېنىپ،
مەن ئىشەنگەن تاغنى سىز باشتىلا گۇمران قىلدىڭىز.

2

قۇتلۇق بولسۇن ئىسمى زاتىڭ بەك مۇناسىپ يار ساڭا،
بۇيرۇتۇپ چۈشكەن كەبى ئەرشتىن ئاتاپ دىلدار ساڭا.

www.uyghurkitap.com

ئۇيقۇسىز تۈنلەر ئەسىر قىلدى مېنى يىل، ئاي ۋە كۈن،
ئاشۇ ئىسمىڭ ۋەسپىدىن بولغاندا زەپ خۇشتار ساڭا.
دەرد ـ ئەلەملەر سالسىمۇ ھەردەم بېشىمغا كاج پەلەك،
زەررە قايغۇ سايىسىنى سالمىسۇن زىنھار ساڭا.
راھىتىمدۇر بىر ئۆمۈر ئىسمىڭغا ھەمراھ ياشىماق،
يارىتارمەن ھەر تىنىقتا مىڭ تۈمەن ئەشئار ساڭا.
ئەتىگە باقتىم ئۈمىد كارۋانىغا رىشتىم چېتىپ،
بارلىقىم بەخشەندىدۇر بولماق ئۈچۈن ھەمكار ساڭا.
تىنىقىممۇ توختىغاي زىكرىڭ بىلەن، پىكرىڭ بىلەن،
بولمىغاي ھېچكىم جاھاندا مەن كەبى چىن يار ساڭا.

3

بۇلۇتلار ئۇيىنىشىپ كۆكتە يۈزى ئايىنىڭ تۇتۇلغايمۇ؟
مېنىڭ مەھزۇن، سۇنۇق كۆڭلۈم بۇ غەملەردىن قۇتۇلغايمۇ؟
بىدىل مىسكىن دىلى بىردەم بولۇپ شادلىق بىلەن يولداش،
بۇلۇتلار قاپلىغان ئايدەك ئەلەملەرگە يۇتۇلغايمۇ؟
بىتەلەيلىك ئەسىر ئەتكەن بىچارە ـ ناتىۋان جانىنىڭ،
قاراڭغۇ كۈلبىلەر ئىچرە دىلىغا نۇر چېچىلغايمۇ؟
ئاشۇ بىر چاغ ئۆزىگە جان نىسار ئەتكەن پىداكارىنىڭ،
يىراقلىق ۋەجىدىن كۆڭلى بىگانىگە بېقىنغايمۇ؟
ئەسىر بولما بۇ غەملەرگە جاسارەتلىك چىدامىلىق بول،
ھاياتقا ئاشىنا جانىنىڭ ئۈمىد شامى يېقىلغايمۇ؟

4

سېنىڭ ئىشقىڭ ھاياتىم شامىنى ياندۇرغىنى ھەقتۇر،
ساڭا تەشنا يۈرەككە سۇ بېرىپ قاندۇرغىنى ھەقتۇر.
قېشىڭ ئوقياسىدىن ئۈزگەن يۈرەك قاقشاتقۇچى پەيكان،
مېنى سەۋدايى مەجنۇندەك داۋان ئاشۇرغىنى ھەقتۇر.
تۈمەن تاغ باسسا يەلكەمنى بويۇن ئەگمەس ئىدىم زىنھار،
«ئىلىپ» قەددىمنى « نون » ئەيلەپ تۆۋەن باقتۇرغىنى ھەقتۇر.
مۇھەببەت راھىتى جانىنىڭ كۈلۈپ باقسا ئەگەر كىمگە،
يىراق،كۈلمەي مېنى ھەردەم جاپا تارتقۇزغىنى ھەقتۇر.
جېنىمغا چىڭ ساداقەتمەن كۆڭۈلنى ئازدۇرۇپ ئىشقىڭ،
جاھان تەرك ئەتكۈزۈپ جاندىن كېچىپ تاندۇرغىنى ھەقتۇر.
جاھانچە دەرد ـ ئەلەم بولسا يۇتاردىم بۇ پىراق دەردى،
جىمى ئالەمگە ئاشكارا قىلىپ چاندۇرغىنى ھەقتۇر.
ئەگەر ۋەسلىڭ نېسىپ بولسا مېنىڭدەك بەختىيار بولماس،
ئۈنىڭسىز چەرخ لەھەتتىن جاي بېرىپ ماڭدۇرغىنى ھەقتۇر.

5

زار بولۇپ ياد ئەيلىمەس ئەردىم خۇمارىڭ بولمىسا،
قەلب كۆكۈمدە چاقنىغان شولا ـ جۇلايىڭ بولمىسا.
سەرۋدەك قامەت ئۈچۈن مەپتۇنمىكىن دەپ ئويلىما،
چاي ئىچەمتىم چېھرىڭدە مېھرى ـ ۋاپايىڭ بولمىسا.
زەرلىباس، ئاھۇ كۆزۈڭ بولمايدۇ سۆيگۈ ئۆلچىمى،
چىن ساداقەت ئەھدىدىن ئاسقان تۇمارىڭ بولمىسا.
«مەن ھاياتكى، ئورنىغان ئىشقىڭ يۈرەكتىن ئۆچمىگەي»،
دەپ دىلىڭدىن ئەيلىگەن لەۋزىڭ ـ قارارىڭ بولمىسا.
مەن كۈتەمتىم شۇنچە يىل ۋىجدان، ئەقىدەڭ تىكلىگەن،
بۇ كۆڭۈل تۆرىدىكى يۈكسەك مۇنارىڭ بولمىسا.
كۆرمىدىم ئايۋان ـ قەسىردە كۈنكۆچۈرمەكنى راۋا،
نەتىرىكمەن ئۇندا ئاپتاپتەك جامالىڭ بولمىسا.
سېنى كۈتمەك بۇ ھاياتىم مەنىسى، ئۆتمەس كۈنۈم،
ئوي ـ خىيالىڭ بىرلە جانغا جان قوشارىڭ بولمىسا.

بۇۋىھەجەر ئارمىيە ئىملى

## تەنھا كۇپلېتلار

سارغايغان دۇنيانىڭ كۆكسىدە تۇرۇپ،
ھاياتنىڭ لېۋىگە سۆيگۈنۈمنى راست.
تارازا ئۈستىگە قىسمەتنى قۇرۇپ،
دېڭىزنىڭ كۆكسىدە كۆيگۈنۈمنى راست.

× ×

ياشىدىم ھۆر باسقان ئالەم كۆكسىدە،
قارىدىم گاھ خىرە، گاھىدا يورۇق.
قول بەردىم چۇقانغا تۇرۇپ رەستىدە،
ئىشىنىپ، ئىشەنمەي ئۆزۈمگە تولۇق.

× ×

بەختىمگە قاش ئاتتىڭ ئەيلىدىڭ بەربات،
ئېتىقاد ـ ئەركىمنى قىلالمىدىڭ مات.
نە قىلساڭ قىلغىنىڭكى دەۋران سېنىڭكى،
يېڭىلىش، يېڭىشنى ئۆگەتكەن ھايات.

× ×

مەن سېنى ئالدىدىم، قىلدىم مەسخىرە،
سەن مېنى ئالدىدىڭ كۆزلىرىم خىرە.

ياش تۆكەر ئالداشتىن بىقىسغان دۇنيا،
ھەق بىلەن ناھەقمۇ ئىككەن ھەمشىرە.

× ×

ئۆلدىمۇ مەندىكى ئىقتىدار ئەمدى؟!
ئېڭىمدا قۇپقۇرۇق دۇنيا نامايان.
ئۆزگىگە زورۇقۇپ بەرگەنتىم تەنبىھ،
قالدى ئاھ: ئۆزۈمگە پارچە ـ پۇرات نان.

× ×

زامانىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ ئۇزاق،
ئىقبالىم نۇرىنى قويدۇم يوقىتىپ.
قەدەمدە قويۇلغان سېھىرلىك تۇزاق،
سۆيگۈمگە خاتىمە بەردى ئۇزىتىپ.

× ×

جەننەتنىڭ مېھرىگە ئاتاپ ئۆزۈڭنى،
دوزاخنىڭ كۈلپىتى ئۈچۈن تۇتۇلدۇڭ.
ھەقىقەت ئالدىدا يۇمۇپ كۆزۈڭنى،
ۋىجدانىڭ دەسمايە قىلىپ قۇتۇلدۇڭ.

× ×

جىسمىڭغا جاۋاھىر بىلەن ھەل بېرىپ،
سالاپەت تونىنى كۆتەردىڭ ئېگىز.
قارىقىڭ ئەسلىڭنى كۆرسىتەر يېرىپ،
قالغىنى سېنىڭدىن قۇپ - قۇرۇق ئېگىز.

× ×

قىلمايدۇ يۈرىكىم ئەمدى قانائەت،
ۋىسالىنىڭ جامىنى قويساڭ كۆرسىتىپ.
ئىچىمەن قولۇڭدىن قانغىچە شاراپ،
سۆيگۈنىڭ لەززىتى - پەيزىنى سۈرۈپ.

× ×

بىر ساڭا ئېرىشمەك، پۈتۈن ئېرىشمەك،
مەندىكى بىر بۈيۈك ئارزۇ ھەم تىلەك.
مەيلى سەن ھىجران بەر، مەيلى مۇھەببەت،
بەرسەڭ تەلتۆكۈس بەر، بەرمىسەڭ ئەكەت!

× ×

نىگارىم جۈپ كۆزۈڭ ئوكيانغا تەڭداش،
يۈرىكىڭ بېرەركەن ھىجرانغا بەرداش.
گۈل يۈزۈڭ قىپقىزىل ئەتىرگە رەڭداش،
گەر كۈلسەڭ مۇڭلىنار كۆكتىكى قۇياش.

× ×

قايناق ھايات سۇنغان قەدەھنى،
ناخشام بىلەن قويسام تولدۇرۇپ.
ئىقباللىمغا تىككەن كۆچەتنى،
بىنومۇسلار ئالدى سولدۇرۇپ.

× ×

ئېتىقاد - ئەركىمنى بېغىشلاپ ساڭا،
ئىرادەم سۆيگۈدىن تىزدى جاۋاھىر.
سەن ئۈچۈن قايتىدىن بولدۇم تەۋەللۇت،
قەلبىمدە پاك سۆيگۈ بىخ سۈردى ئاخىر.

× ×

كېچىككەن مۇھەببەت، كېچىككەن سۆيگۈ،
تۈگەتتى تاقەتنى كۆيدۈرۈپ پەۋەس.
ئۇنۇتتى ھەممىنى، ئۇنۇتتى مەڭگۈ،
ھاياتقا قايتىدىن باغلىغان ھەۋەس.

× ×

كۆزۈڭ كۆز ئوغرىسى، دىلىڭ دىلىنىڭ،
سۆزۈڭ سۆز ئوغرىسى، تىلىڭ تىلىنىڭ.
باتۇرسەن جەڭگە چۈشسەڭ ياۋ ئالدىدا،
ئەسىرى سەن دىل ئوغرىسى بولغان گۈلىنىڭ.

× ×

ۋىسالىنىڭ يەلكىنى بارىدۇ ئۈزاپ،
لەۋلىرىم ساھىلى تۇرىدۇ ئۇسساپ.
سۆيگۈنىڭ كانىدىن قازسامۇ گۆھەر،
سۇنالماي يار ساڭا چېكىمەن ئازاب.

× ×

تولدۇرۇپ قەدەھكە قان رەڭلىك شاراب،
سۇندۇڭسەن جانانغا بەكمۇ ئالدىراپ.
ئەكسىچە بولدىغۇ كۈتكەن ئۈمىدىڭ،
گويا بىر مۆجىزات بولغاندەك خاراب.

× ×

مۇھەببەت، پاكلىقىڭ بىلەن ئويغىتىپ،
ھىجران چۆلىگە باشلىدىڭ مېنى.
ۋىسال جامىغا سۆيگۈ تولدۇرۇپ،
دېگىنىدە كىملەرگە سۇنىسەن ئۇنى؟

× ×

شەرپىڭگە قەدەھ كۆتۈرۈپ،
قۇتلۇقلىسام نىگارىم سېنى.
مانا ئەمدى قويدۇم يۈتتۈرۈپ،
ئىزتىراپتا ئەسلەمسەن مېنى؟

**چىمەنگۈل ئاۋۇت**

## شېئىرلار

### قىزىل ئېۋىدەك قىزارغان دۇنيا

مانانلاردىن سىرغىغان ناخشا،
يۈرىكىمگە ئالدى مۈكۈشۈپ.
سۇبھىدەك پاك تىنىق كۆزلىرىم،
بۇلاقلارغا كەتتى چۆكۈشۈپ.
قىزىل ئېۋىدەك قىزارغان دۇنيا،
كىرىپىكىمگە قونغاندا لەرزان.

ئاق ئەتىرگۈلنىڭ يۇمران بەرگىگە،
زىناقلىرىم رەڭ بەردى شۇئان.
گۈزەللىكتىن تۆرەلگەن شاۋقۇن،
دېڭىزلارغا پاتمىدى شۇ تاپ.
تىنىقلىرىم ئۈلسىز تولغىنىپ،
ئۇپۇقلارغا كېتىشتى تاراپ.

تۈنلەر باشلاپ كەلگەن لىرىكا،
سۇ يۈزىدە قىلىدۇ سەيلە.
ئۇيقۇمغا ھېچ بەرمەيدۇ ئارام،
يا ماڭىمۇ بارمىكىن مەيلى!؟

### نېمىنى ئىزلەيسەن ئىلاھ دىلبىرى

نىگاھىڭ چۆچۈتكەن چوغسىمان يۈرەك،
مۇزاتنىڭ كۈيىنى تەكرارلار ساناپ.
جىسمىمدىن تۆرەلگەن ئاھاڭسىز شاۋقۇن
يازماقتا لىرىكا ساڭىلا ئاتاپ.

جىمجىتلىق ئىچىگە چۆككەن مەۋجۇتلۇق،
ئىزدەيدۇ جىمجىتلىق ئىچىدىن سېنى.
سەن ئۇندا، يوقالغان كېكەچ قۇشلاردەك،
نېمىنى ئىزلەيسەن ئىلاھ دىلبىرى؟

### دېڭىز سۈرىتى

دېڭىزنىڭ چۇۋۇلغان چېچىنى تاراپ،
تاغلارنىڭ بويىنىدا ئولتۇرار قۇياش.
يەلكەنسىز قېيىقنىڭ جېنىيەكلىرىدە،
سىمابتەك تىترەيدۇ بىر تامچىلا ياش.
ساھىلنىڭ يىرتىلغان ئېتەكلىرىدە،
ياتىدۇ چېچىلىپ سۇنغان سۆزۈك تاش.

بېلىقلار كۆزىدە چۈش كۆرەر شېرىن،
خادا تاش كىرپىكى نەملىگەن قاراق.
قۇلۇلە قېپىدەك ياتار خىرامان،
قاچاندۇر نىشانسىز يوقالغان پالاق.
دېڭىزنىڭ قاناتسىز قۇشلىرى ئاران،
كۆپۈككە مىنگىشىپ يۈرۈيدۇ ساياق.

شاۋقۇنلار لېۋىدە پاناھسىز سەدەپ،
سوغ شامال باغرىغا كەتمەكتە چۆكۈپ.
زەڭگەر رەڭ ئۇپۇقنىڭ پىغانلىرىنى،
غۇبارسىز دولقۇنلار بېرىدۇ تۆكۈپ.
توڭلىغان ئاداققى ئۈمىدلىرىنى،
ھاياتلىق ئىلاھى قويىدۇ سۆيۈپ.

### تەلۋىلىكىم ئاتا قىلغان گۈزەللىك

ئەسلىمەمنىڭ قىراۋ باسقان كىرپىكى،
يۈرىكىمدىن تاپالمىدى ئىزىنى.
مەۋجۇتلۇقۇم شۇ پاناھسىز خىلۋەتتە،
جىمجىتلىققا تاشلاپ بەرگەچ ئۆزىنى.

كۆكۈش تۇمان ماكان قىلغان ئورمانىنى
ئەللەي ئەيتى سۈكۈتلىرىم پەپىلەپ.
تەلۋىلىكىم ئاتا قىلغان گۈزەللىك،
مېڭىپ يۈرەر يوللىرىدا تەمتىرەپ.

مەن بىلمەن ئۆكسىمەيدۇ پاك روھىم،
ھاياتىمنىڭ ئالقىنىدا ئەقىدە.
تەنھالىقىم ۋاپاداردۇر بىر ئۆمۈر،
بولسا ھەمۇ گەر يېزىلمىغان لەتىپە...

### تاڭ پەيتى

سۇبھىنىڭ لېۋىدە جىلۋىدار قۇياش،
چۈشلەرنىڭ كۆكسىگە ئۇرغاندا خەنجەر.
كىرپىكلەر ئارماندا ئاجرىدى لەرزان،
باغلاردا ئەتىرلەر چېچىشتى ئەنبەر.

پاناھسىز ئۈمىدنىڭ يورىدى كۆزى
كۆلكىدىن سىن بەردى بۇلاق سۈيىگە.
ھەسرەتتە ئىس يۇتتى بىچارە ھىلال،
پاك نۇرلار تۇپراقنىڭ سۆيدى يۈزىگە.

توزانلار كىرپىكى قالدى نەملىشىپ،
ئېقىنلار باغرىدا بىر ئوماق كۈلكە.
روھىنى يوقاتقان مادارسىز ۋۇجۇد،
دەرد تۆكۈپ بېرىدۇ چوغسىمان گۈلگە.

يېشىللىق قوينىغا قان چاچقان شەپەق،
ئېدىرلار سەتھىدىن تۇتۇشتى ماكان.
ھېسلارغا چىرماشقان يالپۇز ھىدىنى،
ئىقبالنىڭ كەپتىرى ئېپقاچتى شۇئان.

www.uyghurkitap.com

گۇلئەنبەر يۇسۇپ

## قەلەمداشلارغا تىلەك

**مۇكەررەم ئەبەيدۇللاغا :**

سىز ئۈستۈرگەن «سۆيگۈ گۈللىرى» ①
ئەتراپلارغا چاچار خۇش پۇراق.
بىزمۇ ماگدۇق ئىزىڭىز بېسىپ،
ئىجادقا چىن باغلاپ ئىشتىياق.

**ھاجى ئاتىكە مىرەخمەتكە:**

ۋىجدانىمنى قوزغايدۇ دائىم،
بىمار ئاھى «بىمارنىڭ زارى» ②
ئىجادتا سىز بىزلەرگە ئۈلگە،
بىزلەر سىزدىن خۇرسەن ۋە رازى.

**ماھىگۇل پەخرىدىنگە :**

«ئارمىنىغا يەتكەن قىز» ③ لارغا،
«قىزىل شارپا» ④ قىلىپسىز سوۋغا.
بىرەر پوۋېست، رومان چىقمىسا،
چوقۇم قىلىپ بارىمىز غەۋغا.

**دىلبەر قېيىۇمغا :**

ئەجىرگە مۇناسىپ ئالدىڭىز ئورۇن،
بەيگىلەر قويىندا ياڭرىتىپ«غەزەل»⑤
ئاتەشتەك ناخشىلار چىقامدىكىن تاڭ،
يۈرەكلەر رىتىمى بۇزۇلغان مەھەل.
ئۇرغۇتۇپ بۇرۇنقى قىزغىن روھلارنى،
بىزلەرنى نەزەرگە ئېلىپ قويۇڭ سەل.

**رەشىدەم سىيىتكە:**

كىرپىدك قاقماي ئۆتىدىكەنسىز،
«قانچىلىغان كېچىلەر شۇنداق» ⑥
كۆيلەر پۈتۈپ ھارمايدىكەنسىز،
«ئىجاد» ⑦ قا چىن باغلاپ ئىشتىياق.
«مەن تۇتىمەن دىل كۆيلىرىمنى» ⑧
سىزنى ھۈرمەت قىلغاچقا ھەر ۋاخ.

**تۇنسا ئوسمانغا :**

«قۇندۇز چاچلار» ⑨ ئاقاردى بىۋاخ،
«سۆكۈتتىكى جانانغا» ⑩ قاراپ.
ئۈمىدلىنىپ يۈرىمىز سىزدىن،
كۆيلىرىڭىز قالغاچقا ياراپ.
«سۇمبۇل چاچنى ئىزدەيمەن»⑪ دەپلا،
ئەقىدىنى ئەيلىمەڭ خاراب.

**خالىپە ساۋۇتقا :**

سەۋەب بولدى تەھلىل، پەرەزگە،
دىللار ئارا «كۆرۈنمەس زەنجىر»⑫
گۇمان قوزغاپ قويىدۇ جۇمۇ،
بەرمىسىڭىز چۈشەنچە، تەبىر.

**پاتىگۇل مۇھەممەتكە:**

«قىرىتالماس سۆيگۈنى يىللار»⑬
«سۆيگۈ كۆيى ــ ئالەمگە زىناق»⑭
«ئاشىقلىق»⑮ نىڭ تۇيغۇسى بىلەن،
بىرەر داستان پۈتىسىڭىز قانداق؟

**تۇنسا ھەسەنگە :**

ئىلھام بەرگەن بىر چاغلار سىزگە،
«يېڭى دەۋران باھارى»⑯ يازى.
يېزىڭ ھەدە، چىقسۇن ئەۋجىگە،
شوخ كۆيلەرنىڭ ناۋاسى، سازى.

**ئاتىكە زەمىرگە:**

بەزى شېئىر، بەزى ھېكايە،
بەزى ئىلمىي ئەسەرلەر يېزىپ؛
خەلقىمىزگە تۇتىمەن دەمسىز،
ئىجادتىن گۇل دەستىلەر تىزىپ؟

ئادالەت ھەبىبۇللاغا:

«قىققىنۇسىنىڭ تويى»⑰ غا بېرىپ،
ھاياجانغا چۆمگەنمىتىڭىز؟
كۆرۈپ ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى،
«بەخت»⑱ بىلەن كۆلگەنمىتىڭىز؛
ئەجەب قىزغىن يازىسىز، بىزنىڭ —
تىلەكلەرنى بىلگەنمىتىڭىز؟

گۈلجامال داۋۇتقا:

ئەزەلدىن بار شۇنداق «چۈشىنىش»⑲
قىزلار قەلبى نازۇك، بىغۇبار.
سۆيگۈسىگە بولىدۇ سادىق،
«ئوغۇل بالا»⑳ بولسا ۋاپادار.
چىقار سىزدىن چوڭراق ئەسەر دەپ،
كۆزلىرىمىز ئۈمىدتە باقار.

گۈلسۇم ئوسمانغا:

«پىچىرلايدۇ ئويغاق دولقۇنلار»㉑
قوزغاپ دىلدا بىر ئىزگۈ ئارمان.
يېزىڭ شۇنداق لىرىكىلارنى،
قەلبىڭىزنى تۇتماستىن پىنھان.

خانقىز ئابلىزغا:

ئوماق «قەشقەر غۇنچىلىرى»㉒ غا،
سىڭگەن سىزنىڭ يۈرەك قېنىڭىز.
ئۈندەر بىزنى گۈزەل «ئەتە» گە㉓
«قوڭغۇراق» ㉔ تەك ياڭراق ئۈنىڭىز،
شېئىر كۈتسەك سىزدىن، ئالدىراش —
ئۆتىدىكەن سىزنىڭ كۈنىڭىز.

زۇلپىيەگە

قىزلارغا خاس پاك بىر تۇيغۇدا،
يېزىلغانتى «سۆيگۈ قىسمىتى»㉕
«ئېزىتقۇ»㉖ نى ئوقۇپ كىشىنىڭ،
ئاپتورىغا ئاشار ھۆرمىتى.

يېزىڭ ھارماي، ئىجادكارلارنىڭ
بولار ھامان قەدرى - قىممىتى.

ئايتۇرا سادىرغا:

تۇتاش ئويلار، «تۇتاش تۇيغۇلار»㉗
يۈرەكلەردە ئويغىتار ھېسلار.
يېزىڭ ھارماي، ئۆچمەس ئەبەدى،
ياشلىقتىكى قالدۇرغان ئىزلار.

روشەنگۈل تۇرسۇنغا:

قىسقا، لىرىك «نەسىرلەر»㉘ ىڭىز،
پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە باي.
ئۈزۈپ چىقماق ئۈچۈن بەيگىدە،
يېزىڭ شۇنداق توختىماي، ھارماي.

نۇرسىمان ئابدۇقادىرغا:

بىرەر لىرىك داستان چىقاردەپ،
باقتۇق سىزگە شۇنچە ئۈمىدۋار.
«گۇناھ بولماس ئۇنىڭدىن ئارتۇق»㉙
ئەقىدىنى ئەيلىسىڭىز خار.

چىمەنگۈل ئاۋۇتقا:

«قىيادىكى ئارمانلار»㉚ ىڭىز،
قەلبىڭىزنى ئەيلىگەن ئىزھار.
«پاك ھەم يۇمران ئەقىدە گۈلى»㉛
دىللاردا پاك سۆيگۈ ئويغىتار.
داستان چىقار دەپ سىزدىن يەنە،
كۆزلىرىمىز ئۈمىدتە باقار.

گۈلبوستان ئابدۇرېھىمغا:

«پارتىيەم»㉜ نىڭ شەپقىتى بىلەن،
ئۆستىڭىز شاد شۇنچە بەختىيار.
سىرداش بولۇپ كۆيلىرىڭىزگە،
«كۆزلىرىمدىن مارايدۇ باھار»㉝
يېزىڭ دوستۇم، بىزلەرنى تېخى —
قانچە بەيگە سورۇنى چىللار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

**تۇرسۇنگۇل توختىغا:**

«گەر بەختلىك بولساڭ چۈشۈڭدە»㉞
تۈنلەر ساڭا بولسۇن ئۇزۇنراق.
يۈرىكىڭنى قىلامدۇ زېدە،
تۈنجى «سۆيگۈ»㉟ قالدۇرغان پىراق.
دىدارلىشىپ قالارمىز بىر كۈن،
كۆزلىرىمىز ھەسەتتىن يىراق.

**ئامىنەگۈل ھېكىمگە:**

پىنھان كېزىپ يۈرۈيدۇ دىلدا،
«باھار پەسلى نۇرلانغان ۋىسال»㊱
مۇشۇ روھتا يازسىڭىز قىزغىن،
بىزلەر سىزدىن بولاتتۇق خۇشال.

**ساداقەت تۇرسۇنغا:**

«پەرىشتە»㊲ دەك ئۆتكۈسى ئۆمرى،
ساداقەتمەن بولسا گەر ئىنسان.
چوڭراق ئەسەر چىقىسكەن دەيمىز،
ئىنتىزار بوپ، تەلمۈرۈپ ھامان.

**نۇرگۈل مېجىتقا:**

سىرداشلاردىن قىلىدۇ ھامان،
ئورتاق خىيال، ئورتاق «ئىزدىنىش»㊳
دىدارلىشىپ قالساق بىر كۈنى،
پەيدا بولار بىر خىل چۈشىنىش.

**بۇخەلىچە ئىمىنغا:**

شۇنچە مەسۇم پاك بىر تۇيغۇدا،
باقار بىزگە «تىلسىز پەرىزات»㊴
سىزگە مەدەت، ئىلھام بېغىشلار،
قايناق تۇرمۇش، بۇ گۈزەل ھايات.

**نۇرىمان مۇھەممەتكە:**

«بارغانمۇ سىز دولان يۇرتىغا»㊵
مەن دولانغا بارغان، بىلمەن.
قىزغىن روھتا يازسىڭىز ئەسەر،
سىزدىن رازى بولۇپ «كۈلىمەن»㊶

**ئادالەت ئابدۇرېھىمغا:**

چىللاپ سىزنى «ئۇيقۇ پەرىسى»㊷
روھىڭىزنى قىلامدۇ قامال.
«باغ»㊸ دا سەيلى قىلىشۋەرسىڭىز،
ئىجادىڭىز تاپامدۇ كامال؟
تۈگمەندۇ جۇدالىق تۈنى،
قولغا ئېلىڭ قەلەمنى دەرھال.

**گۈزەلنۇر ئابدۇرېھىمغا:**

«سەھرا قىزى»㊹ ئۆزى ئوماق قىز،
ئەقىدىسى «بولمىسا»㊺ بىكار.
«قەشقەر»㊻ گە چىن سۆيگۈڭىز بولسا،
نەزمىلەردە قىلىسىڭىز ئىزھار.

1992 - يىل، قەشقەر.

**ئازادگۈل ئابدۇرېھىم**

## شېئىرلار

**گەل قەدىردان، بولايلى كەيپ**

شارابلىرىڭ كۆزۈڭدە ئىكەن،
پۇرىقىدا مەست قىلدىڭ مېنى.
ئېھ، ھاياتىم بولارمۇ بەدەل،
سۆيۈۋالسام قەدەھلىرىڭنى...؟

ئاۋۇندۇردۇڭ قەلب خانەمنى،
ئىزگۈ خىيال بولدى ئىككى قات.
تەنھا كۆلبەم ئەجەب بىچارە،
كېچىلىرى غىچىرلار كارىۋات.

① دىن ㊻ گىچە شۇ ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ماۋزۇسى، ماۋزۇسىنىڭ بىر قىسمى ياكى توپلاملىرىنىڭ نامى.

ئازابلانغىن، ئازابلان مەندەك،
كۆلكىلىرىڭ تەگدى جېنىمغا.
بۇلۇتلارغا ئورالغان قۇياش،
كۆز يېشىمدا چۈشەر ئارامغا.

ھەۋەس قىلدىم شارابلىرىڭغا،
قىلسۇن مەيلى بى ماغدۇر زەئىپ.
ياپراق ئوخشاش چىلىشىپ ئۆتەي،
كەل قەدىردان، بولايلى كەيپ!

### مەي

مەن دۇنيانى،
ياق! ئىنسانلارنى،
كۆرگىنىمدە ئىگاھ بولدى جام.
يالتىردى مەرۋايىتتەك مەي،
ئىچەر بولدۇم قېقىلىپ ئاخشام.

قېرىنداشلار «خۇش، كەتتى!» قىلدى،
بى ئىلاجە مەن «بولدى» دېيىشكە.
تۇرسىمۇ گەر مىسكىن يۈرەكتىن،
ياش تامچىلاپ چۈشۈپ قەدەھكە.

ياشلىرىمدىن قىلسا مەن پەيدا،
قەدەھ ئىچرە ئاجىز بىر دولقۇن.
مەيدىن تاپتى ۋۇجۇدۇم قۇدرەت،
سوقۇلغاندەك قىرغاققا ئۇپقۇن.

يۇتۇۋالدى كۆزۈم دۇنيانى،
بولۇپ گويا مەي قۇيۇلغان جام.
بىر سۈرەت بار يىراقتا غۇۋا،
كۆرگەنىدىم، چۈشۈمدە ئاخشام.

### قۇياش

1
ئانام بەرگەن ئانارنى سىقىپ،
چېچىۋەتتىم قۇياش يۈزىگە.
ئەرز ئېيتىپ چىقتى قىزىرىپ،
يېلىنغاندەك گويا زېمىنگە.

2
مەن قۇياشقا قىلىپ كۆپ سەجدە،
ئىسكاھىمنى سۇرتىۋەت دېدىم.
قىزىل قانغا بويالدى زېمىن،
چەككە يەتتى ئۆرلەپ پىغانىم.

قولۇم سوزۇپ سەدىقە سوراپ،
قۇرۇتقىن دەپ يېلىندىم نۇرغا.
قۇلاقلىرىم كەتتى زىڭىلداپ،
چېلىنغاندەك يېنىمدا بۇرغا.

«مەن نېمىشقا يىغلايمەن...!؟» دېدىم،
ساما ئىچرە يۇتتى سادايىم.
ئىزلەپ بېرىپ تاغدا جارسالدىم،
ئەكس سادا بەردى نىدايىم.

نەرە تارتسام بوران ھۆكۈرەپ،
ئۆرۈۋەتتى مىسكىن كەپەمنى.
سەدىقە بەر نۇرۇڭدىن قۇياش،
قۇرۇسۇن ياش، تاپاي ئەتەمنى.

1993 - يىلى يەنۋار.

**مۇنەۋۋەر مۇھەممەت**

## ئىككى شېئىر

### تەشنا يۈرەك تاپمىدى ۋىسال

تۇرىمەن سارغايغان ياپراققا قاراپ،
(پۇرلاشقان خىيالىم ئۈستىدە دەزمال)
ھەسرەتلىك يۈرىكىم سوققاندا دەردلىك،
سېزىمەن جىسمىمدا ئۆزگىچە بىر ھال.

ئېچىنىش ئىلكىدە ياش تۆكسە قەلبىم،
چاچرايدۇ كۆزۈمدىن غەزەپلىك ئۇچقۇن.
پۇشايمان چۆلىگە قىلىنىپ سۈرگۈن،
كۆڭۈلسىز ئەسلىمىگە بولىمەن تۇتقۇن.

نى ئۇلۇغ شائىرلار، ئالىم، ئەدىبلەر،
سۆيگۈنى تەرىپلەپ، داستانلار يازغان.
لېكىن، شۇ سۆيگۈلەر بەختىمنى يەنجىپ،
قەلبىمنى تىلغۇچى بولدى بىر ئازغان.

چۈنكى شۇ سۆيگۈگە تەشنا يۈرىكىم،
بىھۇدە دەرد چەكتى تاپمىدى ۋىسال.
مەنىسىز خۇشلاشقان گۈزەل ياشلىقنى،
زەپىران شۇ ياپراق ئەمەسمۇ مىسال.

**ھىجراننى قىلمىغىن تارتۇق**

شېرىن چۈش تۈيغۇمنى غەرق ئەيلىدى،
چېچەكنى پەر ياستۇق قىلىپ بەر ئەركەم.
قەلبىمگە سوغۇق سۇ سەپسەڭمەيلىدى،
بىلەتتىم يەنىلا ئەزىز مۇكەررەم.

قەلبىمدە بىخ يارغان ئەقىدە گۈلى—
بىلىمەن سۆيگۈنى جېنىمدىن ئارتۇق.
كۆز ئاچسۇن ئالدىمدا ۋىسالىڭ يولى،
ئامرىقىم ھىجراننى قىلمىغىن تارتۇق.

**نۇرسىمان ئابدۇقادىر**

## سۆيگۈمىز چىن، سۈزۈك قەترىدەك

داۋالغۇتتىڭ قەلبىم كۆلىنى،
ئويناپ نازۇك بارماقلىرىڭدا.
سۆيسەم ئىزى قالارمۇ دەيمەن،
سېنىڭ ئوتلۇق تامغاقلىرىڭدا.

ئوۋۇلشۋالدىڭ دولقۇنلىرىنى،
ئېلىپ قەلبىڭ قارماقلىرىغا.
چۆكسەڭ ئىدىڭ ئاشۇ كۆڭۈلنىڭ
نائىل بولۇپ ئامراقلىقىغا.

ئاھ پەرىشتەم - كۆڭلى پاك دىلبەر،
سۆيگۈمىز چىن، سۈزۈك قەترىدەك.
ۋىسال پەيزى سۈرەيلى، كەلگىن،
شەبنەم بىلەن گۈلگۈن ئەتىرىدەك.

**گۈلچېھرە ئەزىز**

## ئىككى شېئىر

**سېنىڭسىز كۆڭلۈمگە كىرەلمەيدۇ غەم**

جۇپ كۆزلەر ئۇچرىشىپ قېلىشتى مىسكىن،
يۈرەكلەر ئورنىدىن قوزغالدى يەڭگىل.
تېۋىشسىز قىمىرلاپ قېلىشتى لەۋلەر،
لال بولۇپ ئالدىڭدا تىترىدى بۇ تىل.

ئۆتمۈشنى ئۇنۇتقان چاناقلار بۇندا،
بىرەلمەس سىرداشقان يۈلتۇزدىن دېرەك.
بىچارە سۆيگۈگە ئەسلىمە سىرداش،
ئاھ، بۇ چاغ تاتلىقتۇر ئەسەبىي تىترەك.

تۆگەپتۇ ھەممىسى، تۈگەپتۇ بەك تېز،
مۇھەببەت جۇتىدا توڭلىدى جىسمىم؛
سۆيگەنمەن بەك تاتلىق تۇيغۇدا سېنى،
يوشۇردى ھەممىنى بۇ دەردلىك تېنىم.

نە ئامال خۇشلاشماي سېنىڭدىن ئەمدى،
چۈشۈمگە كىرمىگىن، خىيالىمغا ھەم.
قەلبىمنىڭ دالاسى بولسىمۇ غېرىب،
سېنىڭسىز كۆڭلۈمگە كىرەلمەيدۇ غەم.

**سىنىم - سىم يامغۇر**

رۇجەكتىن ئاڭلىنار يامغۇر تېۋىشى،
مۇڭ باسقان قەلبىمگە سىڭىپ كۆپ تەشۋىش.
سەن نەدە، كىملەرگە بولدۇڭ «يامغۇرلۇق»؟
مىسكىن قەلبىمنى قاپلىدى ئەندىش.

يولۇڭغا تەلمۈرۈپ كىرپىك قاقمىدىم،
ۋىسالىڭ كويىدا ئاھ ئۇرۇپ بۈگۈن.
ياشلىرىم يامغۇرغا سىڭمەكتە ئۈنسىز،
قەلبىڭدىن قەلبىمنى قىلدىڭمۇ سۈرگۈن.

سىم ـ سىم يامغۇردا يۈرىمەن تەنها،
خىيالىم سەن بىلەن مۇڭدىشار ھەردەم.
ئەينى چاغ سەيلىگاھ «ئاتەش ئورۇندۇق»
سىم ـ سىم يامغۇردا يۇيۇلار بۇ دەم.

سالامەت ئۆمەر

## ئىككى شېئىر

### سۆيگۈ كۈيى

سۆيگۈنىڭ ئاھ ئىزگۈ قۇچاقلىرىدا،
مۇڭلارغا بۆلىنىپ ئۇخلايدۇ ۋىسال.
ئاھ سەبىي ھېسلارنى كېلىدۇ يۇدۇپ،
كۆزنەكتىن مارىلاپ كىرگەن ئاي ھىلال.

قارىچۇقۇم بېتىگە شۇ گۈزەل كېچە،
سېغىنىش ئىلكىدە سىزىلار دەم ـ دەم.
چۈشلىرىم پۈتتۈرگەن ئاشۇ سىماھنى،
نىچۈنكى ھېسلىرىم ئىزلەيدۇ ھەر دەم.

تۈنەپ شۇ ئۆكسىگەن بۇلاق تۈۋىدە،
كۈيلەپ پاك سۆيگۈنى چېلىنىدۇ نەي.
ئۇپۇقتا تۇتاشقان يالغۇز ئاياغ يول،
كېلەر ئاھ بىدارلىق كۆزىنى ئۈزمەي.

### ئىشقىمنى كەتتى يېتىلەپ

سۆيگۈ ئىزلەپ كۆكنىڭ قوينىدىن،
سالدى ھېسلار ئايغا چىڭ گىرە.
ئۆملۈكى يوق سانسىز يۇلتۇزلار،
يىراقتىلا جىمىرلار خىرە.

رەشىڭ كۆزدە مارايدۇ ۋىسال،
قۇچىقىغا چىللاپ ئۇ ئەنە.
ھېسلىرىمغا قوشۇلۇپ شۇ ھال،
مۇڭلۇق خىيال بەزلەيدۇ يەنە.

مۇڭلۇق خىيال بەزلەيدۇ يەنە،
تۇغدۇرۇپ ھەم سۆيگۈمدىن پىراق.
يوپۇرماقتا تۈنىگەن شەبنەم،
نە ئۈچۈندۇر يىغلايدۇ يىراق.

ھىجرانىغا بۆلەنگەچ سۆيگۈ،
تۇرار يۈرەك ئۈنسىزلا تەۋرەپ.
ئەللەيلىنىپ مۈگدىگەن يۇلتۇز،
ئاھ، ئىشقىمنى كەتتى يېتىلەپ.

ئالىيە تۇرسۇن

## يەنە قانداق مۇرادقا يەتتىڭ

كۆزلىرىمدىن ئۇچقانتىڭ نەۋاخ،
ئىسسىق بەلباغ كۆزلىگەن قۇشتەك.
مېنى تاشلاپ كەتكەنتىڭ يىراق،
يۈرىكىمگە سېلىپ دەرد ـ پىرق.
مەن سېنىڭدىن ئايرىلغان چېغى،
ئارمانلىرىم چىلاشقان سۇغا.

بولغاچ دىلدا ھەسرەتنىڭ دېغى،
روزىغارىم بىلىندى ئوغا.
شۇندىن بېرى،
شادلىق مەھرۇم بولدى مېنىڭدىن،
شۇندىن بېرى،
روھىم—
ئايرىلغاندەك بولدى تېنىمدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشەنچ، ۋاپا، پاك ئەقىدىلەر،
كەلمىگەچكە ھەرگىز سېنىڭدىن.
شۇنداقتىمۇ،
گاھىدا،
خىيال قىلىپ سالىمەن سېنى.
ئۈمىد قىلىپ قالىمەن شۇنى،
خەۋەر تاپسام دەپ.

ئاھ! ھازىرقى ھالىڭ كۆڭۈلدىن
كەتتىڭ...
كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپلا كەتتىڭ،
ئەپسۇس،
يەنە قانداق مۇرادقا يەتتىڭ؟

خاسىيەت ئىمىن

## شېئىرلار

### مەن يىگانە كائىنات قىزى

توۋا دەيمەن،
قەلبىمدىكى بولدۇقلاۋاتقان
سان ـ ساناقسىز تىلسىم ھېسلارغا.
چومپەردىلىك جەلپكار تۇيغۇ،
ناخشا سۇنار غەمكىن دىللارغا.
ئېھ ھايات!
ئۇندا قايناق ئوتلۇق ھاياجان،
ئۇندا ئازاب ھەم شىرەم تۇغقان.
كۈلۈپ باقسا بەزىدە قۇياش،
ۋە بەزىدە تۇماندا پاتقان.
يۇرتۇمدىكى گۈلگۈن مەنزىرە،
سىڭىپ كەتكەن تەسەۋۋۇرۇمغا.
سۇلاردىكى مەرغۇل ساداسى،
كۆچكەن بەلكى تومۇرلىرىمغا.
شۇنداق!
مەن يىگانە كائىنات قىزى.
ماكانىدۇر يېشىل دالىلار.
شاماللارنىڭ نازۇك رىتمى،
ياڭرىتىمدۇ يېڭى ناۋالار
مەن يىگانە كائىنات قىزى،
سۆيگۈم ئاڭا بولدۇقلاپ تاشار.

### تىنىقىمدىن تارايدۇ سۆيگۈ

نىگاھىمدا كونا رىۋايەت،
تىلسىملاردىن توقۇدى چۆچەك.
چۈشلىرىمدەك تۇمانلىق سەھەر،
يوقاپ كەتتى ئۇندا بىر گۆدەك.

يوقاپ كەتتى ئۇندا بىر گۆدەك،
ئۈن ـ تىۋىشسىز، ئىزسىز، ئۈمىدسىز.
پەردە يايدى ئىزىنىقۇ شامال،
شوخ ھېسلارغا بېقىپ كۆيۈمسىز.

شوخ ھېسلارغا بېقىپ كۆيۈمسىز،
يالماپ يۇتتى بېرىنىپ غەمكىنلىك.
چۇقان سېلىپ سەۋدا ناخشىغا،
يوپۇرۇلۇپ كەلدى تەلۋىلىك.

يوپۇرۇلۇپ كەلدى تەلۋىلىك،
ئېگىم بىلەن ئېلىشتى ئۇزاق.
مەغلۇپ بولۇپ قاچتى نائىلاج،
ئەقلىم قۇرغاچ ئۇنىڭغا توزاق.

ئەقلىم قۇرغاچ ئۇنىڭغا توزاق،
جىلۋىلەرگە چۈمدى باھارىم،
تىنىقىمدىن تارايدۇ سۆيگۈ،
ئاتەش بەرگەن ئانا دىيارىم!

### قار ئاستىغا كۆمۈلگەن سۆيگۈ

سۆيگۈ كۈيى باشلىغان دىلغا،
ئېيتىمىدىمۇ تونجى قار نىگار.
ئاپئاق دالا بولغانتى شاھىد،
سۆيگۈمىزنى قىلغاندا ئىزھار.

باشلاپ كىرگەن قەلبىمگە باھار،
ئاشۇ قىشتىن باشلانغان سۆيگۈ.
ئاتقىنىمدا بىر ئۇچۇم شوخ قار،
جىسمىم قۇچقان زەپ ئىللىق سەزگۈ.

ئۆتۈپ پەقەت بىرلا گۈل پەسىل،
ياغقان چاغدا يەنە تۇنجى قار.
قاردەك ئاپئاق سۆيگۈ كۈيىگە،
سىرداش قىپسەن باشقا بىر دىلدار.

چاچقىنىمدا ئاشۇ دىلبەرگە،
قار گۈلىنى خۇشال كۈلۈشتە.
ساڭا ئاتماق بولۇپ تۇرغان قار،
ئالقىنىمدا قالدى سوكۇتتە.

قار ياغماقتا، ياغماقتا يەنە،
ئاقلىقىدا پاكلىقى جەۋلان.
قار ئاستىغا كۆمۈلگەن سۆيگۈ،
باھارنى چۈشەيدۇ ھامان.

ئارزۇگۈل مەمتىمىن

## ئىككى شېئىر

### ۋىسال تىۋىي

ئىزغىرىن شاماللار ئۇچۇرۇپ كەپتۇ،
بىلمىدىم ۋە لېكىن ئېكىمدا نە ئوي؟!...
سوغ ئەمەس، بۇ شامال گوياكى ئاتەش،
شۇ تاپتا جۇپ يۈرەك ئوينىماقتا توي...

چاغلىقلا بىر نەرسە مەندىكى تۇيغۇ،
بولالماس ئۇ ساڭا مەڭگۈلۈك ھەمراھ.
ئازابتا قويمىغىن بىزدەك بىر جۇپنى،
مەن ساڭا يېلىناي ئەي تەقدىر ئانا!

خۇشاللىق ساڭىلا، پەقەت ساڭىلا،
ئوتڭ قولۇم كۆكسۈمدە تەبرىكلەي سېنى!
قىلارمەن دوستلۇقنى مەڭگۈ ئۇنتىيا،
سەنمۇ ھەم ئۇنۇتماي ئەسلىسەڭ مېنى!

### ياغقىن يامغۇر

قۇرۇپ كەتكىن شېرىن سۆزلۈك تىل!
قۇرۇپ كەتكىن ئايلىق مۇھەببەت!
سېنىڭ ماڭا بەرگەن نېسىۋەڭ،
تۈزىماس دەرد، جىمغۇرلۇق پەقەت.

سېسىپ كەتسۇن چىرايىغا كۆيۈپ،
ئەقىدىنى ئۇنۇتقان يۈرەك!
كىم قەدىرنىڭ قەدرىنى بىلەر؟
ياغقىن يامغۇر!
يۇيغىن كۆڭۈلنى،

جىمى ئادەم پاكلانسۇن بۆلەك!

1992 - يىل 5 - ئاي، خوتەن.

گۈلبەھرەم توختى

## ئىككى شېئىر

### مەن، سەن، ئۇ

ئېسىل تائام يۇتۇۋالغاندەك،
قايتۇرمىدىم شەپقەتلىرىڭنى.
يۇتۇلگەندەك تەلۋىلىك باشقا،
ئاڭلالمىدىم ھەسرەتلىرىڭنى.

### ئېرەن قىلماي...

باشقا بىرى ساداقىتىگە،
بولۇۋاپسەن «گىگانت ئادەم».
سەن ئەۋەتكەن سۆيۈملۈك قوقاس،
يۈرىكىمنى پۇچۇلاپ ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەشىك بىلەن قىينار دەممۇ دەم،
.........
گۆھەرىنى يوتۇۋالغاندەك،
بولۇۋېلىپ خىيالىدا:
ھەمراھسىز پىلانىيت،
ئېلىپ كەتتى يۈرىكىمنى ئۇ.
تاپالمىدىم،
بېرەلمىدى،
قەلبىمدىكى سىرىمغا جاۋاب؛
ئۆزىچە
قەلب كۆكۈمدە،
بولۇۋېلىپ تەنھا بىر يۇلتۇز،
سادا بەرمەي تۇرار ئۇ چاقناپ...

**سەن يازغان شېئىر...**

ئىگاھلىرىم شېئىر دەپتىرى،
ھەممىسىلا سەن يازغان شېئىر.
ئىگاھلىرىم شېئىر دەپتىرى،
تەكلىپ قىلسام، ئىھ جەسۇر ئاپتور،
قىلالامسەن دېكلىماتسىيە؟
ئىچمەي تۇرۇپ ئىككى-ئۈچ ئاپقۇر...؟!
ئىگاھلىرىم شېئىر دەپتىرى،
ھەممىسىلا سەن يازغان شېئىر.
خۇپىيانە يۇمۇپ كۆزۈمنى،
بەزەن ئوقۇپ بېرىمەن ئۆزۈم ئۆزۈمگە.
كۆرۈپ قالىمەن،
بەزەن
يادىلايسەن شائىر شېئىرىڭنى،
پىچىرلايسەن ئاستا يۈرەككە...
ئىگاھلىرىم،
ئىگاھلىرىم شېئىر دەپتىرى،
ئۇندا ياڭرار سەن يازغان شېئىر.
ئۇندا چاقنار ئانام سۆيگەن ئىز،
يوغان ئېچىپ جەسۇر كۈچ بىلەن
باردىم نوبىل ئالدىغا يۈگرەپ،
— قاراپ باققىن،
كۆزۈمگە بىر — دەپ.

ئايسىمە ئىدرىس

**سەن كېچە، مەن يالتىراق قوڭغۇز...**

1

سەن بولغىن كېچە،
مەن جىسمىڭنى يورىتاي
قوڭغۇز بولۇپ پارقىراق.
ئۇخلاپ قالساڭ ناۋادا
تاتلىق پىچىرلىشىمدا،
چۆچەك ئېيتىپ بېرىمەن
ياق! ياق! ياق،
ئېيتمايمەن چۆچەك.
قانىتىمنى يېيىپ كەڭ،
بولىمەن ماموق تۆشەك.
توڭۇپ قالساڭ،
ئىللىق تىنىقىم بىلەن
ئىسسىتىمەن جىسمىڭنى.
تاپالمايدۇ سېنى قىراۋلار.
قار چېچەكى ھەم نۇرلۇق سۈھەل،
زېرىكسەڭ،
كۆزلىرىڭگە تەلمۈرگىنىمچە،
ئېيتىمەن ناخشا.
ناخشامدا —
سەن بار ئاي ھەم يۇلتۇز بار،
شىلدىرلىغان ئۆت-چۆپلەر مۇ بار،
ناخشامدا،
سۆيىمەن سېنى سۆيۈملۈك كېچەم.

2

سەن بولغىن كېچە،
مەن جىسمىڭنى يورىتاي
قوڭغۇز بولۇپ پارقىراق.
ئاشۇ جىمجىت قوينۇڭدا
كۆرۈۋالاي جىسمىمنى،
كىچىككىنە يۈرىكىمنىمۇ.
ئېيتىپ قىبلە،
ئوتلۇق جىسمىڭنى.
مەڭگۈلۈك يالتىراي سەن ئۈچۈن پەقەت
ئېھ! سۆيۈملۈك كېچەم...

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئەبەيدۇللا

## «ھايات دولقۇنلىرى» ئىمىسىدا قوبۇل قىلىنغان مۇكاپاتلىق نەسرى ئەسەرلەر

**ئۆمەر مەتنۇرى**

### قارانچۇق

مەن كىچىكىمدە دادامنىڭ ئېتىزلىقتا ياغاچ تىكلەپ ئۇنىڭغا كونا چاپان، ئەسكى - تۈسكى لاتىلارنى ئېسىپ قويغىنىنى كۆرگىنىمدە ھەيران بولۇپ:

— دادا، ئۇنېمە؟ - دەپ سورىسام، «قارانچۇق» دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئارقىدىنلا مەن «قارانچۇق نېمە قىلىدۇ؟» دەپ سورىسام، «ئېتىزلىقتىكى مايسىلارنى ھەرخىل قۇشلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلايدۇ» دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇ چاغلاردا مەن بۇ گەپلەرنى ئانچە چۈشەنمىسەممۇ دادامغا ئەگىشىپ، ئېتىزلىققا نۇرغۇن قارانچۇق تىكلىشىپ بېرەتتىم. يېشىم چوڭايغانسېرى قارانچۇقنىڭ دادام دېگەندەك مايسىلارنى قۇشلاردىن ساقلاش رولىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىۋالدىم. سەۋەبى قارانچۇق تىكلەپ قويغان ئېتىزلىقلاردىمۇ قۇشلارنىڭ بىمالال ئۇچۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالدىم.

### تەپكۈچ

خورازنىڭ ئەڭ ئېسىل شاھانە تۈكلىرىدىن، ئۆچكىنىڭ سۈتتەك ئاپئاق ساقلىدىن قىرقىپ ياسالغان ھەرخىل تەپكۈچ قىش پەسلىدە بىز بالىلارنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھىمىز ئىدى. بىز گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ تەپكۈچنى شۇنداق تېپەتتۇقكى، تەپكۈچ ھاۋادا نەچچە قېتىم خۇددى موللاقچى كەپتەردەك موللاق ئېتىپ يەنە پۇتىمىزغا چۈشەتتى. قايسىمىز بىر قېتىمدا تەپكۈچنى يەرگە چۈشۈرمەي ئەڭ كۆپ تەپسەك شۇ ئۇتقان بولاتتۇق. بىز بىرىمىزگە شۇنداق ئامراق ئىدۇقكى، بىر نان تاپساق تەڭ يەيتۇق. ئەپسۇس مەن چوڭ ئادەملەرنىڭمۇ تەپكۈچ ئوينايدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن. ئۇلار تەپكۈچنى بىزدەك كۆپ- كۈندۈزدە، كۆپچىلىك بىلەن ئوچۇق ئوينىماستىن، بەلكى ماھىر ئوۋچىدەك تەنھا، يىگانە ئوينايدىكەن، بۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان «تەپكۈچ» يوشۇرۇن تېپىكلەرنىڭ دەردىدە دوزاخ ئازابىنى يۈز مىڭ تارتىپ، ئېزىلىپ كەتكەن شاپتۇلدەك ئەبجىقى چىقىپ كەتكەندىلا، ئاندىن زۇۋانىمىزغا چىلاردەك جىمپىلا كېتىدىكەن. مەن ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ تەپكۈچ تېپىش ئويۇنىدىن تولىمۇ بېزار بولدۇم ۋە شۇنىڭدىن بېرى تەپكۈچ ئوينىمايدىغان بولدۇم.

### ئاجايىپ مەنتىقە

قۇياشقا قاراپ سالام قىلىۋىدىم، قۇلاق تۈۋىمدە پاشىنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز ئۇزۇلمىدى. مەن شۇچاغ:

— شەپەرەڭنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇغىنىم نېمىسى؟ - دېدىم ئىچىمدە.

### پاقا

يازنىڭ تومۇز ئاخشاملىرى ھاۋا ئىللىق ئىدى. سەگىدىمەك بولۇپ ئايىۋان ئۆيگە چىقتىم. چىقتىم - يۇ، تۇيۇقسىز بىر چار پاقىنىڭ خۇددى تاقلاپ سەكرەش مۇسابىقىسىغا قاتناشقان تەنھەرىكىچىدەك

سەكرىگىنىچە بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆيگە كىرگىنىنى كۆرۈپ قالدىم ۋە نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم. ئۇ ھەر تۆت قېتىم سەكرەپ بىر توختاپ، ئاپئاق پوكىنىنى بىر سىلكىلدىتىپ، يەنە تاقلايتتى. ئۇ بىردەمدىلا ئايۋاننىڭ بۇلۇڭىغا باردى. ئۇ تۆت پۇتىنى كىرگىنىچە بۇلۇڭدىكى قىرنى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلىگىلى تۇردى. ئۇ ئۆرلەپ قاپ بەلگە كەلگەندە ئۆگزىدىن چالما تاشلىغاندەك پاققىدە ئاۋاز چىقىرىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئىش قىلىپ ئۇ ئۆرلەيتتى، يەنە چۈشۈپ كېتەتتى. بۇ ئىش شۇ بىر قېتىملا ئەمەس، بەلكى بىر قانچە ئون قېتىم تەكرارلاندى، ئۇچاغ كۆز ئالدىمغا تويۇقسىز بىر قىسىم ئادەملەر كېلىپ قالدى. نېمىشقىدۇر ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى پاقىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، بىردىنلا ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ كەتتىم. مەن راستىنلا ساراڭ بولغان ئوخشايمەن.

## تاغ

مەن تۇمان باسقان دېڭىز ساھىلىدا جاراڭلىق ئۈن بىلەن توۋلىدىم. روھىمنى تۇمان يۇتۇۋەتتى. كۆكنى تىرەپ تۇرغان تاغ قوينىدا توۋلىغانىدىم، ساداسى زېمىننى بىر ئالدى. شۇنداق، تاغ — بۈركۈتلەرنىڭ روھى ياشايدىغان ماكان.

## ئىككى خىل روھ

غىڭشىپ يۈرىدىغان پاشىنى بىلىسەنغۇ ئاخىر. قىزلار خېنە سۈۋاپ تىرنىقىنى قىزارتسا، ئۇ قان شوراپ ئۆزىنى قىزارتىدۇ. ئۇنىڭ قىزىللىقىنى كۆرۈپ قۇياشمىكىن دەپ ھەۋەسلەنمە يەنە! كۆزۈڭنى تىك! زەڭگەر كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتىدۇ بۈركۈت ئەنە!

## ھەسرەت

ئۆيۈمدە چاشقانلار خۇددى كۆچكەن نۇردەك بىردەم ئۇياق، بىر دەم بۇياق يۈگۈرۈشۈپلا يۈرەتتى. ھەرىكەتتى شۇنداق تېزكى، بەئەينى چاقماقتەك. مەن چاشقانلاردىن تولىمۇ بەزدىم، شۇڭا ئىشەنچ بىلەن مۈشۈك باقتىم، ئۇمۇ تۇتۇپ بولالمايۋاتاتتى، ئاخىر باسماقمۇ قۇرۇپ قويدۇم. تويۇقسىز مۈشۈكۈم يوقاپ كەتتى. كۆڭلۈم يېرىم بولغان ھالدا بىر كۈننى ئۆتكۈزدۈم، ئەتىسى كەچ باسماققا چاشقان چۈشكەندۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن كارىۋات ئاستىغا قارىدىم، ئەپسۇس، باسماقتا چاشقان ئەمەس، مۈشۈكۈم خۇددى سۈت ئۇيقۇسىغا كەتكەن بوۋاقتەك قېتىپلا قالغانىدى. بۇنىڭغا قاراپ كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم (راستىنلا مەن باققان مۈشۈك شۇمىدۇ؟). يەنە بىر تەرەپتىن ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدىم. لېكىن شۇنىڭدىن بېرى مۈشۈككە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

## سۆيگۈ

سۆيگۈ يولىغا قەدەم باسقىنىمدا، ئايىغىمدىن قۇياش چاچراپ چىققانىدى. مەن خۇددى چولپان يۇلتۇزلاردەك جىلمىيىپلا يۈردۈم. زىننىقىمدىن بەئەينى قىلىچ بېسىدا چاقنىغان ئاي نۇرىدەك بىر خىل نۇر پارلايتتى، گاھىدا ئۆزۈمنى ساماغا ئۆرلەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم، شۇڭا سەلكىن شامالدا ئىغاڭلىغان مەجنۇنتالدەك مۇھەببەت قولۋىقىدا ئۆزۈمپلا يۈردۈم، ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم، پەقەت ئېڭىمدا شېرىن چۈش سايىدەك ئەگىيتتى. مەن شۇنىڭدىن بېرى مۇھەببەت مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ ھېس قىلدىم. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئويلىمىغان يەردىن پۇتۇمغا

شوخا سانجىلىشقا باشلىدى. پىسەنت قىلماي مىڭىۋەردىم، ماڭغانسېرى يولۇمدا ئازغان تىكەنلەر ھەسەلگە ياماشقان چىۋىن توپىدەك ئاۋۇپ كەتتى. بوران ۋەھشى بۆرىدەك ھۇۋلىغىلى تۇردى. مەن يەنىلا مىڭىۋەردىم. كۆكۈم كېلەڭسىز قانىتىنى يىيىپ كەلگەندە، چاقماقلار چېقىلىپ، مۆلدۈر يېغىشقا باشلىدى. مەن مىڭىۋەردىم. ماڭغانسېرى بەدەنلىرىم خۇددى چېقىۋەتكەن ئادەمنىڭ بەدىنىدەك سىقىراپ ئاغرىشقا باشلىدى. پۇتۇمدىن لاي بەئەينى قىزىل دەريانىڭ سۈيىدەك ئاقماقتا ئىدى. تاتارغان چىرايىم، تىتما - تالاڭ بولغان بەدىنىم بىر قاراشتىلا ئەرۋاھقا ئوخشايتتى. يىغلاپلا سالدىم، يەنە نېمىشقىدۇر بىر جۈپ كۆزنى ئەسلىگىنىمدە ۋۇجۇدۇمغا قانداقتۇر سېھىرلىك كۈچ تولاتتى، شۇنداق قىلىپ مىڭىۋەردىم. زۇلمەت قوينىغا سىڭىپ كەتكەن بەدىنىم سەل ئىللىغاندەك بولدى. مەن سارائىلاردەك بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ مىڭىۋەردىم، بىر چاغلاردا قارىسام، قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە قۇياش خۇددى قونداقتىكى خورازدەك ئولتۇرۇپتۇ. مەن شادلىقتىن يەنە جىلمايدىم ۋە قۇياشقا قاراپ ئاستا پىچىرلىدىم:

— مۇھەببەت — ئىللىق شامال، مۇھەببەت — ئاناقۇياش، مۇھەببەت — زۇلمەت قوينىدا چېقىلغان چاقماق. مۇھەببەت — ۋەھشى بوران. مۇھەببەت — چەكسىز دېڭىز، ئۇ ھەممە.

## قاينام

قايناملارغا تاشلانغىنىمغا يىگىرمە بەش يىل بولۇپتۇ. مەن شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدە ئېگىلەشتىن يىغلاشقا، يىغلاشتىن قوپۇشقا ئۆگەندىم.

سۈرلۈك دولقۇن ئاق بۇژغۇن چاچرىتىپ خادا تاشلارغا ئۇرۇلماقتا. چايكىلارنىڭ قىغاس - چۇقانلىرىدىن قاناپ كەتكەن بۇرنۇم، بېلىقلارنىڭ غاجىلىشىدىن تىتما - تالاڭ بولغان بەدىنىم دېڭىز سۈيىنى بويىماقتا ئىدى. مەن چەكسىز ئازابنىڭ قورسىقىدىن بەخت نۇرىنىڭ تۆرەلمىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم ۋە دولقۇنلار ئۈستىدە چايقىلىپ، دەھشەتلىك قايناملارغا سىڭىپ كەتتىم.

## مەن، بۈگۈن ۋە كەلگۈسى

مەن كەلگۈسىنىڭ شېرىن خىياللىرى ئىچىدە ئالجىپ قالدىم. ئەقلىم تويۇنغان بولسا كېرەك، كۈن بويى مازايى - ماشايىقلاردىن كۈتكەن نەرسەمنى تىلىدىم. لېكىن چەكسىز كەتكەن بوشلۇققا سوزۇلغان قوللىرىدىم كۆز ياشلىرىم بىلەن نەملەندى. ئارمانلىرىم مەندىن يۈز ئۆرۈگەندى. شۈكلاشقىمىكىن، روھىي پەرىشانلىقىم كۈنسايىن ئاشماقتا ئىدى. شۇنىڭدىن بېرى دائىم ساراڭلاردەك:

— ئاھ كەلگۈسى — مېنىڭ ئارمانلىرىم پارلايدىغان كۈن نەدە؟ مېنى غەمدىن خالاس قىل! - دەپ ئاللاغا ئېۋىنىدىغان بولدۇم. بۈگۈنمۇ ئادىتىم بويىچە مازايى - ماشايىقلارغا باردىم - دە، ئاللاغا ئېۋىندىم. نەدىندۇر: «ئەخمەق يىگىت! ھاماقەت خىيالىڭنى قوي! سېنىڭ كەلگۈسى ئارمانلىرىڭ بۈگۈن ئىچىدە. ئەتە دېگەن مەۋجۇت ئەمەس» دېگەن غايىپ ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە قوڭغۇراقتەك جاراڭلىدى. مەن ھودۇقىنىمدىن ئەتراپىمغا چۆچۈپ قارىدىم. ئەتراپىمدا چەكسىز كەتكەن زاراتگاھلىقتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. مەن ئۇرغۇلۇق ئېيتىلغان «بۈگۈن» دېگەن

www.uyghurkitap.com

سۆزنى يۇتكىنىمچە زاراتكاھلىقتىن مەڭگۇگە خوشلاشتىم.

### يامغۇرلۇق كېچە

مۇشۇكنىڭ پارقىراق كۆزىگە ئۇزاق تىكىلدىم. ئۇ ئۇيۇلۇپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. نەدىندۇر پەيدا بولغان سۇررەڭ بۇلۇت غەزەپلىك ۋارقىرايتتى، مەن ئىندىمىدىم. كۆزۈمدىن يانغان نۇر بوشلۇقنى كېسىپ نەلەرگىدۇر غايىپ بولاتتى. ئەتراپقا ئازابلىق تىكىلدىم ۋە خىيال دەرياسىدا روھىمنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆردۇم. چۇشكۇنلۇك دەرياسىدا سېسىپ قالغان تېنىم خۇددى لەشكە ئوخشاش لەيلەپ قالغانىدى. بۇ پەردە ماڭا ئوخشاش بىر توپ ماڭقۇرت نېمىلەرنىدۇر قىلىۋاتاتتى.

قولۇمغا چۇشكەن سوغۇق تامچە خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى، شۇندىلا يىغلىغىنىمنى بىلدىم. قارىسام، پۇتۇن بەدىنىم ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

### مۇھەببەت

مەن ئۇ قىزنىڭ ئىلاھىغا ئايلانغاندا، ئۇ، دەل مېنىڭ روھىمدا بىر سارالڭ، ئەڭ بەتبەشىرە، قەبىھ ئالۋاستىغا ئايلانغانىدى.

مەن ئۇ قىزنىڭ روھىدا بىر قۇياش مۇئەككەللى بولۇپ دىلىنى يورۇتقاندا، دەل ئۇ مېنىڭ روھىمدا چوغدەك يۈرىكىمنى مۇزلاتقۇچى سوغۇق نۇر بولۇپ قالغانىدى.

مەن ئۇ قىزنىڭ روھىدا چېچەك ئېچىپ ھاياتىغا شېرىن مەي، مەستخۇشلۇق ئېلىپ كەلگەندە، ئۇ دەل مېنىڭ روھىمدا ئىت ئالدىدىكى سۆڭەكلەردۆۋىسىگە ئايلانغان.

### شۆھرەت ۋە خۇشامەت

شۆھرەت خۇشامەتكە مەنستىمىسلىك نەزەرى بىلەن شۇنداق دېدى:

— لالما ئىتتەك يالاق يالاپ ياشىغىچە، مەندەك ياشىساڭ بولمامدۇ؟

خۇشامات خۇددى تاڭ شەپىقىدەك ھىجايغىنىچە جاۋاب بەردى:

— دانا پىكىر، ھەقىقىي پەلسەپە...

### تىرىلىش

مەن دۇنيانى چۇشەنمەك بولۇپ ياخشىلارغا سۆز بەرگەنىدىم. دۇنيا كۆزۈمگە نۇقسانسىز كۆرۈندى. يامانلارغا سۆز بەرگەنىدىم، دۇنيا قاباھەتلىك كېچىدەك بىلىندى. مەن يەنە نۇرغۇن ئادەملەرگە سۆز بەرگەنىدىم، دۇنيا تېخىمۇ غۇۋالىشىپ كەتتى. مەن شۇندىلا بىر ھەقىقەتنى بىلگەندەك بولدۇم - دە، دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئادەم توپىغا سىڭىپ كەتتىم ۋە شۇندىن بېرى ئادەملەرگەسۆز بەرمىدىم.

### خىسلەتلىك روھ

قۇشقاچنىڭ بالىسىنى ئالغىلى ئۇۋىسىغا قول سالغانىدىم. قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىپ مېڭەمنى يەپ كەتتى. قارىسام، قولۇمدا نە قۇشقاچ بالىسى، نە چاڭگىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شۇندىلا ئامبۇردەك كۇچلۇك بارماقلىرىمنىڭ بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بەلكىم بۇ مېنىڭ ۋە ئۇنىڭ روھىنىڭ گىرەلەشمىسىدىن چاچرىغان ئۇچقۇنىنىڭ ئابىدىسى بولسا كېرەك.

### يىلان

ياپيېشىل ئوتلاق، باغرىدا بىر چار يىلان. ئۇ ئۇچرىغانلىكى نېمىنى يەپ مەكتە ئىدى. ھەيران قاپتىمەن، ئۇ بىر دەمدىلا نۇرغۇن نەرسىلەرنى يۇتۇۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن بولسا، كۇچلۇك ئېتىل-

غان زەمبىرەك ئوقىدەك پارتلاپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىسىدىن چۈشىنىپ يەتكىلى بولمايدىغان نۇرغۇن جانلىقلارنىڭ سېسىق ئارىلاشمىسى چېچىلىپ ياتاتتى. ئويغانسام، بۇ، چۈشۈم ئىكەن. مەن ئۆزۈمچە چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى، بۇ كۆرۈنۈش ھېلىلا مەندە يۈز بېرىدىغاندەك يۈرىكىم ئەنسىز سوقاتتى.

1993 - يىل خوتەن.

**مۇھەممەت كامال** (خۇشخۇي)

## ئوتلۇق تىنىقلار

ھىلال! سېنىڭ دەسلەپ ھىلال، كېيىن ئاستا ـ ئاستا تولۇن بولغانلىقىڭ بەختنىڭ بىراقلا كەلمەيدىغانلىقىنىڭ بىشارىتىمۇ؟

ھىلال! سېنىڭ دەسلەپ ھىلال، كېيىن تولۇن، يەنە ئاز ـ ئازدىن كېچىلەپ كۆرۈنمەسلىكىڭ ئىنسان ھاياتىنىڭ تىمسالىمۇ؟

ھىلال! سېنىڭ نۇر چېچىپ، تىۋش چىقارماسلىقىڭ جىمغۇرلۇقمۇ ياكى ئاۋازسىز چۇقانمۇ؟

ھىلال! سەن ھۆسنۈڭدىكى كۈمۈش رەڭ نۇرنى بوۋامنىڭ چېچىدىن ئالغانمىدىڭ؟

## ئاھ ... سۇ، ئاھ ... ئانا تۇپراق

(چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن بىر دوستۇمنىڭ سۈرىتى)

ئۇ چاڭقىدى، خۇددى ئېزىققان كارۋان چاڭقىغاندەك؛ ئۇ چاڭقىدى، خۇددى قاچقۇن قوغلاپ ھالسىزلانغان ساقچى چاڭقىغاندەك.

ئۇ چاڭقىدى، سەكراتقا چۈشكەن، ئۆلۈم ئالدىدىكى كىشى چاڭقىغاندەك؛ ئۇ چاڭقىدى، خۇددى يىلبويى يامغۇر تامچىسى كۆرمەي قەترە سۇغا زار بولغان چۆل ـ جەزىرە چاڭقىغاندەك.

ئۇ توۋلىدى، بارلىق قۇربىنى ئاۋازىغا يىغىپ: — سۇ، سۇ، سۇ...

كۆڭۈل ئېكرانىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشتى ئۆز يۇرتى، ئۆز ئۆيى ئالدىدىن كېچە يۇ كۈندۈز ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان لەزىز تاغ سۈيى، يۈز ئاچتى دوقمۇش ـ دوقمۇشتا پۇرقىراپ چېچىلىۋاتقان فونتان. زاھىر بولدى قۇلاق تۈۋىدە تارىم، زەرەپشان، يۇرۇڭقاش دەريالىرىدا لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان ئابى زەمزەم سۇلىرىنىڭ يېقىملىق كۈيلىرى.

ئۇ ئاخىرى يىقىلدى زېمىنغا — داق يەرگە. خۇددى ھاۋا بوشلۇقىدىن بېتون مەيدانغا چۈشكەن كۆتەكتەك، تالقان بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى پۈتۈن ۋۇجۇدى. شۇ تاپتا خىيال قۇشى قوندى ئانا يۇرتىنىڭ ئاپئاق ماموقتەك، ئانا باغرىدەك كەڭ، ئىسسىق، يېقىملىق، مېھرىبان... قۇم دۆۋىلىرىگە، توپىلىق، ئەمما ھەر ياندىن ئىپار ھىدى ئۇرۇپ تۇرىدىغان، ئۇپۇق تامان سوزۇلغان سەھرا يوللىرىغا، ئەزىز تۇپراققا...

ئۇ چۆچىدى، سوزۇلۇپ چىققان خىيال دەرياسىدىن. بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى گويا

نېرۋىسى «بۇزۇلغان» ھوشسىز كىشىدەك:
— ئاھ ... سۇ، ئاھ ... ئانا تۇپراق، ئەزىز دىيار.

## خەزىنە

مەن كۆل بويىدا، ئوغلۇم چۆكتۈرۈپ قويغان چېلەكنى ئىزدەۋاتىمەن. ئىزدەشنى باشلىغىلى يېرىم كۈندىن ئاشقان بولسىمۇ تېپىلىدىغاندەك ئەمەس، تولا مالقۇشلىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك، كۆل سۈيى لېيىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ماغدۇرۇمدىن كېتەي دېگەندە ئىلمەككە بەكمۇ ئېغىر، بەكمۇ ۋەزىنلىك بىر نەرسە ئىلىندى. بار كۈچۈمنى يىغىپ تارتتىم، تارتتىمىيۇ ھەيران قالدىم. بۇ چىققىنى ئوغلۇم چۆكتۈرۈپ قويغان چېلەك بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا ئىككى-ئۈچ چېلەك سۇ سىغىدىغان، سىپسىپ تۈگىشەيلا دەپ قالغان چوڭ بىر سوغا① ئىدى.

— بۇ سوغا كىمنىڭ، بۇ سوغا كىمنىڭ؟!

خېلى كۈچەپ ۋارقىرىغانلىقىمغا يارىشا ئىگە چىقمىدى.

ئەكسىچە، ئەتىدىن بېرىقى ئاۋارىگەرچىلىكىمنى تاماشا قىلغۇچىلار تەرىپىدىن مەسخىرىگە قالدىم.

تۇۋا، مېنىڭ بۇ ۋاقىتچە جاراڭلىق چىقىدىغان ئاۋازىم نەگە كەتكەندۇ؟!

ئاۋازىمنى ئۇلغايتقانسېرىم، ئۇ شۇنچىلىك زەئىپ، شۇنچىلىك ئاجىزلىشىدۇ. تۇۋۇلىغانسېرىم مەسخىرىلىك ھىجىيىشلار، پىسەنتىگە ئالماسلىق كۆپىيىۋاتىدۇ.

ئىبىت، ئىگىسىز سوغا...

1993 - يىل، خوتەن گۇما.

قەيسەر دۆلەتبېك

## ئوۋچى

ئارچا يوپۇرماقلىرىدىن سىماب تۆكۈلمەكتە، سارغايغان يوپۇرماقتا ئىلىنىپ قالغان تۇمان پارچىلىرى گۆگۈم قوينىنى بېزەپ گۈڭگا نۇرغا چۆمۈلدۈردى. ئېچىرقاپ كەتكەن يىلپىز تاغ قاپتىلىدا قىزىلگۈلنى دەسسەپ تۇرۇپ، ياۋايى تىنىقتا ئەتراپتىكى ساپ ھاۋانى سۈمۈرمەكتە. ئۇنىڭ نىگاھى ئارچا دەرىخى تۈۋىدىكى ئاھۇ كۆزلۈك كېيىكتە. كېيىك ئانىلىق مېھرى بىلەن ئالدىدىكى ئوماق بالىسىنى يۇمشاق تىللىرى بىلەن ئاستا يالىماقتا. تەبىئەت كەچكۈزنىڭ ئالتۇنرەڭ تونىنى كىيىپ، ئېغىر ھاسىراپ ھەسرەت ناۋاسىنى ياڭرىتىدۇ، باھارنى سېغىنىش مىلودىيىلىرىنى رەتلەۋاتىدۇ. ئەمما، گۈل بەرگىلىرى تۆكۈلۈپ، توزۇۋاتىدۇ. يىلپىزنىڭ نېرىسىدا ئوۋچى يىگىت مەيىن شامالغا كۆكرەك كېرىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، سول كۆزىنى قىسىپ يىلپىزنى قارىغا ئالماقتا.

بۈركۈت سامادا پەرۋاز قىلىپ، كۆزىنى يەنە شۇ ئارچا دەرىخى تۈۋىدىكى كېيىككە تىكمەكتە ھەم شۇڭغۇپ ئېتىلىشقا پەيت كۈتمەكتە. «پاڭ» قىلغان مىلتىق ئا-

① سوغا – ياغاچتىن ياسالغان، سۇ قاچىلايدىغان (ھازىرقى چېلەك شەكىللىك) نەرسە.

ۋازى بىلەن يىلىپمۇ تولغىنىپ يەر چىشلىدى. گۈل بەرگىلىرى ئۇنىڭغا كېپەنلىك ياپتى. بۇركۇت ساما كۆكسىدە پەر قاقتى. ئاھۇ كۆزلۈك كېيىكنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتتى. ئۇ يۈرىكىگە دەسسەپ قاچماقتا. ئۇماق بالىسى سەرسانە بولۇپ ھاڭغا قاراپ يۇگۈرمەكتە. ئۇۋچى يىگىت لېۋىنى چىشلەپ، ئاھ ئۇرۇپ كەتتى. يۈرىكى لەرزان شامالدا ھەسرەت ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ، ئاجايىباتە سەۋدايى روھ بىلەن تاغدىن تاغقا تاقلاپ سەكرەپ چۈشمەكتە ئىدى.

1993 - يىل، تاشقورغان

تۇرسۇن مۇھەممەت

## بالىلىق خىياللىرى

### قىسمەت

1

مەن ئۆز ئاتا - ئانامنىڭ پەر - قاناتلىرىنى لاچىن ئاغزىدا كۆرۈپ چۆچۈگەنۋە قاقىشىپ چىقىپ سېنىڭ گۈل بېغىڭغا ئۇچۇپ چۈشكەن بىچارە قۇش بالىسىمەن، ئانا! مېنىڭ ساڭا ئوخشاش باغرى يۇمشاق باغۋەنىنىڭ ئىللىق باغلىرىنى ماكان ئەتسەم، باغلىرىڭدىكى پۈراقلىق گۈل - غۇنچىلارنىڭ يېنىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئالسام، ئاشۇ گۈل - چېچەكلەردەك پۈراق چاچسام دەيدىغان ئارزۇيۇم بار. مۇبادا، مەن بېغىڭنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئېرىقنىڭ زەمزەم سۇلىرىدىن ئىچىپ قۇۋۋەت تاپسام، سەن بۇمۇ بىر قىسمەت، دەپ قارارسەنمۇ؟ مەن بېغىڭدىكى گۈل - غۇنچىلىرىڭدىن ئىلھاملىنىپ ھاياتقا قايتىدىن ئۈمىد باغلىسام، سەن مېنى قارغىش تەگكەن غۇنچە قاتارىدا سانارسەنمۇ؟ مەن گۈل - چېچەكلىرىڭدىن تاراۋاتقان مەززىلىك ئىپارلاردىن ئوزۇقلىنىپ ھايات قالسام، سەن تەئەججۇپ ئىلكىدە قالارسەنمۇ؟!

2

مەن بۇ دۇنيادا ھېچقانداق يارۇ دوستلىرى قالمىغان، دوست ئىزدەپ ئۆزگە باغنىڭ گۈللىرىگە قونمىغان بەختسىز قۇش بالىسىمەن، ئانا. مېنىڭ ساڭا ئوخشاش نامى خالىس باغۋەنىنىڭ باغلىرىڭدىكى گۈل - چېچەكلىرىڭنىڭ دوستىغا ئايلىنىپ كەتسەم، مۇشۇ باغدا ئارزۇ ئارمانىمغا يەتسەم دەيدىغان ئارزۇيۇم بار. ناۋادا، مەن ھەركۈنى تاڭ سەھەردە بۇلبۇل بىلەن تەڭ ئويغىنىپ كۈلسەم، سەن ماڭا بىر ئوتلام سۇ قۇيۇپ بېرەرسەنمۇ؟ مەن باغدىكى ئەگرى - بۈگرى يوللاردا ئاتلاپ - تاقلاپ مېڭىپ يۈرۈپ ئۇچۇشنى ئۆگەنسەم، سەن ماڭىمۇ كۆيەرسەنمۇ؟ مەن ساڭا ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنى جانغا ئاتا قىلغۇچى ناخشىلىرىم بىلەن كۈتۈۋالسام، سەن خۇش بولۇپ كۈلەرسەنمۇ؟!

### تەئەججۇپلىنىش

1

ئانا، مېنى مەھكەم تۇتۇۋالغان قوللىرىڭدىن ئاجراپ، تايتاڭلاپ مېڭىپ سەندىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەندە، سەن بويلىرىمغا قاراپ، گۇمان ۋە غەم - ئەندىشە دېڭىزىغا غەرق بولدۇڭ. سېنىڭ ئىلھامىڭ بىلەن ئۈمىد - ئىشەنچ پەرىسىنى باغرىمغا باسالايدىغانلىقىمنى ۋە تىنەپ - تەمتىرىمەي ماڭالايدىغانلىقىمنى بولسا پۈتۈنلەي

ئۇنۇتتۇڭ. ئېيتقىنا ئانا، سەن نېمىدىن ئەنسىرەيسەن؟ ئالدىمدىكى يول تۈپتۈز تۇرمامدۇ؟!

2

ئانا، مەن سېنى ئارقامدا قالدۇرۇپ، يۈگۈرگەن پېتىم خېلىلا ئۇزاقلاپ كەتكەندە، سەن يۈگۈرۈپ كېلىپ قوللىرىمنى تۇتۇۋېلىپ ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدىڭ. ھەر قانچە يىراققا كەتسەممۇ يەنە قايتىپ كېلەلەيدىغانلىقىمنى، قايتىپ كېلىپلا ساڭا ئۆزۈمنى ئاتالايدىغانلىقىمنى بولسا راستىنلا ئۇنۇتتۇڭ. ئېيتقىنا ئانا، مەن سېنى تاشلاپ كەتسەم ۋە يەنە مەنزىلىمگە تىنچ - ئامان قايتىپ كەلسەم، ئەتراپىمىزنى شادلىق كۈلكىلىرى ئورىمامدۇ؟!

3

ئانا، مەن تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئويناپ سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن غايىپ بولغاندا، سەن مېنىڭ ئىزلىرىمنى بويلاپ كېلىپ مېنى باغرىڭغا باستىڭ ۋە نازۇك قەلبىمنى ئۇتتۇڭ. يوللاردا يىقىلىپ چۈشسەممۇ ئورنۇمدىن تۇرالايدىغانلىقىمنى، يۈز - كۆزلىرىم توپا - چاڭلار بىلەن بۇلغانسىمۇ نىشانەمدىن ئاداشمايدىغانلىقىمنى تۆگەل ئۇنتۇدۇڭ. ئېيتقىنا ئانا، ھايات يىقىلىپ قوپۇپ يۈرۈپ يولىنى داۋام قىلغۇچىلار ئۈچۈن دىل سۆھبىتى قۇرمامدۇ؟!

## ئارمان

1

ئانا، ئالدىمدا چەكسىز كەتكەن قارلىق دالا، مەن ئاشۇ قارلىق دالىلاردا يۈرسەم دەيمەن. ئۇ يەردە باللارنىڭ قاردىن ياسىغان تاغلىرى بار، دەپ ئاڭلىدىم. بۇ راستمۇ؟

ھەر كۈنى چۈشتە، باللار ئاشۇ قارلىق دالىغا تورغاي تۇتقىلى بېرىشىدۇ. قېلىن قار بىلەن قاپلانغان دالىنىڭ دۆڭلىرىدە تورغايلار ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ. خىيالىمدا باللار قىسماق قويۇپ تورغاي تۇتۇشىدۇ ۋە مېنى قاتارىغا قوشۇۋالىدىغانلىقلىرى ھەققىدە ۋەدە بېرىشىدۇ. ئۇلار قايتىپ كەلگەندە، مەن ئۇلاردىن تورغايلارنى قانداق تۇتتۇڭلار، دەپ سورىسام، ئۇلار قىسماقلىرىنى كۆرسىتىشىدۇ. ئېيتقىنا ئانا، مەن ئۇ يەرگە بېرىپ، بىر جۈپ تورغاي تۇتۇپ كەلسەم، سەن قانداق قارايسەن؟!

2

ئانا، ئالدىمدا چەكسىز كەتكەن ئورمانلىق، مەن ئاشۇ ئورمانلىققا بارسام دەيمەن. ئورمانلىق ئىچىدە ئورمانچى بوۋاينىڭ چىلان تورۇق ئايغىرى بار دەپ ئاڭلىدىم. بۇ راستمۇ؟

ھەر كۈنى كەچتە ئورمانلىق جىمجىتلىق قوينىغا ئەسىر بولىدۇ. ئورمانچى بوۋايمۇ تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ مۇڭغا پاتىدۇ، ئۇ، ئورمانلارنى غاجىلاپ يۈرگەن توشقانلارنى قوغلايدۇ، بەخت ئىلاھىنىڭ دۈشمىنى ھۇقۇشلارغا تاش ئاتىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن جەننەت باغلىرىنى سورىسام، ئۇ كۈلۈپ قويۇپ ئالقانلىرىدىكى قاپارتقۇلارنى كۆرسىتىدۇ. ئېيتقىنا ئانا، مەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئورمانچى بوۋاي بىلەن ئايلىنىپ يۈرسەم، ئۇنىڭ ناخشىلىرىدىن ئىلھام ئالسام، سەن قانداق قارايسەن؟!

3

ئانا، ئالدىمدا كۆز يەتكۈسىز دالا، مەن ئاشۇ قېقىرلىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتسەم دەيمەن. ئۇ تەرەپتە جەننەت باغلىرى بار، دەپ ئاڭلىدىم. بۇ راستمۇ؟

ھەر كۈنى سەھەردە كىشىلەر ئات ـ ئېشەكلىرىگە مىنگىشىپ ئاشۇ تەرەپكە يول ئالىدۇ. كەچتە يەنە ھاردۇق يەتكەن ۋە چاڭ ـ توزانلارغا مىلەنگەن ھالدا قايتىپ كېلىشىدۇ. مەن ئۇلاردىن نەگە بارغانلىقىنى سورىسام، ئۇلار پەقەت يىراقلاردىكى تاغ ئىزمىلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇپلا كېتىشىدۇ. ئېيتقىنا ئانا، مەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئەمگەك ناخشىسى ئاڭلىسام، مەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئەمگەك مېۋىلىرىنى داتلىسام، سەن قانداق قارايسەن؟!

## پەخىرلىنىش

ئانا، مېنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس خۇشاللىقىم سېنىڭ قەلبىڭگە يوشۇرۇنغان؛ مېنىڭ تەڭداشسىز غەيرەت ـ جاسارىتىم سېنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىڭگە مۆكۈنگەن؛ مېنىڭ بۇ ھاياتلىقتىكى ئالتۇندىنمۇ قىممەت بولغان ئۈمىد ـ ئىشەنچەم سېنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىڭگە مۇجەسسەملەنگەن.

مەن پەقەت سېنىڭ خۇشپۇراق گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن قاپلانغان قەلب بېغىڭدىلا ھەر قانداق بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ زەربىسىدىن خالى بولالايمەن.

مەن پەقەت سېنىڭ دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر، ئالەمدىنمۇ كەڭ ئىللىق باغرىڭدىلا بۇ ئالەمدىكى ھەر قانداق بايلىقلارنىڭ تەلەيلىك ئىگىسى بولۇپ تۇرالايمەن.

شۇڭلاشقىمۇ، سېنىڭ نازۇك بويلىرىڭغا چىڭگىلەكتەك يامىشىشتىن ئايىيالمايمەن، سېنىڭ كۆكسىڭنى، سېنىڭ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولغان كۆكسىڭنى سىيلاشتىن ئۆيالمايمەن. سېنىڭ كېچە قاراڭغۇلۇقىنى كۈندۈزدەك يورۇتقۇچى نۇرلار تامىدىغان كۆزلىرىڭگە تەلمۈرۈپ يۈرۈشتىن خالى بولالمايمەن.

شۇڭلاشقىمۇ ئانا، سېنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتىڭ بىلەنلا مېنىڭ كۆزلىرىم قۇرۇق، سېنىڭ كۆز نۇرلىرىڭ بىلەنلا كۆز ئالدىم يورۇق. مۇبادا مەن سېنىڭ ئاتەش كۆكسىڭدىن بېشىمنى ئالماي بىردەم يېتىۋالسام، سەن مېنى ھورۇنلۇقتا ئەيىبلەپ كەتمىگىن، ناۋادا، قەلبىڭ دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ئۈنچە ـ مارجانلار لەۋلىرىڭدىن سۆيۈۋالسام مېنى چۆچۈتۈپ ۋىلىقلاپ كۈلمىگىن؛ ئەگەر ئاپئاق چاچلىرىڭنى سىيلاپ ئولتۇرۇپ، ماڭلاي تەرلىرىم بەدىنىڭگە يېشىل بوستانغا ئايلاندۇرسام، بۇزۇقچە ئەمەس، ماڭا مەدھىيە ئوقۇپ يۈرمىگىن!

غېنى قۇربان

## نەسىرلەر

### مۆكچەيگەن چوقا

ئاق قاردىن سەللە يۆگەپ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تىك چوققىغا قاراپ ئۇزاققىچە تۇردۇم ۋە ئۇنى دىلىمدىكى مەڭگۈلۈك چوققۇنغۇچۇمغا ئايلاندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تەمشەلدىم. بىراق ئۇ، تۇساتتىنلا مۆكچىيىپ قالدى.

### شىپالىق ئىزلەش

مەن ھەسرەت چەكتىم ۋە ھەسرىتىمگە داۋا تېپىش ئۈچۈن ناۋايىسىنى ئىزلەپ ھىرات شەھىرىگە باردىم، بىراق ئۇنى تاپالمىدىم. كىشىلەردىن ئاڭلىسام، ئۇ، غەزەللىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۆز دەردىگە شىپالىق ئىزلەۋېتىپتۇدەك.

### ئەرشتىكى سۆھبەت

پەيغەمبەر تەگرىدىن سورىدى:

— ئى قۇدرەتلىك ياراتقۇچۇم، مېنىڭ ئۈممەتلىرىمنىڭ ئاخىرقى ئېسىل ماكانى بولغان گۈزەل جەننەت كۆرۈنمەيدۇ، سەن ئۇنى نەگە يوشۇرۇپ قويدۇڭ؟

— مەن ئۇنى دوزاختىقا ئالماشتۇرۇ-
ۋەتتىم .
— نېمە ئۈچۈن ؟
— چۈنكى ، سېنىڭ ئۈممەتلىرىڭ مې-
نىڭ جەننىتىمنى پۈتۈنلەي پۇلغا تېگە-
شىۋەتتى .
— ئۇنداقتا مەن پەيغەمبەرلىكىمدىن
ئىستىپا بېرىمەن .
— نېمىشقا ؟
— مېنىڭ ئۇنداق پۇلخور ئۈممەتلەر-
گە پەيغەمبەر بولغۇم يوق !

## چۆچۈش

تەگرى يەر شارىنى دۆمكۆمتۈرۈۋەتتى .
ئۇ بەندىلىرىنى قايتىدىن ياراتماقچى بو-
لۇپ خىيال سۈرۈۋاتاتتى، تۇيۇقسىز دۆم
كۆمتۈرۈلگەن يەر شارى ئۈستىدە ئۈزلۈ-
كىدىن پەيدا بولۇپ قالغان ، بېشىچە
مېڭىپ يۈرگەن سانسىزلىغان بەندىلەرنى
كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ياقىسىنى تۇت-
قىنىچە تۇرۇپ قالدى .

## بۇتنىڭ سۆزى

— هەي ئەخمەق ئادەملەر ، سىلەر مې-
نى ئۆز قولۇڭلار بىلەن ياساپ تۇرۇپ ،
يەنە پۈتكۈل ئالەمنى ياراتقۇچى ئورنىدا
كۆردۈڭلار هەم ماڭا چوقۇنۇپ ، مەندىن
نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەلەپ قىلدىڭلار .
مەن ئەمما ئۆزۈمدە سىلەر تەلەپ قىلغان
نەرسىلەرنىڭ بارلىقىغا هەرگىز ئىشەن-
مەيمەن .

## ساۋاپ

ئۇ نۇرغۇن پۇلنى ئېلىپ ساۋاب ئىز-
لەپ ، هەج قىلىش ئۈچۈن هەرەمگە يو-
رۇپ كەتتي . ئەپسۇسكي ، كولۇك ئالدىدا
ئولتۇرغان موماي ئاچلىقتىن ئەسنىگەن
هالدا خۇدادىن بىرەر ساۋابچىنىڭ كېلە-
شىنى تىلەپ مۈگىدەپ قالدى.

## هەيرانلىق

تەگرى شەيتانغا بەندىلىرىنىڭ روهى
بىلەن تېنى ئارىلىقىدىن ئورۇن بەرگەن-
مىش . ئەمما ماڭا هەسرەت كەپىسىنى
كۆرسىتىپ قويۇپ، نازىنىنلارغا كۆزۈم
بىلەن يۈرىكىمدىن ئورۇن بەرگىنىگە
هەيرانمەن ! ...

## كەپىلىك

مەن دۇنيادىن چىقىپ كەتتىم . هازىر
ئۆزۈم مارىستىمۇ ، ئايدىمۇ ياكى قۇ-
ياشتىمۇ ؟ ... بۇنى بىلمەيمەن . مامۇق-
تەك ئاق بۇلۇت ئۈستىدە ئۈچۈپ كېتىۋا-
تىمەن ، ئۆزۈم پەرىشتىمۇ ، ئەۋلىيامۇ
ياكى پەيغەمبەرمۇ ؟ بۇنىمۇ بىلمەيمەن .
پەقەت ئۆزۈمنىڭ يول بويىدىكى ئازگال-
دا خۇدۇمنى بىلمەي ياتقىنىمنى غۇۋا بى-
لىۋاتىمەن ...

## تەبەسسۇم

ئۇ ماڭا قاراپ ئىللىق تەبەسسۇم قىل-
دى . بىراق مەن ئۇنىڭ تەبەسسۇمىدىن
هېچقانداق بىر مەنانى چۈشىنەلمىدىم.
— بۇ قانداق تەبەسسۇم؟ - دەپ سو-
رىدىمەن ئۇنىڭدىن .
— بىلەلمىدىڭمۇ ، بۇ مارىسچە تە-
بەسسۇم .

## ئۆمۈر

مەن سېنى كۆپرەك ئۆزۈمگە مەنسۇپ
قىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىمەن . بىراق ئۆ-
زۈمنىڭ سېنىڭ توپەيلىڭ خۇددي قاغى-

دەك بولۇپ قىلىشىمىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن .

## قۇياش

بىز ئۇنى بەكمۇ قەدىرلەيمىز . لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى بىلەمدىغاندۇ ؟

## قۇدرەت

ئۇ قولىدىكى قەلەمنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئېتىۋىدى ، شۇ ھامان قەلەم زەربىسىدىن زېمىن يېرىلىپ يەتتە پارچە بولۇپ كەتتى .

## مەنتىقە

مەن ئۆزۈمنى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشىتىمەن . بىراق ئۆزۈمنىڭ ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشىنى زادىلا خالىمايمەن.

## ساراڭ

ئۇ مېنى « ئۇچار تەخسە » گە چىقىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . لېكىن مەن « ئۇچار تەخسە » نى ياقتۇرمىدىم . بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى « ساراڭ » دەپ ئەيىبلىدىم. ئەمەلىيەتتە بولسا مەن ساراڭ ئەمەس ئىدىم .

## خۇسۇسىيەت

قايتا - قايتا غاجالغان سۆڭەكنىڭ ھەرگىز مەززىسى بولمايدۇ . بىراق بۇ يەرنىڭ ئىتلىرى شۇنداق سۆڭەكنى تالىشىپ غاجاشقا بەك ئامراق .

## تۈن

ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا دۇنيادىكى خىلمۇ خىل پەسكەشلىكلەر قەيەرلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرەتتىكىن - تاڭ ؟!...

## نېمە ئۈچۈن

مەن ھەر قېتىم شېئىر يازغىنىمدا يازغانلىرىم ئۆزۈمگە ئوخشاپ قالىدۇ . بۇ زادى نېمە ئۈچۈن ! ؟

## سوئال

سەن كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىيالىدىڭ ، ئەمما يىغلاپ تۇرۇپ كۈلەلەمسەن ؟ !

## ئەپسۇس

مەن ئايغا ئىگە بولدۇم ھەم ئۇنىڭ نۇرلىرى بىلەن يۈرىكىمنىڭ قاراڭغۇ جايلىرىنى يورۇتماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتىم . ئاھ ، بىراق ... ماڭا مەنسۇپ بولغىنى ئاي ئەمەس ، بەلكى ئاينىڭ بۇلاقتىكى غۇۋا شولىسى ئىكەن ...

## ئۆلۈپ تىرىلىش

ئۇ ئالدىمغا ناز بىلەن كۈلۈپ كەلدى:

— ماڭا بىر باقىنا ... جېنىم ... مەن ھېلىمۇ سەن ئۈچۈن ھاياتمەن .

— يوقال كۆزۈمدىن ! سەن ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن !

— ئەگەر مەن تىرىلگەن بولسامچۇ ؟

— ئۇ چاغدا مەن جەزمەن ئۆلگەن بولىمەن !

## ئۆتۈنۈش

مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا جەننەتنى دۇنيادىكى ئەڭ خاسىيەتلىك سۆزلەر بىلەن تەسۋىرلەپ ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل تۇسكە كىرگۈزدۈم ھەم ئۇنىڭغا « تەگداشسىز » دېگەن باھانى ئىنئام قىلىپ ، ئۆزۈمنىڭمۇ ئۆلگەندە شۇ گۈزەل جاينىڭ ياتىدىغان

ماكانىم بولۇپ قېلىشىنى تەڭرىدىن
ئۆتۈنىدۇم ..

خەيرىيەت ... گۈزىلىم ، مەن سېنىڭ
كۆزلىرىڭدە ئۇنىڭدىنمۇ نەچچە ھەسسە
گۈزەل بولغان بىر دۇنيانىڭ مەۋجۇت ئى-
كەنلىكىنى تېخى ھازىرلا ھېس قىلىپ يەت-
تىم ، ئەمدى مەن سەندىن ئۆتۈنەي :
ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم سەن ئىككى-
لەنمەستىنلا جەسىتىمنى كۆزلىرىڭگە دە-
پىن قىلىۋەتكىن . مەن ئاشۇ گۈزەل دۇن-
يانىڭ مەڭگۈلۈك ئەركىنى بولۇپ
قالاي ... !

تىنىچلىق

مەن ئۇنى پەقەت بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ
ئالەمنىڭ كېسىشىش سىزىقى ئۈستىدىنلا
ئىزلەپ تاپتىم . چۈنكى بۇ چاغدا ھېچ-
قايسىسى مېنى دۇنيا ئۆز تەۋەلىكىگە قو-
بۇل قىلمىغانىدى .

1992 - يىل دېكابىر، پەيزاۋات.

**ساداقەت تۇرسۇن**

## نەسىرلەر

### ئانا

كائىنات ئېچىنىشلىق نالە بىلەن ئىڭرىدى. ئالەمدەھشەت تەۋرەپ، ئاچچىق تول-غىنىشتىن كېيىن چاك - چېكىدىن يېرىلىپ زېمىن تۇپرىقىنى تەۋەللۇت قىلدى. بۇ ئۆز-گىچە، يېڭى ھاياتلىققا شەيدا بولغان ئاسماننىڭ چېھرىدە نۇرلۇق قۇياش پارلاپ، چەكسىز سۆيگۈ ۋە مېھىر بىلەن زېمىنغا قۇچاق يايدى. قۇياشنىڭ پاك ھارارەتلىك سۆيۈ-گۈسىدە يۇيۇنۇپ، ئاجايىپ ھوزۇر ۋە راھەت ھېس قىلغان تۇپراقنىڭ جىسمى بۇ مۇ-قەددەس ۋىسال بەختىدىن جىلۋىلەندى!...

ئاھ، سۆيگۈ! ئاھ، ۋىسال! سەن نەقەدەر يۈكسەك، نەقەدەر قۇدرەتلىك-ھە؟!

ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ چەكسىز، تەڭداشسىز سۆيگۈسىدىن زېمىن تۇپرىقى ھا-مىلىدار بولۇپ ئىنسانلار تۆرەلدى. تەڭرى تۇپراقنىڭ بۇ ئۇلۇغ مۆجىزىسىنى قۇتلۇقلاپ ئۇنىڭ پەرزەنتى بولغان ئىنسانىنى كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقاتلارغا سۇلتان قىلدى. دېمەك، تۇپراق ئانا ئىنسانلارغا بۈيۈكلۈك ۋە ئۇلۇغلۇق ئاتا قىلدى. شۇڭا ئىنسانلار ئانا تۇپراققا قەرزدار. ئاشۇ ئانىغا ئۆمۈر بويى سەجدە قىلىپ، ئەجرىنى ئەجىر بىلەن، مېھرىنى مېھىر بىلەن قايتۇرۇش، ئۇنىڭ ئەبەدىيلىك ياشلىقى ۋە ھاياتلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاش ئىنسانلارنىڭ ئۆمۈرلۈك بۇرچى...

تۇپراق ئانىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن تارتىپ ئىنسانلار ھاياتلىقىغا بارلىقىنى بېغىشلاپ، ئۇلارغا بەخت يارىتىپ كېلىۋاتىدۇ. پەقەت ئېجىل - ئىناقلىق بى-لەن ئەجىر - ئەمگەكلا ھۆرلۈك، باياشادلىق مەنزىلىگە باشلاپ، سائادەت تەختىگە ئې-گە قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۆملۈك ۋە ئەمگەكنى ئۆزىمىزگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلىپ ئۆتۈشىمىزنى تىلەپ، ئىنسابىمىزغا دۇئا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن خاراكتېرىدىكى ئوخ-شىماسلىقلار تۈپەيلىدىن بىر ئانىدىن - بىر تۇپراقتىن تۆرەلگەن ئىنسانلار ھايات سەھ-نىسى ئۈستىدە ئوخشىمىغان قىسمەتلەرنى كۆچۈرۈپ، بەزىلىرىنى ئۆمۈرگە شاھ بولۇپ

بۈيۈكلۈك تەختىدىن ئورۇن ئېلىپ، كۆڭۈل - كۆكسىنى نۇر - قۇت بىلەن بېزەپ رازىمەنلىك ئىچىدە شاد ياشىسا، بەزىلەرنى خارلىق ۋە غەمناكلىقنىڭ قاراڭغۇ كوچىلىرىدا تىنەپ - تەمتىرەپ ھاياتىنى قاقشاپ ئۆتتۈۋاتىدۇ. ئۇزۇن زامانلىق ھەقىقەت شۇنداق يەكۈن چىقاردىكى، ئانىدىن تۆرەلگىنىدىن تېنىپ، ئاسىيلىقى تۇپەيلىدىن قارغىش ئالغانلار خارۇ زارلىق زىندانلىرىغا مەھكۇم بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسىنى، يەنى تۇپراقتىن تۆرۈلۈپ يەنە شۇ تۇپراققا قايتىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماي ئاشۇ تۇپراقنى ئەزىزلىگەن ئىنسانلار ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئىززىتى ۋە شاپائىتى چەكسىز!...

قۇياشنىڭ تۇپراققا قاراتقان چوڭقۇر مېھرى ھەم سۆيگۈسىنى، تۇپراق جىسمىدا مەڭگۈ تۈگىمەس ھەم خورىماس مېھرى - مۇھەببەت بولىقىنى ھاسىل قىلغان. شۇڭا ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان پۈتمەس-تۈگىمەس مېھرى- شەپقىتىمۇ تۇپراقنىڭ ئىنسانلارغا بولغان چەكسىز مېھرىنىڭ نامايەندىسى!...

تۇپراق ئىنسانلارنىڭ ئانىسى بولغىنىدەك مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى ئانىدىن تۆرۈلۈپ ئانىنىڭ پەرۋىشى بىلەن قاتارغا قېتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ھەممىنىڭ ئانىنى سۆيۈش، قوغداش، ئۇلۇغلاش مەجبۇرىيىتى بار!

ياخشىلىق، ئىنساپ، دىيانەت، ھەققانىيەت دېگەن يۈكسەك ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسى ئانا تەۋەللۇتىنىڭ سوۋغىسى. شۇڭا ئانا ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممىدىن غالىب، ھەممىدىن يۈكسەك!...

ئانا دېگەن سۆزدىن ۋۇجۇدى ئېرىمەيدىغان، يۈرىكى تىترىمەيدىغان، ھاياجان ئىلكىدە قانلىرى ئۇرغۇشلىمەيدىغان ئادەملەر بولمىسا كېرەك! ئانىنىڭ نالىسىدىن، ئانىنىڭ غەزەپلىك ساداسىدىن، نەشتەردەك تىكىلگەن كۆزلىرىدىن تىترىمەيدىغان قانخور جاللات بولمىسا كېرەك! چۈنكى ئۇمۇ ئانىنىڭ پاك ۋۇجۇدىدىن تۆرۈلۈپ، پاك سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغان.

ئانا — پەرىشتە! ئانا — پاكلىقنىڭ مەنبەسى!

ئانا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى پاكلىق، پەزىلەت، كۈچ - قۇۋۋەتنى جىسمىمىزغا سىڭدۈرۈپ، بىزنىڭ ھەقىقىي ئىنسان بولۇپ يېتىلىشىمىزنى تىلەيدۇ. ھاياتلىق ئالىمىدە بىزنىڭ ئىنسانلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ياشىشىمىز، ئانىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئەجرى بەدىلىگە بىزدىن ئېرىشمەكچى بولغان ئەڭ چوڭ ئارمىنى ۋە خۇشاللىقى!...

ئانا — خالىس پىداكار! ئانا ياراتقۇچى!
ئانا — سۆيگۈ! ئانىدۇر قۇياش.
جاھاندا تېپىلماس ئانىغا تەڭداش!

## ئۇ ۋە مەن

ئۇ ئىنسان ئىدى، ئىنسان بولغاندىمۇ ئادەتتىلا بىر ئىنسان ئىدى. تۇساتتىنلا كىشىلەر ئۇنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ، ئايىغىغا باش قويۇشتى. قايغۇ ھەسرەتلىرى ئۈچۈن نىجاتلىق ئىزلەپ، ئارمانلىرى ئۈچۈن مەدەت تىلەشتى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم.

ئازابلىق يۈرىكىمدىن تامغان ياشلار ئۇنىڭ ھىسداشلىقىنى قوزغاپ چوڭقۇر مېھرى بىلەن بېشىمنى سىيلىدى، لېكىن ئاشۇ ھالەتنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان مەغرۇر كۈلكە ئاۋازى — غالىبلارچە قاقاقلاشنى ئاڭلاپ قالدىم …

گەرچە خۇشلۇقلىرىم، ئارمانلىرىم ئۇنىڭ جىسمىغە تىلسىم قىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۈمىدلىك كۆزلىرىمنى يىراقتىن يوشۇرۇنچە ئۇنىڭغا تىكىپ تۇرساممۇ، قانغىدىرىغان يۈرىكىمنىڭ پەرىيادلىق نىداسىنى ئاڭلىتىشنى ئىنسانلىق غۇرۇرۇمغا يات كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئىنسانلىق قەدىر - قىممىتىمنى نامايان قىلىشنى نىيەت قىلدىم.

غۇرۇرۇم — ئەقىل-ھوشۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، نابۇت بولۇۋاتقان ئىختىدارىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى …

ئۇ مەغرۇرلۇق تاجىنى كىيىپ، سۇلتانلىق تەختىدە ئەيشى - ئىشرەت سۈرگەندە، مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتنىڭ شەرەپ تاجىنى كىيىپ، ئادىللىق تەختىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا ئولتۇردۇم.

بەلكىم مەن ئۇنىڭغا ئىلاھ بولۇپ كۆرۈنۈۋاتقاندىمەن.

## ئاقىۋەت

چىمەندا ساددىلىق، مەغرۇرلۇق، تېتىكلىك، جۇشقۇنلۇق … قاتارلىق ياشلىق ئىستەكلەر ئۇرغۇپ تۇرغان گۈزەل بىر قۇش نازۇك، يېقىملىق ھەرىكەتلىرى بىلەن مۆجىزاتلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، دۇنيانىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدىن خەۋەرسىزدەك پەرۋاسىز، ئەركىن ئۇچۇپ يۈرەتتى. تۇساتتىنلا غايىۋانە بىر قول نۇرغۇن گۈزەللەرنى ھەسەتتە قالدۇرۇپ، قۇشنى ئۆزىگە ئۆگىتىۋالدى. ئۇلار جەم بولۇپ ھايات سەپىرىنى تەشۋىشلىكتىن خالىي ھالدا كۆڭۈللۈك داۋام ئېتىۋاتقاندا، قول نېمىشقىدۇر قۇشنىڭ قاناتلىرىنى بوغۇشلاپ قەپەز ئىچىگە سولاپ قويدى. گەرچە قۇش ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە جان كۆيدۈرۈپ كۈتۈلگەن بولسىمۇ، شاد كۈلكىلىرىنىڭ ئورنى ئاھلىق پەرىيادقا ئالماشتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەرىيادى قەپەز يوچۇقىدىن سانسىز قۇشلارنىڭ پەرۋازىنى كۆرگەندە تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئاڭلىناتتى …

ئۇ ئەمدى يېقىملىق سايراشتىنمۇ، پىغان بىلەن پەرياد چېكىشتىنمۇ قالدى. پەقەت ئاجىز تېنى، بوغۇشلانغان قاناتلىرىنى يەرگە چاپلاپ، چىرايلىق كۆزىدىن مۆڭلۈك ياش تۆكۈپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە نىمجان ھالەتتە ياتاتتى.

تەڭتۇشلىرىنىڭ شوخ سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك قۇلىقىنى قانىتىدا يېپىشقا ئۇرۇناتتى. قەپەز سىرتىدىكى قايناق ھاياتنى كۆرۈپ قېلىشتىن قورققاندەك كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدى …

بارغانچە پەسلەپ كېتىۋاتقان تىنىقلا ئۇنىڭ تېخى ھاياتلىق ئالىمىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە شاھىد ئىدى.

## خىسلەتلىك قۇيرۇق

تۇشمۇ - تۇشتىن كەلگەن بەختسىزلىك قاپقىنى جىسمىمنى چىرماپ، ھالاكەت ئوردىسىغا ئىتتىرىۋېتىش ئالدىدا تۇراتتى، تۇساتتىن «يىراق جايدا مۆجىزىلىك بىر

مەخلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى كۆتۈرەلىگەن كىشىگە بەخت ـ سائادەت ئۆزلۈكىدىن قۇچاق ئاچارمىش...» دېگەنلەرنى ئاڭلاپ، تەلىيىمنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن نۇرغۇن جەۋرى ـ جاپالار بىلەن ھېلىقى جايغا يېتىپ كەلدىم.

ئىككى پۇتلۇق، قورسىقى ھەددىدىن زىيادە تومپىيىپ چىققان كېلەڭسىز بىر مەخلۇق غادىيىپ گىگانت تاغدەك قېتىپ تۇرغانىكەن.

بىرمۇنچە كىشىلەر تېنىدىن تۆكۈلگەن تەر تامچىلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا سەلدەك ئۇلغىيىپ ئۆزىنى يۇتۇپ كېتىشىۋاتقىنىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى ئاجايىپ ئىخلاس بىلەن كۆتۈرۈۋېلىشقانىدى. قۇيرۇق شۇنچە چوڭ بولغىنىغا قارىماي يېتىشمەي قېلىۋاتاتتى...

مەن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئاستاغىنە ئارقامغا ياندىم...

1992 ـ يىل نويابىر، يېڭىشەھەر.

نۇرمۇھەممەت ياسىن (ئۈركىشى)

## نەسىرلەر

1

يامغۇر تامچىلىرى دېرىزە ئەينەكلىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلماقتا. ئۇنىڭ گىرىمسەن شاۋقۇنلىرى گويا سېنىڭ نازۇك كاھىشلىرىڭدەك بىلىنمەكتە. كۈتۈش پەيتلىرىدە سېنىڭ ئورنىڭدا بۇلارنىڭ ھەمراھ بولغىنى قىزىق. بەلكىم شامال ئۇچۇپ يۈرگەن ياز كېچىلىرىدە شۇنچە ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۈتۈشلەر ئەمدى بىردەمدىلا توشۇپ قېلىۋاتىدىغۇ! سەن ئۆز ئۆيۈڭدە بەھوزۇر ئولتۇرۇپ نېمىنى خىيال قىلىۋاتىدىغانسەن؟ مېنىمۇ؟... بۇنداق كېچىلىرى سېنىڭ سىرتقا چىقالمايدىغانلىقىڭ ئېنىق. چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىسىنى سېنىڭ كۆز يېشىڭمىكىن دەيمەن. ئۇ ۋۇجۇدۇمنى سەگىتىپ، يۈرىكىمنى يۇيۇپ ئۆتمەكتە. بۇنداق كۈتۈشلەرنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، يەنىلا ئاشۇ جايدا تاقەت قىلىپ كۈتۈۋېرىمەن. بۇ، مېنىڭ ئۆز سۆيگۈمگە بولغان ساداقىتىمنىڭ ئىپادىلىنىشى بولسا كېرەك. سەن كۆز ياشلىرىڭ بىلەن مېنى تەسەللىگە ئېرىشتۈرمەكچى بولساڭ، مەن شىددەتلىك چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىنى كۆكرىكىم بىلەن قارشى ئالىمەن.

2

مەن بۇ بازارغا كىرگەندە ھېچكىم مېنى قارشى ئالمىدى، قايتقىنىمدىمۇ يەنە ھېچكىم ئۇزىتىپ قويمىدى. مەقسەتسىزلا ئايلىنىۋېرىشتىن زېرىككىنىمدە ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتىم. بۇ يەردە كىشىلەر بىرخىل تىلدا سۆزلىشىدۇ ـ يۇ، ئەمما مەقسەتلىرىنى بىلىشمەيدۇ. ئۇلارغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ سالام قىلساڭمۇ، غەزەپ ـ نەپرەت ياغدۇرۇپ ھاقارەت قىلساڭمۇ بەرىبىر. ئىزلىگەن نەرسىلىرىڭنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىڭدىن زاھىر بولىدۇ ھەم بۇنىڭدىن كېيىن ئېرىشمەكچى بولغان نۇرغۇن نەرسىلىرىڭمۇ تېپىلىدۇ. بۇ يەردە تېپىلمايدىغىنى ئاڭ ـ سەزگۈدىن ئىبارەت. كىشىلەر ھېچكىمى، ھېچنېمىسى يوقالمىغان بۇ بازارغا يەنىلا كى ـ

رىپ ـ چىقىپ يۈرۈۋېرىدۇ. دۇنيا يەنىلا ئۆز ئوقىدا ئايلىنىۋېرىدۇ. مۇشۇ دەقىقىلەردە بىردىنبىر ئويلاش نۆۋىتى ماڭا كەلگەن بولسا كېرەك، ھەيرانمەن، بۇ زادى قانداق بازار ؟

3

سەن مېنى كۈتۈپ تۇر! دەپ قويۇپلا يۈگۈرگىنىڭچە كېتىپ قالدىڭ. مەن سېنى كۈتۈپ قالدىم. قانچىلىغان باھار، ياز، كۈنلەر ئۆتتى، مەن يەنىلا سۈكۈت قىلىپ كۈتۈۋەردىم. ئالدىمدىن قاتار تىزىلىپ ئۆتۈۋاتقان تالاي كۆزلەرنىڭ نەشتەردەك تىكىلىپ قاراشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلمىدىم. قۇلىقىم تۈۋىدە تاتلىق ئەركىلەش، نازلىق كاھىش، يۇمشاق پىچىرلاش، ئۇمىدلىك تەلپۈنۈش، تەئەججۈپلۈك نىگاھلار تۇرلۇك ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەندىمۇ، سوغۇق كۈلكىلەر، مەسخىرىلىك بېقىشلار، يىقىمسىز ئىبارىلەر، قوپال ئاۋازلار يۈرىكىمگە جاراھەت تامغىسىنى چېكىپ ئۆتكەندىمۇ يەنىلا قىلچە تەۋرەنمەستىن كۈتۈۋەردىم. مەن مۇشۇ كۈتۈشىمدە سېنى تاكى ئاداققىي پەيتلەرگىچە كۈتۈش قارارىغا كېلىپ سېنىڭ قايتىپ كېلىشىڭنى تامامەن ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغانىدىم. ئېڭىمدا پەقەت سېنى كۈتۈشلا ماڭا بېرىلگەن مۇقەددەس پەرمان دېگەن تۇيغۇلا ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەپسۇسكى، كۈتۈش مۇساپەم تاماملانماي تۇرۇپلا سەن قايتىپ كەلدىڭ. كۈتۈش پەيتلىرىنىڭ ئەمدى ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قەلبىم مۇجۇلدى، يۈرەك باغرىم ھەسرەتلەر بازىرىدا توختىماي يەنجىلدى. چۈنكى سەن تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن تولىمۇ كۈتمىگەن ھالەتتە كېلىۋاتاتتىڭ. كېتىدىغان چېغىڭدا ئۆزۈڭ يالغۇز ئىدىڭ، قايتقىنىڭدا بولسا يۈرەك پارىلىرىڭنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋېتىپسەن، كېتەرىڭدە تولىمۇ يەڭگىل قەدەملەر بىلەن يۈگۈرگەن ئىدىڭ، ئەمدىچۇ ؟ قەدەملىرىڭنىڭ سالمىقى شۇنچىلىك ئېغىركى، ئاجىز قۇدرىتىڭ بىچارە قەدەملىرىڭنى كۆتۈرۈشكە زورۇقماقتا. سەن شۇ مېڭىشىڭدا ئالدىمغا كېلىپ ماڭا سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ قالدىڭ. ئۆز ئىختىيارىمغا خىلاپ ھالدا ساڭا سالام بەردىم.

— سىز كىم ؟ ـ پەرۋاسىزلا سورىدىڭ.

— مەن … مەن سىزنى كۈتۈۋاتىمەن.

سەن ھېچبىر ئىپادە بىلدۈرمەيلا مېنى ئاشۇ سەبىيلەر قاتارىغا قوشۇپ ئارقاڭدىن ئەگەشتۈرۈپ ماڭدىڭ. مەن شۇ چاغدىلا سېنى كۈتۈۋاتقانلارنىڭ يالغۇز مەن ئەمەسلىكىمنى بىلىپ شۇئانلا روھىم تېنىمدىن ئاجراپ چىقىپ ئورۇنسىز كۈتۈشلەرنىڭ ۋاقىتسىز قۇربانىغا ئايلاندى. ئۇلار ھېس ـ تۇيغۇسىز جەسىتىمنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ ماڭا بولغان ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈشتى. سەن بولساڭ ھېچنەرسە بولمىغاندەك كېتىۋەردىڭ. غەزەپتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان روھىم ساڭا تاشلانغاندا، سېنىڭمۇ ئالىيجۇرۇن روھ ئالىمىدىن خۇشلاشقان تىرىك مۇردا ئىكەنلىكىڭنى كۆردى، گۇناھكار روھىڭ بولسا سانسىزلىغان پاك يۈرەكلەرنىڭ ھەسرەتلىك قەبرىستانلىقىغا ئايلانغانىكەن.

4

مەن ئۇنى خىيال قىلىپ يېتىپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتتىم. ئۇنىڭ شېرىن سۆخەن چۈشلىرى تولىمۇ سىپايىگەر ھالدا مېنى يوقلاپ ئۆتتى. بىز ئۇيقۇ ئىچىدە تۇرۇپ بىر-

بىرىمىز بىلەن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتۇق. خۇشلىشىدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ چۈشلىرى مېنىڭ چۈشلىرىمنى ئوينىتىپ كېلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى. ئارقىسىدىن ئىشىك تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ چىقتىم. ئەپسۇس، چۈشلىرىمنى يۇتتۇرۇپ قويغانىدىم. ئاچچىق بىر نېدانىڭ قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. چۈش لەززىتىدىن خۇمارلىشىپ ۋىسالغا يېتەلمەي قالغان كۆزلىرىم بىلەن ياستۇقۇم ئۈستىگە كۆز يېشىدا كەشتىلەنگەن بىر جۈپ كېپىنەككە قاراپ قالدىم. ئاھ، سۆيگۈ ئىلاھى مېنى ئاشۇنداق شېرىن ئويقۇغا غەرق قىلىدۇ - يۇ، مەن ئۇنى كۆرەلمەيمەن.

1092 - يىللار مارالبېشى ئاۋات.

راجى تۇردى

## نەسىرلەر

1

مەن ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈن ئالەمگە نامايان قىلىش ئۈچۈن بار ئاماللارنى قىلىپ باقتىم. بارلىق ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم. ھېچكىم مېنى ئېتىراپ قىلمىدى. نىقابلىنىپ ئالدىمغا ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەنىدىم، پۈتۈن دۇنيا مېنى تونۇدى، مېنى ئېتىراپ قىلدى.

2

جانانىمنىڭ لېۋىگە قونغان بىر تال چىۋىن، ئۇنىڭ بىرشاپىلىقى بىلەن جېنىدىن ئايرىلدى. مەن ماكچىيىپ قالغان بىچارە بەختلىك چىۋىننى قولۇمغا ئېلىپ پارقىراق قاناتلىرىنى ئاستا سىيلىدىم.

3

مەن بار ئاۋازىم بىلەن يەر شارىغا خىتاب قىلدىم:

— ئەي تويمىغۇر يەرشارى، سەندە ئىنساب بارمۇ؟ سانسىزلىغان ئادەملەرنى جېنىدىن ئايرىپ پانىي ئالەمگە يوللاپ بەردىڭ. يەنە قاچانغىچە شۇنداق قىلىسەن؟ قاچان ئىنسابقا كېلىسەن؟

يەر شارىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن جاراڭلىق سادالار ياڭراپ قۇلىقىمنى پاڭ قىلىۋەتتى:

— قاچان ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشەنگەن ۋاقتىڭدا، دۇنيانىڭ سىرىنى بىلگەن چېغىڭدا، ئۆلگەندىمۇ ياشاشتەك شانشەرەپكە ئېرىشكەن چېغىڭدا ئىنسابقا كېلىمەن.

4

مەن تىلەمچىگە ئون تىيىن بەردىم. سەن ماڭا ھومىيىپ قويۇپ ئەللىك تىيىن تاشلىدىڭ. مەن ساڭا ھومىيىپ قويۇپ بىر كويى تاشلىدىم، سەن ئەلپازىڭنى بۇزۇپ يۈز كويى تاشلىدىڭ...

شۇنداق قىلىپ يانچۇق قۇرۇقلاندى. سەن ئۇتۇپ چىقتىڭ. سەن غادايدىڭ، مەن يەرگە ئىگىشتىم. تىلەمچى ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلىرى يوشۇرغان ئېغىزىدا بىزنى مازاق قىلىپ مەسخىرىلىك كۈلۈۋاتاتتى...

1993 - يىل، خوتەن.

ئابدۇشۈكۈر راشىدىن

## ئارامىمنى بۇزغان كەچمىشلەر

### مىسكىنلىك

مىسكىنلىك، سەن ئىلاھنى تەسىرلەندۈرۈشكە قابىلسەن. شۇڭا ئىنسانلار ئەمەس، ئىلاھمۇ ساڭا مېھرى-شەپقەت قىلىدۇ. ئەمما، ئۆزۈڭنىڭ ئاجىزلىقىڭ تۈپەيلى، سەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، ھەمىشە تىكەنەكلا يالغۇز قالىسەن.

### نامەرد

نامەرد، كۆنەلگۈسىز ئۇيۇتۇلغان قېتىقتىن سۇزۇۋېلىنغان قايماققا ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ خېرىدارى بولمايدۇ.

### مۇھەببەت

مۇھەببەت خۇددى يۇمران، چىرايلىق پەيلەردەك سۆيۈملۈك ھەم ئوماق. شۇڭا ئۇ گاھ كۆكلەردە، گاھ ئانا تۇپراقتا، گاھ ئىنسانلار قەلبىدە، گاھ پۈتكۈل مەۋجۇدادلار ئارىسىدا ئۆز ئەركىسى بىلەن ئارمانسىز ياشايدۇ.

### سوئال

نېچۈن، بىر قەترىگە سىغار بىر قۇياش، بىر قۇياشقا سىغماس تامچە ياش؟

### ھايات

ھايات گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى بىر تال گۈلدۇر. ئۇ ياكى مەڭگۈ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى ساقلاپ قالىدۇ ياكى سولۇپ تۈگەيدۇ. پەقەت شۇنداق بولغاچقىلا ئۇنىڭ قىزىقچىلىقى ۋە ئەھمىيىتى بولىدۇ، خالاس.

### ئانار

— ئەي ئانار، سېنىڭ چىرايىڭ نېمانچە قىزىل؟ سېنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭ نېمىشقا چاك-چاك يېرىق؟

— ھەي! مەن كۆز ئىشقىدا مەجنۇنمەن، ئېغىز ئېچىشقا خىجىلمەن. چىرايىم كۆزگە قەلبىمنى ئىزھار قىلالماي ئىزا تارتىپ قىزارغان، ۋۇجۇدۇم بولسا، سەۋرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي چاك-چاك بولۇپ يېرىلىپ كەتكەن.

### تەشنالىق

مېنىڭ كۈندۈزگە، يورۇقلۇققا بولغان تەشنالىقىم بىپايان چۆللۈكنىڭ بىر تال گىياھقا، چاڭقىغان قۇملۇقنىڭ بىر تامچە يامغۇرغا مۇھتاج بولغىنىدەك مۇھتاجلىقتۇر.

### ئەيب

كىممۇ ئۆز قان-تەرى بەدىلىگە كەلگەن نەرسىنى ئۆزى بۇزۇۋەتسۇن؟ سەن شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، ئاللا ئۆزى ياراتقان بەندىسىگە ئۆزى زىيان-زەخمەت قىلمايدۇ، ھەركىم ئۆزىنى-ئۆزى زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىتىدۇ.

### گۇۋاھچى

تۇرنىلار قاياقتىن ئۇچۇپ كەلگەن بولسا، شۇ ياققا قاراپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىردىنبىر شاھىدى ھەم گۇۋاھچىسى

پەسىللەردۇر.

### مۇبادا

سەن گۈزەللىكتە ئۆزۈڭنى تەڭداشسىز دەيدىغان بولساڭ، خەلقنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە ھاسىل بولغان سۈرىتىڭ ھېچبىر نۇقسانسىز بولسۇن.

### نەسىھەت

كۈچۈك يەتمىگەندە ئېغىزىڭنى تۇۋاقلىساڭ ھەممە ئىشنىڭ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇنۇتما. ئەمما، مەڭگۈ شۇنداق ياشاشنى نومۇس دەپ بىل.

### ۋەتەن مۇھەببىتى

ئۇنىڭ پىچىرلاپ قىلغان سۆزى قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچ تەسىر قىلغانىدەك دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ، ھەيۋەتلىك نەرە تارتىپ كائىناتنى تىترىتەتتى. ئۇ، دەسلەپ ماڭا قورقۇنچ، كېيىن يېقىملىق بىر تەبەسسۇمنى ئاتا قىلدى.

— تۇۋا، ئۇ نېمە دېگەندۇ؟ نېمە دەپ سۆزلىگەن بولغىيتى؟ مەن ھاڭ-تاڭ قالغان ھالدا ئۇنىڭغا بىچارىلەرچە تەلمۈردۈم. ئۇ، ئۈن-تىنسىز ھالدا قولىدىكى بىر سىقىم توپىنى يەرگە تۆكۈۋېتىپلا كېتىپ قالدى. مەن ئەمدىلا كۆز ئاچقان بوۋاقتەك ھاڭۋاققان ھالدا، يەرگە تەكشى چېچىلغان توپىلارغا قاراپ ئىنتايىن خىجىللىق ئىچىدە شەلپەردەك قىزاردىم.

1990-، 1991-يىل، قەشقەر.

مۇھەممەتجان ئەبەيدۇللا

## ھېسلاردىكى چالا جۈپلۈشلەر

1

دېمىقىمدىكى گۈڭگا تىنىقلىرىم ھاياتلىق سىرىنىڭ ماھىيەت بوشلۇقىدا لەيلەپ يۈرگىنىدە، مەن ئۆزۈمنى يۈكسەك ھېسلار قەسىرىدە سېزىمەن، كۆلكىنىڭ سىرلىق تىنىقلىرى مەڭزىمدە زىناق پەيدا قىلغانىدا، نېمىشقىدۇر ئۆزۈم قايغۇ شادلىق ئورتاقلىشىپ كەتكەن ھاياتلىق ئۆتەڭلىرىنىڭ دوقمۇشلىرىدا تېنەپ يۈرگەن بولىمەن.

2

قاغىنىڭ يېقىمسىز كاركىراشلىرىمۇ ئۆز ئېگىدا يارقىن بىر لىرىك ناخشا، خىيالىمدا بۇلبۇلنىڭ ئوتلۇق ناخشىلىرىمۇ ئۇنىڭ ناخشىلىرىغا پەرق كېلەلمىگۈدەك.

3

قۇيۇنلار توپى كۆك تامان بويسۇنغان دەقىقىلەردە ئۆزىنى كۆك ئاسمانىنىڭ مۇقەددەس تۇۋرۇكى ھېسابلايدۇ. لېكىن ئۇ يىقىلىپ تۇپراققا قوشۇلۇپ كېتىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

4

سەن بالاڭنى ئۆزۈڭدىنمۇ ئەتىۋار بىلىسەن، شۇڭا بىر تال گۆش پارچىسىنىمۇ گېلىڭغا ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئۇنىڭغا يېگۈزىسەن، ئەمما سېنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ بەختىڭ ئۈچۈن تۇرمۇشنىڭ توسقۇنلىرىنى بۆسۈپ، ساڭا پارلاق ھايات يولى ئېچىپ ئۆزىنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرىنى پەقەت سەن ئۈچۈنلا سەدىقە قىلغان ئاشۇ جاپاكەش ئاناڭ بولسا سېنىڭ ئاشۇنداق

«پەپىلەش» لىرىڭىزنىڭ شولىسىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ. لېكىن ئۇ سېنىڭ ئاشۇ خىل ھەرىكەتلىرىڭدىن ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆرگەندەك بولىدۇ-دە، ئۈنسىز باش لىڭشىتىپ قويىدۇ.

5

ئەي گۈزىلىم، سۆيگۈ ئىزلىرىڭنى قەلبىمگە قالدۇرۇپ كەتكىن. مەن ئۇنى يارقىن مىسرالىرىم بىلەن بېزەپ مەڭگۈلۈك ئېتىقادىمغا مەھبۇدە قىلاي.

6

كەچكۈزنىڭ سۇلغۇن تەلەتى بىر كۆرۈنۈشتە ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ھىجران دەقىقىلىرىدىكى ئاچچىق-ئاچچىق ئۆكسۈشلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بىر كۆرۈنۈشتە ئاق چاچلىق، مىسكىن موماينىڭ چىغىر يول بويلاپ تەمتىرەپ كېلىشلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

7

باھار يوقىتىپ قويغان يېشىل چۈشلىرىنى قالغاچنىڭ پەرۋازىدىن تېرىۋالدى.

8

بوۋاي نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن دۇنياغا مۇھەببەتلىك تۇيغۇدا ئىنتىلمەكتە. بەلكىم ئۇ، يېشىل چۈشلىرىنى ئىزلەۋاتقاندۇر. بەلكىم ئۇ مەڭگۈلۈك چۈشلىرىگە قايتىۋاتقاندۇر.

9

تۇرمۇش گويا بىر ئالتۇن قەپەز، سىرتىدىكىلەر كىرىشكە ئىنتىلىدۇ، ئىچىدىكىلەر چىقىپ كېتىشكە يوچۇق ئىزلەيدۇ.

10

مېنىڭ ۋىسال شارابىنى ئىچكەن بەختلىك دەملىرىم شېرىن چۈشلىرىمدىكى سۈكۈت شەيتانلىرىنىڭ قەتلە قىلىنغان دەقىقىلىرى بولىدۇ.

11

مەن ھەر تامچىسىغا ئەقىدەم چىلىشىپ كەتكەن تەرلىرىمنى ئانا تۇپراق باغرىغا چاچقانىدىم، كۈمۈش تەرلىرىمنى ئەمگەن تۇپراق ماڭا تۈگىمەس ئالتۇن ئاتا قىلدى. تەرلىرىمنى ئاق بەتلەرگە چاچقانىدىم، ئۇ سانسىز يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ قۇرلار ئۈستىدە جىمىرلىدى.

12

كەچكۈز تەلەتىدىن مۇز ياغدۇرۇپ مېھرىبان تەبىئەتكە ياۋۇز كۆزلىرىنى ئالايتتى. سەرگەردان ياپراقلار قۇيۇنلارنىڭ رەتسىز مۇزىكىسىغا ئۇسسۇل ئويناپ ئانا دەرەخ غوللىرىدىن بىر-بىرلەپ ئۇچۇپ كېتىشتى. يالىڭاچلانغان ئانا دەرەخ غېرىبسىنىپ ئۆزىنى ئۆتمۈشىنىڭ شېرىن چۈشلىرى قوينىغا تاشلىدى.

1993-يىل فېۋرال، قەشقەر بەشكېرەم.

غېنىجان خۇدابەردى

## نەسرلەر

### ...غا

مەن ساڭا ئىشقىڭدا ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلدۈرۈشنى خالايمەن، بىراق سېنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلىنىشىڭنى خالىمايمەن.

مەن سېنىڭ ھىجرانىڭدا دەرد-ئەلەم چېكىشنى خالايمەن، ئەمما، سېنىڭ بۇنداق كۈنلەرگە قېلىشىڭنى خالىمايمەن.

مەن سېنى مەڭگۈ سۆيۈپ ئۆتۈشنى خالايمەنۇ، لېكىن سېنىڭ بەختىڭنىڭ سۆيگۈم ئۈچۈن قۇربان بولۇپ كېتىشىنى خالىمايمەن.

### يوقالغان يۈرەك

سەن نازلىق جىلۋىلىرىڭنى ئىنگاھىڭ ئارقىلىق يوللىغىنىڭدا، كۆكرەك قەپىزىمنىڭ بوشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

### چۈشۈم

سەن يىراقتىن سېغىنىش ئىچىدە ماڭا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلدىڭ. بىراق مەن سېنى باغرىمغا بېسىش ئۈچۈن يۈگۈرگىنىمدە، سەن ئاللىقاچان يىراقلاپ كەتكەنىدىڭ.

### ئىت

ئىت زەنجىر قېقىپ، غالجىرلارچە قاۋىغاندا ئادەملەر ئۇنى بەسبەس بىلەن سۆيىنىش ئىچىدە سىيلاشقانىدى. لېكىن ئۇ، قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ ئۆزىنى سۈۋىغاندا، ئادەملەر ئۇنى پۇتى بىلەن نېرى ئىتتىرىشتى.

ھەي مەخلۇق، ئادەملەرگە سېنىڭ ئىتلارچە خۇسۇسىيىتىڭ كېرەك!

### يىغلاش

مەن تۇغۇلۇپ، مۇھەببەتكە تولغان رەڭگا رەڭ بۇ گۈزەل دۇنياغا قاراپ خۇشاللىقتىن ئىنەمدىلا كۈلەي دەۋاتسام، تۇغۇت ئانىسى مېنى بىر شاپىلاق سېلىپ يىغلىتىپ قويدى.

مەن شۇنىڭدىن تارتىپ يىغلايدىغان بولۇپ قالدىم.

### سەن ئىشەنگىن ...

يەر شارى ئۈستىدىكى تاغ - دەريا ۋە ئادەملەرنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئاران ھاسىراپ، ھۆمىدەپ تۇرسا؛ ئاسمان ئۆزىگە ئېغىر كەلگەن قار - يامغۇرلارنى تاشلاپ ئۇنى كۆمۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن زېمىن ئىنتىرەپ كەتتى.

### ھەيرانمەن

ئۆز بەرگىدىن ئايرىلغان ياپراقنىڭ يەنىلا دەرەخ تۈۋىگە چۈشكىنى نېمىسى؟

تۇرسۇنىياز توختى

## ھايات دولقۇنلىرىدىن سادا

1

دولقۇنلار ئەۋجىدە ئۈزۈپ بېرىۋاتقىنى دەل مېنىڭ قۇلىقىم. ھەئە، لەك ئۇرغانىدا دولقۇنلار كۆكرىكىنى كېرىپ چىققىنى قۇلۇۋاقتىكى مەن.

خىتابلىرىم — ئۆز رەڭگىنى يوقاتماس قۇياش؛

مەۋجۇتلۇقۇم — گۈل بەرگىگە خال چەككەن سۇبھى.

ھەئە، زەنگەر رەڭ ئاسمانغا يۇلتۇزسىمان شېئىر بولۇپ كۆتۈرۈلگىنى تىنىقلىرىمدىكى، ئۇتلۇق تىنىقلىرىمدىكى ھەقىقىي مەن!

2

ھايات — پەقەت توختىماي پىدىغان تىنچىسىز دولقۇن. مەن ئاشۇ دولقۇنلار گىر-

ۋىكىدە تۇرۇپ شاۋقۇنلار ھېكمىتىنى بىلمەكچى بولغان خىيالچان سوئال.

مەن، ھايات، ئۇ ۋە ھەممىسى چەكسىز بىر سوئالغا ئايلىنىپ كەتكىنىمىز ... گاھ شاۋقۇنلار ئەۋجىدىكى مۇڭ يۇم - يۇم يىغلاتسا مېنى، گاھ يەنە شاۋقۇنلار ئەۋجىدىكى جەڭگىۋار سىمفونىيە ئۇغۇز رەڭ غايە قۇچىقىغا تاشلايدۇ. ھەئە، مەن ۋە ھەممىسى سوئالغا ئايلىنىپ كەتكەنمىز.

بىلدىڭمۇ؟ سوئاللار بەرگىدە جۇلالىغىنى ھامان چىرايلىق بىر يول!

بىلدىڭمۇ؟ دولقۇنلار گىرۋىكىدە كىچىك بىر سوئالدەك قاراپ تۇرغان مەن غا-لىبلار ساداسىدەك مۇقەددەس بىر كۈي!

3

ئېھ ، مېنىڭ سەھرايىم...!

سەن مېنىڭ يۈرىكىم رىتىمىدىكى نازۇك، لېكىن ۋەزنىلىك بىر تىۋىش؛ سەن نىگاھلىرىم قۇچىقىغا سىڭىپ كەتكەن خورىماس بىر نۇر!

ھەئە، تىنىقلىرىم تىۋىشىدىكى دەل سېنىڭ ئىسمىڭ، سەندە تۆكۈلگەن قەترە گۈ-زەللىكنى ياراتمىش ھېكمەت !

بارخان كېچىپ يۈرگەن كىچىك بالا، چىلاندەك زېمىن بەرگەن چۈچۈك پۇراق— دەل مەن يازماقچى بولغان شېئىر ۋە ياكى شېئىرىمدىكى جان!

1993- يىل مارالبېشى 53- تۈەن

قۇربان ئابلىمىت

## چۈش تەبەسسۇملىرى

1

سەن لېۋىڭدىكى قۇياش بىلەن لېۋىمدىكى قۇياشنى سۆيدۈڭ. ھارارەت تەپتى-دىن تەنلىرىمىز لاۋا بولۇپ ياندى، بوشلۇق تېخىمۇ تىنجىق بولۇپ كەتتى، ئۇ-پۇقنىڭ لېۋىدىمۇ خۇشاللىق جىلۋىلەندى. ياپراقلار تەرلەپ، دېڭىزلار تاتلىق پىچىر-لاشتى. ھىجران قۇشلىرى ئۇچۇپ كەلگەندە بولسا ھەممە سۈكۈتكە چۆمدى. ئۇ-پۇق لېۋىدىكى تەبەسسۇم يوقىلىپ، پەقەت ئۇنىڭ يۈزىدە قارا بۇلۇتلارنىڭ كۆ-لەڭگۈسى پەيدا بولدى.

2

تۈندە تولۇنئاينىڭ تۆككەن كۆز ياشلىرى گۈللەرنىڭ بەرگىگە ئېقىپ چۈشتى. كى-شىلەر بۇنى سۈبھىدە گۈلنىڭ يىغىسى دەپ قاراشتى، ھەقىقىي يىغلايدىغىنى بۇلبۇل ئې-كەنلىكىنى بىلمەشمىدى.

3

ھەركۈنى يوچۇن بىر دۇنيا چۈشلىرىم ئىچىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇ مېنى پەيسلەپ شادلىق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ ، ۋۇجۇدۇمغا پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. چۈشلىرىمنى تىرىلدۈرمەكچى بولغىنىمدا ، ئۇتلۇق تەبەسسۇملىرىنى قالدۇ-

رۇپ ئۆزى غايىپ بولىدۇ. تەبەسسۇملار كۆز يېشىغا ئايلىنىپ، قەلبىم دالاسىدىكى تېگى يوق كۆللەرگە قۇيۇلىدۇ.

4

تۈن پەردىلىرى كائىنات يۈزىگە بىر قەۋەت قارا پەردە ياپتى. بۇنىڭ بىلەن كائىنات تاڭدىكى شېرىن كەچمىشلىرىنى چۈشلىرىدە كۆرۈپ، ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولدى.

پەقەت يىگانە بىر كۈيچى چېھرىدىن كۈلكە تۆكۈپ، دىل قەدەھلىرىنى پىغانمەيلىرى بىلەن توشقۇزۇپ، دۇنيانىڭ پىچىرلاشلىرىغا ئۈنسىز قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، تونۇش بولمىغان سۆيۈملۈك دوستى بىلەن سۆزلەشمەكتە ئىدى.

5

مەن ئۆيۈمنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ، يىراق ئۇپۇقلارغا كۆز تىكىپ قۇياشنىڭ جامالىنى تاماشا قىلىشۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز دۇنيانىڭ دەردلىك ئۇھ تارتىشىدىن قارا بوران چىقىپ، قۇم بارخانلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئىشىكىمنى تاقاپ قويدى. مەن سىرتقا چىقماقچى بولۇپ ئۆگزىدىن سەكرەشكە ئۇرۇندۇم. بىراق ۋۇجۇدۇمنى قورقۇنچ قاپلاپ سەكرىيەلمىدىم. ئىشىكنى ھەر قانچە كۈچەپ ئىتتەرسەممۇ ئاچالمىدىم. مەن يىغلاپ ئاللاغا يېلىندىم، پايدىسى بولمىدى. ئاخىرى ئەقلىمنى ئىشقا سېلىپ قەغەزدىن بىر ئايروپىلان ياسىدىم ۋە ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ سىرتقا ئۇچۇپ چىقتىم. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىسام، بۇ چاغدا ئىشىكمۇ ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

6

سەن ھايات بەزمىسىدە ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان سوۋغاتلارنى بەردىڭ. ئۇ ساڭا سوۋغات بېرىش ئورنىغا دەرد - ئەلەملىرىنى مارجان قىلىپ بوينۇڭغا ئېسىپ قويدى. سەن ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ تەتۈر قارىدىڭ. مارجانلارنىڭ چاقناشلىرىدىن كۆزلىرىڭ نۇرلىنىپ، خۇشاللىق ئالەمىگە قەدەم تاشلىغىنىڭدا بولسا، كۆز ياشلىرىڭ ئۇنىڭ ئېتىكىگە ئاقتى.

7

خۇدا بىزگە بىر دەستە گۈل سوۋغا قىلدى. بىز ئۇنى بىر مەزگىل پۇرىغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولدۇق. لېكىن ئۇ، ئىنتايىن غەزەپلىنىپ كەتتى. ئاشۇ گۈلدىن بىز باغۇ بوستانلىق ھاسىل قىلدۇق. بۇ چاغدا ئۇ، چېھرىدىن تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ بىزگە قىيا باقتى.

1993 - يىل يېڭىشەھەر.

ئېزىزجان توختىھاجى

## نەسىرلەر

1

زىمىستان قىش، ھاۋا ئىنتايىن سوغ، سەن كوچا بېشىدا دۆۋە - دۆۋە ئامۇت تىزىۋاتىسەن، سەن باشقا باققاللارغا ئوخشاش ئامۇتۇڭنى داڭلىماي، بەلكى يولدىن ئۆتكەن كىشىلەرگە ئۈن - تىنسىز ئىلتىجا قىلىۋاتىسەن، يولدىن نۇرغۇن كىشىلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئايالللار، ئەرلەر، چوكلار، كىچىكلەر ئۇياقتىن - بۇياققا، بۇياقتىن- ئۇياققا ئۆتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىراق بىرەرسىمۇ ساڭا قاراپ قويمايدۇ، بەلكىم ئۇلار سېنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىڭنى بىلمىسە كېرەك. سەن ماڭا قاراۋاتىسەن، مەنمۇ ساڭا قاراۋاتىمەن. قەدىمىم مېنى ئىختىيارسىز سەن تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. بىلمىدىم، سەن خۇددى مەن سېنىڭ ئالدىڭغا بارسالا ئامۇتۇڭنى بىكارغا بېرىۋېتىدىغاندەكلا قاراۋاتىسەن، مەنمۇ ياشىنىپ قالغان ئانامغا بولسا ئىككى - ئۈچ، بولمىسا بىر ئامۇت ئېلىپ ئاپىرىپ بەرسەم قانداق خۇش بولۇپ كېتەر، دەپ ئويلاپ ماڭغانىدىم. سەنمۇ بەلكى بۇ خېرىدارغا ئاز بولسىمۇ سودا قىلىپ، ئاشۇ پۇلغا سەكراتتا ياتقان ئانامغا بىرچىشلەم گۆش ئېلىپ چىقسام، دەپ ئويلاۋاتقانسەن. ئەپسۇس، يانچۇقۇمنىڭ قۇرۇقلۇقى، خىيالىم مېنى ئالداپتۇ. بىر دەقىقە تۇرۇپ قالدىم - دە، قەدىمىمنى مىڭ تەستە ئۇياقتىن - بۇياققا، بۇياقتىن-ئۇياققا ئۆتۈپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەر توپى تەرەپكە قاراپ ئالدىم، مەگزىمدە سەن ئۈچۈن تۆكۈلگەن ياش...

سەن كوچا بېشىدا دۆۋە - دۆۋە تىزىپ قويغان ئامۇتۇڭنىڭ يېنىدا يەنىلا ئۈنتىنسىز ئولتۇراتتىڭ...

2

مەن يېقىن ئەتراپتىكى ئورمانلىققا ئوتۇنغا كەتكەندە، سەن ئۆيدە قالغانىدىڭ. مەن: «ئۇ ھېلىمۇ سوغۇق ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتامدىغاندۇ؟ قانچە توڭۇپ كەتكەندۇ؟ تېزرەك باراي، كېتىپ قالمىسۇن» دەپ ئەنسىرىدىم. ناھايىتى تېزلا بىر قۇچاق ئوتۇننى كۆتۈردۈم- دە، ئۆيگە چاپتىم. قوللىرىم قوۋلاشمايتتى، سەن ئوتنى ياقتىڭ، ھەممە ياق ئىسسىدى. سەن شۇ چاغ: «ئوتۇن تۈگەپ قالدىغۇ؟» دېدىڭ. مەن خېجىل بولدۇم، يۈگۈرۈپ ئورمانلىققا چاپتىم. مەن يەنە بىر قۇچاق ئوتۇننى كۆتۈرۈپ كەلگىنىمدە قوللىرىم ئۈيۈشۈپ كەتكەنىدى، ئىسسىتىپ قويىدۇ دېگەن ئۈمىدتە قوللىرىمنى ساڭا سۇندۇم، كۆزۈم قىزىق ئوت تەپتىدىن يۇمۇلۇپ كەتكەنىدى، سەن چوغلۇق ئوتۇننى ئالدىڭ - دە، قولۇمغا يېقىۋەتتىڭ...

شۇنىڭدىن كېيىن سەن كەلگەندە توڭۇپ كېتىشكە رازى بولدۇمكى، ئۆيدە ئوت ياقمىدىم.

3

يېقىنلا يەردىن ماڭا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتىسەن، مەن سېنى تونۇدۇم. يىراقتىن كېلىپسەن، كىيىم - كېچەك، يۈز - كۆزلىرىڭدىن توپا- چاڭ ئۆرلەپ تۇرىدۇ. بىراق مەن سېنىڭ ئالدىڭغا چىقىپ كۈتەلمەيمەن. قارىماسامۇ، چىرايىڭ ئېسىمدە، سەن سەھرا چىراي، قولۇڭدا گۈللۈك خورجۇن، پۇتۇڭدا ئۆتۈك. بىراق، بۇ يەردە مەن سېنى دوستۇم دەپ چاقىرالمايمەن. ئاپتاپتا قارايغان قوللىرىڭ يۇرتۇمنى ئەسلەتكۈزۈۋاتىدۇ، بىراق مەن كىشىلەر ئالدىدا، سەن بىلەن ئۇدۇل تۇرۇپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشەلمەيمەن. چۈنكى، بۇ يەردە باشقىلار سېنىڭ قولۇڭنى تۇتقان قولۇمغا قولىنى ئۇزاتمايدۇ، ساڭا قارىغان يۈزۈمگە قارىمايدۇ. بىراق، سەن خاپا بولما، ئاخىرقى كۈنى جەزمەن ئالدىڭغا بارىمەن.

4

مەن بۇرۇن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان، پەقەت تونۇمايمەن. لېكىن، ئۇنىڭ كېيىمىنىڭ مەينەتلىكىنى كۆرۈپلا ئانىسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

مەن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان، پەقەت تونۇمايمەن. لېكىن، ئۇنىڭ سەھرا پاراڭلىرىنى قىلىشىدىن شەھەرگە كېلىپ باقمىغانلىقىنى بىلىۋالدىم.

مەن بۇرۇن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان، پەقەت تونۇمايمەن. لېكىن، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ يۇمشاق، ھەرىكىتىنىڭ سىپايىلىقىدىن مەندىن ياۋاش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

مەن بۇرۇن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان، پەقەت تونۇمايمەن. لېكىن، ئۇنىڭ جىمغۇرلۇقىدىن مەندىن بەختسىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

5

ئۇزۇن يىل باققان ئىتىم، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ خېلى يىللار ئۆتكەندە تونۇيالمىدى - دە ، ئېتىلىپ كەلدى. ھاسامنى كۆتۈرۈۋېدىم، بىرلا «ھاۋ» شىپ ئۇۋۇدىنغا كىرىپ كەتتى. ئالدىمغا چىققان دوستلىرىمغا « ئىت مېنى تونۇمىدى » دېدىم. «بېشىڭدا شلەپە بولغاچ تونۇيالمىغان ئوخشايدۇ» دېدى دوستلىرىم. «راست، مەن ئىتنى باققان چېغىمدا بېشىمدا دوپپا بار ئىدى» دېدىم. « ساقال - بۇرۇتۇڭنى تۇنجى كۆرۈشى» دېدى دوستلىرىم ، «راست ، ئىت باققان چېغىمدا بۇرۇتۇممۇ خەت تارتمىغانىدى» دېدىم. « بويۇڭ ئۆسۈپ كېتىپتۇ » دېدى دوستلىرىم . «راست، ئۇچاغدا بويۇم ئىت كاتىكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى» دېدىم. « ھاسا كۆتۈرۈۋاپسەن» دېدى دوستلىرىم، « راست، ئۇ چاغلاردا پۇتۇم ساق ئىدى ، ئىت بىلەن تەڭ يۈگۈرەلەيتتىم» دېدىم. « بىز باققىلى ئۇزۇن يىل بولدى» دېدى دوستلىرىم، « راست، مەن ئايرىلغىلى ئۇزۇن يىل بولدى، ئەمما مەن بىر كۆرۈپلا تونۇۋالدىم» دېدىم.

6

مەن ئۆيگە يېقىن كەلگەندە قەلىمىمنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدىم، چەكسىز قايغۇردۇم، لېكىن كۆزۈمدىن بىرتامچە ياش چىقمىدى. ئىزدەپ باراي دېسەم قۇياش قېچىپتۇ، ئاي چىقماپتۇ، ھەممە ياق قاراڭغۇ، ئىشىك ئالدىدا ئۆيگە كىرەلمەي تۇرۇۋاتىمەن.

قەلىمىمنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقىنىمدا، دادام «ئىزدىمىدىڭمۇ ؟» دېيىشى مۇمكىن. چۈنكى دادامنىڭ يەنە بىر قەلەم ئېلىشقا پۇلى يوق، لېكىن مەن ئىزدەپ باراي دېسەم، بىللە بارىدىغان دوستلىرىمنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ بولغانلىقىنى دېيەلمەيمەن.

گەپ - سۆز قىلماي جىم تۇرۇۋالغىنىمدا دادام مەندىن خاپا بولۇشى، ھەتتا ئۇرۇشى مۇمكىن. ئەمما مەن دادامغا قەلەم سالىدىغان سومكام يىرتىلىپ كەتكەندە، باشقا باللارغا ئوخشاش ياماپ بېرىدىغان ئانامنىڭ يوقلۇقىنى دېيەلمەيمەن.

ئەتە تاپشۇرۇقنى تاپشۇرمىغىنىمدا مۇئەللىم مېنى تەنقىدلىشى مۇمكىن، ئەمما مەن مۇئەللىمگە تۈنۈگۈن كېچە قەلەم سورىقىدىن قورقۇپ، تېلېۋىزور تۈگەپ ئۇكام سىرتقا ئەخلەت تۆككىلى چىقىپ تالادا قاتتىق سوغۇقتا تۇرغانلىقىنى دېيەلمەيمەن.

ئامانگۈل تۇردى

## كۆپۈك خىياللار

1

ئامىرىقىم، چۈش دەرۋازاڭنى قىيا ئېچىۋېتىپ، قولاق پەردىلىرىڭنى لېۋىم ئۈستىگە يېپىپ قويۇپ ياتقىن. ئاخشاملىقتا شەپىسىز چۈشۈڭگە كىرىپ، مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلىۋالاي.

2

سۆيۈملۈكۈم، قارىچۇقۇڭ سەتھىدە پارلىغان ئۈمىدلىرىم تال - تال كىرپىكلىرىڭنىڭ قورشاۋىدا قاپتۇ. كىرپىكلىرىڭگە ئېيت، ئۇلار ئۈمىدلىرىمگە يىڭنە بولۇپ سانجىلمىسۇن!

3

ئاتەش تىنىقلىرىڭ نەپسىمگە ئۇرۇلغاندا، بىھوش بولۇپ يىقىلدىم. غۇنچە لەۋلىرىڭ لېۋىمنى ماكان ئەيلىگەندە، ئەجەب ئىش، ئۆلۈپ كەتمىدىم.

4

ئاسىي كىرپىكلىرىم مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزۈڭ ۋىسال پەيزىنى سۈرگىلى تۇرۇپسەنغۇ؟!

5

مەن چۈشۈمنى سېنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتسەم، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرمەي، ئېپقالغىنىڭ نېمىسى؟!

6

تىللىرىم پەقەت سېنىلا كۈيلەيتتى، سېنىلا يادلايتتى. ئەپسۇس... سەن ئۇنى ئۆز قولۇڭ بىلەن قىسىپ تاشلىدىڭ.

تۇنىسا ھەسەن

## ئوغلۇم بىلەن سۆھبەت

خاسىيەتلىك نورۇز ھارپا ئاخشىمى ئىدى، يەتتە ياشلىق ئوغلۇم بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتۇق. تېلېۋىزوردا «دۇنيانىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى» ناملىق مەخسۇس پروگرامما بېرىلىۋاتاتتى. — دۇنيا نېمە دېگەن چوڭ - ھە ؟ - دېدى ئۇ، تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى ئاسمان پەلەككە تاقاشقان تاغ چوققىلىرى ۋە چەكسىز ئورمان بەلباغلىرى ھەمدە دېڭىز ساھىللىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ .

— شۇنداق ئوغلۇم، دۇنيا ھەقىقەتەن شۇنچە كەڭ ھەم سىرلىق، بۇنى چوڭ بولغانسېرى ھەم ئوقۇغانسېرى بىلىپ يېتىسەن ، - دېدىم ئۇنىڭغا.

تېلېۋىزور ئېكرانىدا بىردىنلا « تەلەپ ۋە تەقدىم » پروگراممىسى پەيدا بولۇپ

بىر مەشھۇر ئارتىسنىڭ ئىجراسىدا « ئاتام دەيمۇ ، ئانام دەيمۇ » دېگەن ناخشا ئورۇنلىنىشقا باشلىدى .

ئوغلۇمنىڭ تەپەككۇرى يەنە ئويغاندى :

— ئانا ، — دېدى ئۇ بالىلارغا خاس زېرەكلىكى بىلەن ، — ھازىر ئوقۇلغان ناخشىدا : « ئاتا دېگەن بىر تاغ ئىكەن ، ئانا دېگەن بىر باغ ئىكەن » دەۋاتىدۇ . دادام راستىنلا تاغمۇ ؟ سەن باغمۇ ؟ ئۇنداقتا مەن نېمە ؟

ئوغلۇمنىڭ زېرەكلىكىنى ، چېچەنلىكىنى بىلسەممۇ ، لېكىن بۇنداق نازۇك مەسىلىلەرگىمۇ دىققەت قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن ، ئۇنىڭ قىزىقىش دائىرىسىنىڭ بەكمۇ چوڭقۇرلاپ كەتكەنلىكىنى پەملەپ، ئۇنىڭ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرماقچى بولدۇم.

— ئانا گەپ قىلمايسىزغۇ ؟ ناخشىغا قوشۇلمامسىز — يا ؟ — ئوغلۇم جاۋاب بېرىشكە قىستاپ يەلكەمنى يېنىك سىلكىپ قويدى .

— ناخشىدا ئېيتىلغىنى توغرا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىپ،— ھاياتلىق ئالىمىگە ۋە پەرزەنتىگە نىسبەتەن دادا ھەقىقەتەن تاغقا ئوخشايدۇ . تاغ ھەم ئېگىز ، ھەم پايانسىز قامەتلىك بىلەن بۇ پانىي دۇنيانىڭ پاسىبانىدۇر ؛ پەرزەنتنىڭ قۇدرەتلىك يۆلەنچۈكى ۋە تايانچىسىدۇر .

ھاياتلىق ئالىمىگە ۋە پەرزەنتكە نىسبەتەن ئانا ھەقىقەتەن باغقا ئوخشايدۇ . باغ — بۇ دۇنيانىڭ زىننىتىدۇر، كۆركىدۇر ، ھاياتلىقنىڭ بەلگىسىدۇر . پەرزەنتكە نىسبەتەن ئانىدىن ئىبارەت باغ — بەخت — سائادەت بۆشۈكى، ياپيېشىل يايلىقى ، بەرق ئۇرۇپ ياشنايدىغان ھايات كانىدۇر. ئۇنداقتا سىز — تاغنىڭ بىر پارچىسى ، باغنىڭ بىر كۆچىتى .

ئوغلۇم كۆز مۇنچاقتەك قاپقارا كۆزلىرىنى مىت قىلماي ماڭا تىكىلگىنىچە ، ھەر بىر سۆزنى قەلبى تۆرىگە يېزىۋالماقچى بولغاندەك قىياپەتتە زەن سېلىپ ئاڭلىدى . ئاندىن يەنە بىر مەسىلىنى سورىماقچى بولغاندەك ئاغزىنى ئۆمەللەشكە باشلىدى . شۇ ئەسنادا چاتما « ئائىلە ناخشىلىرى » باشلىنىپ « دەريا ۋە بۇلاق » ناملىق مەشھۇر ناخشا جاراڭلىدى .

— ئانا،— دېدى ئوغلۇم ناخشا ئاياغلاشقىنى بىلەن ، — « ئانامنى بۇلاق دېسەم ، دادام ئوخشايدۇ دەرياغا » دېگەن قانداق گەپ ؟

— بۇمۇ چوڭقۇر مەنالىق گەپ ئوغلۇم ، — دېدىم ئۇنىڭغا ، — ئانا ھاياتلىق ئالىمىدىكى بىر بۇلاق ، دادا بولسا سۈيى ئەلۋەك دەريادۇر . بۇلاق بولمىسا ، دەريا بولمايدۇ . دەريا بولمىسا ، بۇلاق سۈيى ئېقىپ ، ھاياتلىق دېڭىزىغا قۇيۇلالمايدۇ.

شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ !

ئوغلۇمنىڭ يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سورىغىسى ، بىلگىسى بار ئىدى ، شۇ ئەسنادا ئوغلۇمنىڭ ئاتىسى نورۇزغا ئاتاپ يازغان شېئىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە

(ئاخىرى 24 ـ بەتتە)

**ھاجى مىرزاھىد كېرىمى**

# قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ۋە بۈگۈنكى ئىستامبول

( زىيارەت خاتىرىسىدىن )

«قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ۋە بۈگۈنكى ئىستامبول» — ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ قەشقەردىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەبىستانغا قەدەر بولغان سەپىرى جەريانىدىكى تەسىراتلىرى توغرىسىدا يېزىلغان زىيارەت خاتىرىسىنىڭ بىر قىسمى، بىز ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى ئاپتورنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن ئورتاقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە بۇ پارچىنى كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

— تەھرىردىن

رومان ۋە تارىخىي كىتابلاردا، ھېكايە ۋە رىۋايەتلەردە نامىنى كۆپ ئوقۇپ، كىشىلەر ئاغزىدىن تەرىپىنى تولا ئىشىتىپ، كىچىك چېغىمدىن باشلاپلا بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان قەدىمكى شەھەر ئىستامبولنىڭ ياۋروپا قىسمىدىكى پويىزھايالدىمىسىغا، 1991-يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 11 لەردە يېتىپ كەلدۇق.

رىم ئىمپېرىيىسى، قەدىمكى ۋىزانتىيە، ئوسمان پادىشاھلىقى ۋە تۇنجى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بولغان، ئاجايىپ قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ شەھەرگە چۈشىمىزدە ئەمەس، ئوڭىمىزدا، يىراقتىن ئەمەس، ئىللىق باغرىدا تۇرۇپ نەزەر سالغىنىمىزدا، قەلبىمىزدىن كۆتۈرۈلگەن ھاياجان دولقۇنلايتتى. ئىستامبول شەھىرىدە سەير - ساياھەتتە بولغان كۈنلىرىمىز شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتتىكى، ياخشى چۈش كۆرۈپ، ئايىغى تۈگىمەي ئويغىنىپ كەتكەندەك ئارماندا قالدۇق، خالاس. بۇ جەرياندا شىمال تەرىپى قارا دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن يۇيۇلۇپ تۇرغان ئىستامبولنىڭ، زەيتۇن بورۇن، چوقۇر بوستان، ئاق ساراي، قارا كۆي، ئاتا كۆي، تەكسىم قاتارلىق ئونلىغان كوچىسى بار مەھەللىلەرنى، سودا سارايلىرىنى، كاتتا جامەلەرنى، ئاۋات بازارلارنى ئارىلاپ چىقتۇق، ھەشەمەتلىك ئوردىلارنى كۆردۇق، ھەيۋەتلىك كۆركەم كۆۋرۈك ۋە يەر ئاستى يوللىرىدىن ئۆتتۇق. سەيلە - ساياھىتىمىز مەنىلىك، كۆڭۈللۈك بولدى. تۆۋەندە كۆزىمىز كۆرۈپ، قەدىمىمىز يەتكەن ئورۇنلار توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

1




بۈگۈن پاراخوت، چوڭ كېمىلەر كەلگەندە ئۆزلۈكىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، يول بېرىدىغان «سىر كەچى» كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، بوغما قاپاق شەكلىدىكى «گىلاتا» مۇنارىغا كۆز

تىككەچ ئايلىنىپ – ئايلىنىپ تەكسىم (تەقسىم) كوچىسىغا چىقىپ قالغىنىمىزنى بىلمەيلا قاپتۇق. بۇ كوچىنىڭ «تەكسىم» دەپ ئاتىلىشىدا مۇنداق بىر تارىخىي سەۋەب بار ئىكەن: بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىش باسقۇچىدا تۇرغاندا، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بىرقىسىم كاتتىباشلىرى دۇشۇ كوچىدىكى ئالىي مېھمانخانىدا تۈركىيىنى تەقسىم قىلىۋالماقچى بولغانىكەن. ئەمما مۇستاپا كامال باشچىلىقىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ھۆرىيەتچىلەر قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماپتۇ. مانا بۇ تارىخىي ساۋاقنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئاشۇ كوچىغا «تەكسىم» دەپ نام بېرىلگەنىكەن.

ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ بەزى جايلىرى تۈزلەڭ، بەزى جايلىرى دۆڭ، بەزى جايلىرى ئوي بولۇپ، بىر – بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن بىنالار تۈركۈملىرى؛ چوڭ – كىچىك ناھايىتى نۇرغۇن راۋان يوللارنى، ئازادە كوچىلارنى پەيدا قىلغان. ماشىنا، ئادەم دولقۇنلىنىپ ئېقىپ تۇرغان چوڭ كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تار كوچىلار، بۇلۇڭ كوچىلار، خالتا كوچىلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىكەن. بوسفور بوغىزىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا – ئاق ساراي مەھەللىسىنىڭ بېقىنىدا «قەشقەرلى مەھمۇت كوچاسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان چىنىدەك پارىلداپ تۇرغان كوچىغا قەدەم قويغىنىمىزدا، ھاياجاندىن ۋۇجۇدىمىز لەرزىگە كەلدى. ئەزىز ۋەتىنىمىزنى ئويلاپ كۆزىمىزگە ياش ئالدۇق.

چۆرگىلەپ – چۆرگىلەپ يەنە، چايقىلىپ جىمىرلاپ تۇرغان مەرمەر دېڭىز بويىغا چىقىپ قالاتتۇق. نەزەر قۇشىمىز گاھ شەھەردەك كاتتا پاراخوتلارغا، گاھ كۆركەم بىناغا ئوخشايدىغان ساياھەت كېمىلىرىگە، گاھ كۆۋەجەپ تۇرغان تىنىق سۇ يۈزىنى پىچاقتەك يېرىپ تېز كېتىۋاتقان قولۋاقلارغا، گاھ چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەندەك شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە كېتىۋاتقان يالغۇز يەلكەنگە قونۇپ سەير قىلاتتى. كوچىلاردىن كوچىغا ئۆتەتتۇق. بىر كۈندە ئەمەس بىر نەچچە ھەپتىدىمۇ، ئىستانبولنىڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىپ بولالمايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدىم.

2

مىلادىدىن ئالتە يۈز يىل بۇرۇن ياسىلىشقا باشلىغان بۇ شەھەر ئىزىمىنىڭ قۇرۇلۇشى، ساياھەتچىلەرگە ھازىرغىچە پۇتمەيۋاتقاندەك تەسىرات بېرەتتى. دوقمۇش – دوقمۇشتا ئۇل قويۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشلار، سېلىنىۋاتقان كۆپ قەۋەتلىك بىنالار، ياسىلىۋاتقان يوللار كۆزگە چېلىقاتتى.

ئىستانبول ساناقسىز دۇكان، ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بازار، رەستە، تىجارەت سارايلىرى بىلەن دۇنيادىكى سودا مەركەزلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، كېچەيۇ كۈندۈز خېرىدارلارنى جەلپ ئېتىپ تۇرىدىكەن.

بىز دەسلەپ سۇلتان بايازىت جەمەسى بېقىنىدىكى ئالتۇن بازىرىنى ئارىلىدۇق. قانچىلىك ئالتۇن، جاۋاھىرات سېتىۋالىمەن دېسە، سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. بۇنىڭ ئالدىدا تاشكەنت، موسكۋادىكى تىللا ماگىزىنلىرى ماڭا بەكمۇ ئاددىي تۇيۇلدى.

بۇ ئالتۇن بازىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان «گورۇنخان» سودا مەركىزىنى بىر

نەچچە سائەت ئايلىنىپمۇ كۆرۈپ بولالمىدۇق. يەر ئۈستى سەككىز - توققۇز قەۋەت، يەر
ئاستى ئۈچ - تۆت قەۋەت بولغاچقىمۇ، قايسى تەرەپتىن كىرىپ قايسى تەرەپتىن چىقـ
قىنىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق.

بالقان يېرىم ئارىلى بويىچە بىر ىنچى دەرىجىلىك تىجارەت ئورنى بولغان، پۈ-
تۈن ھېسابات ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن قىلىنىدىغان بۇ سودا مەركىـ
زىدە، بىر قانچە جايدا دوللار تېگىشىدىغان مۇلازىمەت ئورنى بار ئىكەن. مەن ئەلـ
لىك دوللارنى تۈركىيە پۇلى - لىراغا تېگىشىۋالدىم. ئېھتىمال بۇگۈن دوللار تېگىـ
شىدىغانلار ئىچىدە ئەڭ ئاز تېگىشكىنى مەن بولسام كېرەك. شۇلى كىتابخانلار سەمىگە
سېلىپ قويۇشنى توغرا تاپمەنكى ئىستانبولغا كېلىشىم، بۇ قېتىم تويۇقسىز تەۋەكـ
كۇلچىلىقنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ماددىي جەھەتتىن مەنپەئەتلىنىشنى ئەمەس، مەنىۋى
ئوزۇق ئېلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىم تۈپەيلى، مال ئەمەس، ھەتتا كىيىم - كېچەكمۇ
سېتىۋالمىدۇق. بۇ يەردە پۇلنىڭ قۇدرەت كامالىنى نىسبەتەن تونۇغان بولسامۇ،
ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىم، يەنىلا نەپرىتىم بىلەن باراۋەر بولدى. بۇ ئىنسانلىق تە-
بىئىتىمدىكى تەكپۇكلۇقنى ساقلاپ تۇرىدىغان مىزان، ئەلۋەتتە. مەن بۇ تەكپۇكلۇقنى
ئۆمۈرۋايەت ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتتۇم. ئۆزىنى تۇتۇش، ئۆزىنى
بىلىش ھەر قانداق جايدا بولمىسۇن ۋىجدان تىنچلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ئەمدى ئۆز كېپىمىزگە كەلسەك، ئىستانبول كوچىلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقى پۈ-
تۈنلەي دۇكانلار بىلەن تولغان بولۇپ، كېچە يۇ كۈندۈز سودا توختىمايدىكەن. ھەپ-
تىنىڭ ھەر بىر كۈنى مەلۇم رايوننى ئاساس قىلغان ھالدا بازار بولىدىكەن. بازار
كۈنى كوچىلاردا ماشىنا قاتنىمايدىكەن. كىشىلەر پىيادە يۈرۈپ
سودا قىلىدىكەن. بىر كۈن ئارىلاپ «جۈمە بازىرى» بىلەن «شەنبە بازىرى» نى كۆر-
دۇق. بۇ خۇددى قەشقەرنىڭ چار بازارلىرىغا ئوخشاش بولۇپ، ھەممە نەرسە بازارغا
كىرىدىكەن. ئوخشىمايدىغان يېرى تويا- چاڭ قونغان نەرسە يوق، ھەتتا سەۋزە-
پىيازلىرىمۇ پارىلداپ تۇرىدىكەن. ھەر خىل كۆكتات، ئوتياشلار، كالا، قوي ۋە قۇش
گۆشلىرىمۇ تۇرلۇك تاماققا لايىق توغرالغان پېتى ئەينەك ئىشكاپلار ئىچىدە سېتىلى-
دىكەن. ئادەم شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، قىيا - چىيا، ۋاراڭ - چۇرۇڭ يوق، ھەممە كىشى
بىر - بىرى بىلەن ھۆرمەت ۋە سەممىيلىكنى ئاساس قىلىپ مۇئامىلە قىلىدىكەن. بۇ
ھال مېنى ھەشمەتلىك ئوردىلارغا قارىغاندا بەكرەك تەسىرلەندۈردى.

بىز ئىستانبولغا كېلىپ تۆتىنچى كۈنى دۇنياغا مەشھۇر بولغان بوغاز كۆۋرۈكـ
دىن، بۇ شەھەرنىڭ ئاسىيا قىسمىغا ئۆتتۇق. كىچىك ماشىنىدا كېتىۋېتىپ ئۆزىمىزنى
ئۈچىۋاتقاندەك ھېس قىلدۇق. ئۇزۇنلۇقى 1560 مېتر، كەڭلىكى 33 مېتر كېلىدىغان بۇ
زامانىۋى ئاسما كۆۋرۈك، دولقۇنلىنىپ جىمىرلىغان مەرمەر دېڭىزىنىڭ بوسفور بوغىـ
زى ئۈستىدە 60 مېتر ئېگىزلىكتە خۇددى ھەسەن - ھۈسەندەك پارلاپ تۇراتتى. ئاسـ
تىدىن كاتتا پاراخوت - كېمىلەر ئۆتۈۋاتاتتى. كۆۋرۈك ئۈستىدىكى يول ئالتە لىنىيـ
لىك بولۇپ، ئۈچ لىنىيىسىدە ياۋروپادىن ئاسىياغا، ئۈچ لىنىيىسىدە ئاسىيادىن ياۋ-
روپاغا ئۆتىدىغان ماشىنىلار قاتنايتتى. بىر كۈندە بۇ كۆۋرۈكتىن 500 مىڭدىن 700

www.uyghurkitap.com

مىڭغىچە ماشىنا ئۆتىدىكەن. ھۆكۈمەت بۇ كۆۋرۈكنى باي تىجارەتچىلەرگە سېتىپ، ئۇ-نىڭ پۇلىغا سۇلتان مۇھەممەت فاتىھ نامىدا يەنە بىر ئاسما كۆۋرۈك ساپتۇ. بىز كۈن پېتىشقا ئاز قالغاندا ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ ئاسىيا قىسمىدىكى ساياھىتىمىزنى ئا-خىرلاشتۇرۇپ، شۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق ياۋروپا قىسمىدىكى قونالغۇمىزغا قايتىپ كەل-دۇق. بۈگۈنكى ساياھىتىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى.

3

بىز خۇددى «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدا تەسۋىرلەنگەن باغى ئىرەمدەك مەن-زىرىلىك كوچىدا مەشھۇر «ھىلتون مېھمانخانىسى»① نى يانداپ ئۆتۈپ «شىلتون مېھمانخانىسى»② غا كەلگىنىمىزدە ئايالىم بىر ئاز ئارام ئېلىپ مېڭىشنى ئۆتۈندى. ياپ-يېشىلچىلىق قىردا ئولتۇردۇق. دېمىقىمىزغا گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى ئۇرۇلدى. ئەتراپ تىمتاس، پەقەت كۆپ-كۆك دەل - دەرەخلەرنىڭ مەيىن شىلدىرلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم.

كىشىلەر تەبىئەتنى ياساپ - جابدۇپ پەردازلاپ، بۇ ئەتراپنى تارىنىپ چىققان ياش چوكاندەك گۈزەل يېقىملىق قىلىۋەتكەنىدى. رەتمۇ رەت ئۆسكەن دەرەخلەر، ھەر خىل گېئومېترىك شەكىل ئالدۇرۇپ ئۆستۈرۈلگەن گۈل - گىياھلار زوقىمىزنى تارتتى. يان - يانغا كۆز تىكىپ شۇنى ئويلىدىمكى: خۇددى ئىنسانلارغا (ئېچىپ ئېيتقاندا ئاياللارغا) ئوخشاش، بۇ جانلىق تەبىئەتمۇ پەردازلاپ ياساپ قويسا تېخىمۇ كۆركەملىشىپ كېتىدىكەن. بولمىسا يۇيۇنۇپ - تارانمىغان، چېچى چۇۋۇق مەج-نۇن خوتۇنلارغا ئوخشاپ قالىدىكەن. ئىستانبۇلدىكى داڭلىق باغچىلاردىن بولغان «گۈلخان» ۋە «يۇلتۇز» پاركلىرىنى سەير قىلغىنىمىزدا، يۇقىرىقىدەك تەسىراتقا كەل-گەنلىكىم ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. بۇ يەردىكى دەل - دەرەخ، گۈل-گىياھلارنىڭ شاخ يوپۇرماقلىرىمۇ تەكشى، پاكىز بولۇپ زۇمرەتتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى.

«يۇلتۇز» پاركىدا ئۆتكۈزۈلگەن توي ئەقلىمگە كېلىپ قاتناشقان تويلار ئىچىدە ئۆزگىچە بىر توي بولۇشى بىلەن ئېسىمدە ساقلىنىپ قالدى. ئىلگىرى پادىشاھنىڭ خاس بېغى بولغان دېڭىز بويىدىكى بۇ پارك، تۈركىيەدە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن خەلق باغچىسىغا ئايلاندۇرۇلغانىكەن. بۇ يەردە زىيابەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن. بۇ قېتىم ياۋروپاچە ئۆتكۈزۈلگەن توي مۇراسىمىغا بۇ يەردە تاسادىپىي قاتنىشىپ قال-دىم. كۈيئوغۇلنىڭ ئانىسى نېمىس، ئاتىسى ئۇيغۇر ئىكەن. كېلىننىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇزۇن يىل غەربىي گېرمانىيەدە ئىشلىگەن ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردا ئىستانبۇلغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغانىكەن. بىز كېلىپ، ئازادە زالنىڭ ئالدىدىكى سەينادا راسلانغان تاماق شىرەسىنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. بۇنداق شىرەدىن ئاتمىش، يەتمىشى قويۇلغانىدى. ھەر بىر مېھمان ئالدىغا جۈپ - جۈپ بىلەن ۋىلكا (ئارا)، قوشۇق، پىچاقلار قويۇلغانىدى. گۈل چىقىرىپ قاتلانغان ياغلىقمۇ تىزىمىز ئۈستىگە يېيىپ قويۇلدى. يېقىلىپ كەتكەن چىراغلارنىڭ رەڭگا رەڭ يورۇقىدا، بۇ ياپيې-شىل خىلۋەت باغچا ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. مۇلازىملار پات - پات سو-غۇق ئىچىملىك (مېۋىلەردىن ياسالغان خىلمۇ خىل شەربەت) ئەكىلىپ تۇردى. كەينى-

① ② ئىستانبۇلدىكى يۇقىرى باھالىق مېھمانخانىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەينىدىن ئۈچ قېتىملىق تاماق تارتىلدى. تاماقلار پۈتۈنلەي ياۋروپاچە، شۇنداقلا تۈركچە بولۇپ، بىر قىسمى سوغۇق، بىر قىسمى ئىسسىق ئىدى. بىر پەتنۇستا ئالتە-يەتتە كىچىك تەخسە، ھەر بىر تەخسىدە بىر-ئىككى قوشۇق كېلىدىغان يېمەكلىك بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا بىزگە تونۇشلۇق ھەم يەپ كۆنگەن شوخلا، تەرخەمەك، توغرالغان ھىسۋىلەك، يۇمغاقسۇت ئارىلاشتۇرۇلغان قېتىق، سۇزمە، ئاپېلسىن، ئالمىلارغا، قوغۇن-تاۋۇزغا بەھوزۇر ئېغىز تەگدۇق. ھەر خىل قۇش، كالا، قوي گۆشلىرىنىڭ قورۇمىلىرىغا، بېلىق قاتارلىق قىممەت باھالىق دېڭىز ھايۋانلىرى گۆشلىرىگە ئانچە-مۇنچە ئېغىز تەگدۇق. نامى نامەلۇم بولغان كۆكتات، غىزالارغا ئېغىز تەگكۈزگۈم كەلمىدى. نېمىس، تۈرك سازەندىلىرى غۇبەت ئىسكىرىپكا، پىئانىنو قاتارلىق سازلارنى چېلىپ مېھمانلارنىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتەردى، تويىنى قىزىتىۋەتتى. بىر چاغدا زالدىن كۆركەم توي كۆڭلىكى كىيگەن قىز بىلەن ئالىپتە كىيىنگەن كۇيئوغۇل قولداشلىرى بىلەن چىقىپ كەلدى. كۆپچىلىك ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك بىلەن قارشى ئالدى. قىزىل تون كىيگەن تۈرك ئاخۇنى تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن نىكاھ قىلدى. ئاندىن كۆپچىلىك مۇبارەكلەپ ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى. كۇيئوغۇل بىلەن كېلىنچەكمۇ تانسىغا چۈشۈشتى. مانا شۇ چاغدا يەلپۈنۈپ تۇرغان يىپەك چۈچىلار بىلەن يالىڭاچ تېنىنى ئورىغان سەككىز-توققۇز ئايال پەيدا بولۇپ قالدى. بەللىرىنى تولغاپ، كۆكسىنى ئېتىپ ھەر بىرى بىردىن مېھمانغا يېپىشتى. بۇلار ئەنە شۇنداق غىلجىڭلىق قىلىپ پۇل تاپىدىغان تىلەمچىلەر ئىكەن. بۇلارغا قاراپ ئۆزبېكىستاننىڭ ناۋايى شەھىرىدە بولغان تويىنى ئەسلەپ قالدىم: كېلىن كەلگەندە كۇيئوغۇل ئۇنى كۆتەرگىنىچە لاۋۇلداپ تۇرغان گۈلخاننى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ ئاندىن ئاتا-ئانىسىغا تازىم قىلدۇرغانىدى...

كەچ سائەت ئونبىرلەردە تويدىن قايتىپ ئىستانبۇلنىڭ گۈزەل كېچىسىنى سەير قىلدۇق.

4

سۇلتان ئوسماننىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى بولغان مۇھەممەت 11 «ئايا سوفىيىدە قۇتبە ئوقۇپ، جۈمە نامىزىنى ئۆتەيمەن» دەپ قەسەمىيات قىلىپ، 1453 - يىلى ئىستانبولنى فەتھى قىلىپ، مۇھەممەت فاتىھ ئاتالغاندىن باشلاپ، ئىسلامىيەتكە تەۋە بولغان بۇ كاتتا شەھەردە 2400 مەسچىت بار ئىكەن. بۇنىڭ مەشھۇرلىرى سۇلتان ئەخمەت، سۇلتان مۇھەممەت فاتىھ، سۇلتان سۇلايمان، سۇلتان بايازىت، سۇلتان ئابدۇلھەمىتخان... قاتارلىق پادىشاھلارنىڭ نامىدىكى جامەلەر ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە كۆك خىشتىن ياسالغان ناھايىتى چوڭ گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنغان سۇلتان ئەخمەت جامەسى ناھايىتى ھەيۋەتلىك، ھەشەمەتلىك ئىكەن. تۆت ئەتراپىغا ئۈچ قىرلىق مۇنار تۇرغۇزۇلغان «ئايا سوفىيا» نىڭ ئاجايىپ كۆركەم گۈمبەز، مۇنارلىرى قەد كۆتەرگەنىدى. ھەممە مەسچىتلەر گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان بولۇپ تۆۋرۈك، سالاسۇنلىرى مەرمەردىن قوپۇرۇلغان. ئىچى ناھايىتى پاكىز، گىلەم جايىنماز سېلىنغان. ھەر ۋاخ نامازدا مەسچىتنىڭ يالتىراپ تۇرغان خانىقا-ئايۋانلىرى جامائەت بىلەن لىق توشىدىكەن.

بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن يەنە شۇنى كۆردۈمكى: ئىستانبول شەھىرىدىكى ياشلار ئاساسەن يالاڭباش يۈرىدىكەن. يۈرۈش - تۇرۇشى چاققان، روھلۇق، جۇشقۇن ئىكەن. چوڭلار ئىچىدىمۇ بۆك، شىلەپە كىيىدىغانلىرى كۆپ ئەمەسكەن. مەسچىتكە كىرگەن چاغلىرىدىلا ئاق بۆك كىيىۋالىدىكەن. ئاياللارنىڭ 70 پىرسەنتى تولۇق كىيىنىپ يۈرىدىكەن، 10 پىرسەنتى كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيىدىكەن. يېرىم يالىڭاچ يۈرگەنلەرنىڭ كۆپى چەتتىن كەلگەنلەر بولۇپ، ئون پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىكەن. يەنە 10 پىرسەنت ئەتراپىدا مەستۇرە خوتۇن-قىزلار بولۇپ، قارا پەرەنجى ئارتىپ، يا بولمىسا رومال سېلىپ قارا كۆزەينەك تاقاپ يۈرىشىدىكەن. ناماز ئوقۇيدىغانلار شەھەر ئاھالىسىنىڭ 95 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىكەن. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى «ناماز ئوقۇ، ئوقۇما» دەپ تەرغىپ قىلىشى قانۇندا مەنئى قىلىنىدىكەن. ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ ئىشىغا، ئارامىغا دەخلى يەتكۈزۈش كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغانلىق، قانۇنغا خىلاپ قىلمىش سانىلىپ جىنايەت ھېسابلىنىدىكەن. ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن بولىدىكەن. يامانلىق قىلسىمۇ، ياخشىلىق قىلسىمۇ ئۆزىگە ئىكەن. خەير - ساخاۋەت، ئىنسانپەرۋەرلىك ئۆز يولىدا قىلىنىۋېرىدىكەن. ھەممە ئىش ئاشكارا بولۇپ، غەيۋەت، شىكايەت، پىتنە - پاساتنىڭ بازىرى كاسات ئىكەن. بۇ ئەلۋەتتە يەرلىك خەلقنىڭ ئىناق ئىتتىپاقلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

5

ئىستانبول — قەدىمكى يونان، رىم، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ھازىرقى زامان ياۋروپا مەدەنىيىتى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تارىخىي شەھەر. ئاسىيا، ياۋروپادىن ئىبارەت ئىككى قىتئەگە مەنسۇپ ئەنئەنىۋى زامانىۋى چوڭ شەھەر. مەدەنىي، تارىخىي يادىكارلىقلىرى، ئاسارە - ئەتىقىلىرى، سەير - ساياھەت ئورۇنلىرى سائەتمۇ سائەت يولۇچى، ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ زوق، ھەۋەس قوزغايدۇ.

بىز سۇلتان مۇھەممەت فاتىھنىڭ بىر قاراشتا تىرىكتەكلا كۆرۈنىدىغان ئاتلىق ھەيكىلى ھەيۋەتلىك تۇس بەرگەن «ئەسكىرىي مۇزېي» زالىغا كىرگىنىمىزدە، دەسلەپ ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويۇلغان ھەر قايسى دەۋردىكى تۈرك سۇلالىلىرىنىڭ يىللىنامىلىرىغا كۆزىمىز چۈشتى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى پادىشاھلىقلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى نامايان قىلىنغان ئەينى دەۋرنىڭ قىلىچ - نەيزىلىرى، ئەسلىھەلىرى، سىزما رەسىم، ھەيكەللەر، دۇبۇلغا-ساۋۇتلار بىزگە ئۈنسىز ھالدا تارىخنى سۆزلەپ بەردى، «ئەسكىرىي مۇزېي» ئالدىدىكى يول چېتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قەدىمكى دەۋرگە، ئوتتۇرا ئەسىر ھەم يېقىنقى زاماندىكى ھەر قايسى تۈرك سۇلتانلىرىغا ئائىت ۋە باشقا مەملىكەتلەرگە مەنسۇپ بولغان خىلمۇ خىل توپلارنىڭ ئەينىنى كۆرۈپ، ئىستانبول شەھىرىنىڭ قانلىق ھەم شانلىق تارىخىدىن خەۋەر تاپقاندەك بولدۇق.

ئىككىنچى قېتىم «توپ قابى» مۇزېيىغا باردۇق. بۇ ئەسلىدە ئوسمان ئىمپېرىيىسى سۇلتانلىرىنىڭ ئوردىسى ئىكەن. ھازىر ئىسلام مەدەنىيىتى، تۈرك سەلتەنىتى نامايان قىلىنغان كاتتا مۇزېيخانا قىلىنىپ، خەلققە ئېچىپ بېرىلىپتۇ.

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن دۇنيادىكى تۇنجى ئىسلام خەلىپىلىكىدىن، بۈگۈنكى پارچىلانغان ئەرەب دۇنياسىغا نەزەر يۆتكەپ شۇنى چۈشەندىمكى: ئىتتىپاقلىق مەملىكەتنى روناق تاپتۇرىدىكەن، گۈللەندۈرىدىكەن. ئىتتىپاقسىزلىق مەملىكەتنى پارچىلايدىكەن، خاراب قىلىدىكەن...

بۇ سالۇندا يەنە بىز 86 قىراتلىق ئالماسنى (كۆھەرنى) كۆردۇق. دۇنيادىكى ھەممە قىممەتلىك بۇيۇمىنىڭ ئىنسانلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، خۇددى تاڭ چولپىنىدەك نۇرلىنىپ جۇلالاپ تۇراتتى. ئوغرى - قاراقچىلار بىر قانچە قېتىم لەخمە كولاپ، بۇ كۆھەرنى ئوغۇرلىماقچى بولغاندا قولغا چۈشۈپ جازالانغانلىقىنى چۈشەندۈرگۈچىدىن ئاڭلىدۇق.

فار - فۇر سالۇنىدا جۇڭگونىڭ جانان چىنە - تەخسىلىرى، رەڭدار لوڭقىلىرىنى كۆرگىنىمىزدە، قەشقەر يەنە كۆز ئالدىمىزغا كېلىپ، ۋەتەن مېھرى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى ئوت سالغان تونۇردەك لاۋۇلدىتىۋەتتى.

بىز بۇ سۈرلۈك ئوردىدىن يېنىپ چىققىنىمىزدا، ئىستانبۇلغا كۆكۈم سايە تاشلىغان مەرمەر دېڭىزى قارامتۇل تۈسكە كىرگەنىدى.

ئاسمان يۇلتۇزلىرى باغرىغا كۆچكەندەك پارقىراپ تۇرغان ئىستانبۇل كېچىسىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى سائەت سەككىزلەردە «دولما ئوردىسى» نى كۆرگىلى باردۇق. 1843- يىلىدىن 1857- يىلىغىچە ياسىلىپ پۈتكەن بۇ ئوردا ھازىرقى زامان شەكلىدە ناھايىتى چىرايلىق ياسالغانىدى. غارنىڭ غەربىدىكى چوڭقۇرلۇق تىندۇرۇلۇپ ياسالغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئوردىغا «دولما (تولدۇرۇلغان) ئوردىسى» دېگەن نام بېرىلگەن. ھازىر «دولما باغچىسى» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ناھايىتى ھەشەمەتلىك، كۆركەم، نەپىس بولۇپ، تام - تورۇس، ناۋا، تۈۋرۈك، سالاسۇنلىرىنى زىننەتلەش ئۈچۈن 17 توننا ئالتۇن ئىشلەتكەنىكەن. پادىشاھ، مەلىكە، خانىش، كېنىزەكلەرنىڭ مېھمانخانا، ياتاق ئۆيلىرىنى كۆردۇق. پادىشاھ، خانىش مۇنچىلىرى، ھاجەتخانىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ناھايىتى نەپىس ياسالغانكى، ھەيران قېلىشتىن باشقا تەسىراتتا بولۇشىمىز، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قانداقمۇ ئىنكار قىلالىسۇن؟

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇستاپا كامال جان ئۈزگەن كارىۋات — يەنىلا ئادەتتىكى ياغاچ كارىۋات بولۇپ، ئۈستىگە جۇمھۇرىيەت بايرىقى يېپىقلىق ئىدى. چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمگەن بۇ جىمجىت ئۆيدىكى توختاقلىق سائەت توققۇزدىن بەش مىنۇت ئۆتكەننى كۆرسىتىپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ھايات بىلەن خوشلاشقان بۇ زاتنىڭ جەسىتى ئەنقەرەگە قويۇلغانىكەن. بۇ رەئىس جۇمھۇرنىڭ ھۆرمىتى ئۆتكەن ھەر قانداق پادىشاھلاردىن ئۈستۈن ئىكەن.

بىز دولما ئوردىسىدىن يېنىپ چىققاندا كۈن پېتىشقا ئارغامچا بويى قالغانىدى.

— زېمىنغا تۆرىلىشنىڭ ئۆزى بەختسىزلىك بولۇپ قالغان بۇ زېرىكىشلىك دۇنيادا، ئادەملەر ئىچ پۇشۇقىنى سەيلە - ساياھەت بىلەن چىقىرىشقا بەكرەك قىزىقىدىغان بولۇپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك، — دەپ سۆز باشلىدى بىزنى باشلاپ كېتىۋاتقان بۇرادىرىم، — ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى: كىشىلەر ئېگىز، كۆركەم بىنالىرى،

كۆمۈش فونتانلار مەرۋايىت چېچىپ تۇرغان گۈلشەنى، خىيابانى ئاق يەلكەنلەر ئۈزۈپ تۇرغان دېڭىز، كۆلى بار شەھەر — يۇرتىدىنىمۇ زېرىككەنلىكىدۇر. مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ئېھتىمالىم، غەرب دۇنياسىدىكى ئەڭ گۈزەل كاتتا شەھەرلەردىن بولغان نيۇ-يورك، لوندون، بېرلىن، پارىژ، رىمدىن مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ ساياھەتچىلەر ئىستامبولغا كېلىپ سەيلە قىلىپ كېتىدۇ. كۈنلىكى كېلىپ — كېتىدىغانلار مىليوندىن كۆپ، قاراڭ ئەنە...

مەن، ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە كۆز سالغىنىمچە:

— شۇنداق، توغرا ئېيتىپسىز،— دېدىم نۇرغۇنلىغان شار شەكىللىك كۈنلۈك ئاستىدا ھوزۇرلىنىپ ياتقان يېرىم يالىڭاچ ئەر — ئايال، قىز — يىگىتلەرنى نەزەرىمدىن ئۆتكۈزۈپ.

ئىنساننىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆسكەنسېرى كۆرمىگەننى كۆرگۈسى، بىلمىگەننى بىلگۈسى كەلسە كېرەك، مەن چېغىمدا ئاشۇ ئارزۇنى قوغلىشىپ كەلدىم ئەمەسمۇ.

بۇرادىرىم توغرا، دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتىپ قويدى.

باشقا ئەل — يۇرتلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىش — گۈزەللىككە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن، ئىنساننىڭ يۈكسەك ئارزۇسىدىن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

ساياھەت قىلغان، شەھەر كۆرگەن كىشىنىڭ نەزەر دائىرىسى، كۆڭلى — كۆكسى كەڭ، بىلىمى چوڭقۇر، باغرى يۇمشاق، ئىرادىلىك، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، ئۈمىدۋار كېلىدىغانلىقى كىتابخانلارغا مەلۇم بولغىنى ئۈچۈن بۇ توغرىدا گەپ سېتىشنى ئارتۇقچە دەپ بىلىمەن. ئەمما شۇنى ئېيتىش ئارتۇقچە كەتمەيدۇكى، باشقا ئەل — يۇرتلارنى كۆرۈش ھەرگىز زىيانلىق ئەمەس، ھەر جەھەتتىن پايدىلىقتۇر.

6

ۋاقىت بىزنى ئالدىراتماقتا ئىدى. پېقىر كۆڭلۈمگە پۈككەن جايلارنى ئاساسىي جەھەتتىن كۆرۈپ بولغانىدىم. بۇ، ئىستامبولنى كۆرمەي تۇرۇپ يازغان رومانىمنى تولۇقلاش، رېئاللاشتۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى. ئەمدى بىرلا قېتىم كۆرۈپ قويۇشنى ئويلاشقان ئاخىرقى جاي «نازىنىنلار كوچىسى» قالغانىدى، بۇ نامنى ئۆزۈم قويۇپ قويدۇم. چۈنكى يەرلىك كىشىلەردىن بۇ كوچىنىڭ نامىنى سوراشتىن، مېنى ھايا، نومۇس يالتايتقان ئىدى، بۇ كوچا قارا كۆي① مەھەللىسىدە ئىكەن.

ئىستامبول شەھىرىدىكى بىردىنبىر ترامۋاي قاتنايدىغان كوچىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، ۋىزا قىلدۇرۇپ قايتىشىمىزدا ئەنە شۇ كوچىدىن ئۆتتۇق. ناھايىتى تىك دۆڭ كوچىدىن پەسكە چۈشۈۋېتىپ، سول تەرەپتىكى يان كوچىغا بۇرۇلدۇق. بىر ئاز مېڭىپلا، يەنە ئوڭ ياندىكى ئارا كوچىغا قەدەم باستۇق. ئەڭ ئاۋۋال كوچىنىڭ ئىككى بىقىنىدىكى پارىلداپ تۇرغان چوڭ دەرۋازىلىق ئۆيلەر ئالدىدىكى ساقچىنى كۆردۈم. يان قورال — تاپانچا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— بۇلار،— دېدى مېنى باشلاپ كەلگەن يىگىت ساقچىنى كۆرسىتىپ،— مۇشۇ يەردىكى پاھىشە ئاياللارنى تىل — تاياقتىن قوغدايدۇ.

---

① قارا كۆي — يەر نامى.

قۇلىقىمغا بۇ سۆز كىرگەندە كەڭ ئېچىلغان دەرۋازىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان «نازىنىن» لارغا كۆزۈم چۈشتى. بەزىلىرىدە كۆڭلەك تۈگۈل، لىغىلدىتىپ تۇرغان كۆكسىدە باغىرداق ھەم يوق ئىدى. ئۈچ بۇرجەك كالتە نىپىز ئىشتان خاس يېرىنىلا يېپىپ تۇراتتى. بەزىلىرى ئۆرە، بەزىلىرى ساپادا ياتقان، بەزىلىرى پۇتلىرىنى ئالماشتۇرغان ھالدا: «كىلىڭ، مەرھابا...» دېيىشىپ مېھمان چاقىراتتى. ئۇلارنىڭ كۆپى 30 ياشتىن تۆۋەن تولۇق بەدەنلىك، كىلىشكەن ئاياللار ئىدى...

غەرب دۇنياسىنىڭ بەزى چوڭ شەھەرلىرىدە مانا شۇنداق مەخسۇسلاشقان، قانۇننىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى كوچىلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئىستامبولدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇراتتىم. بۇنداق شەھۋانە كوچىنىڭ سۇلتان ئەخمەت خان جامەسىدەك كاتتا مەسچىتى بار شەھەردە بولۇشى نېمىشقا مېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن؟

چىرايىمدىكى سوئال ئالامىتىنى بايقىغان بۇرادىرىم:

— بۇ كوچىنى ئىبرەت كوچىسى دېسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئىستامبولنىڭ باشقا ھەرقانداق كوچىسىدا، بۇ كوچىدا يۈز بېرىدىغان ئۇياتلىق ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. قانۇن قەتئىي مەنئى قىلىدۇ. مۇشۇ كوچىدىلا يول قويۇش، ئىبرەت قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى ئار - نومۇسلۇق بولۇشقا ئۈندەشنى، قانۇنسىز جىنسىي مۇناسىۋەتنى توسۇشنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى، ھاياسىزلىق، شەھۋانىيلىقتا بولغان نەپرەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، تۇرمۇشنىڭ پاك، ساپلىقىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان. ئىستامبوللۇقلار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ شۇ كوچىغا كىرىپ ئەيش - ئىشرەت بىلەن شۇغۇللانغىنىنى بىلىپ قالسا يۈزىگە ھەرگىز قارىمايدۇ، ئارىغىمۇ ئالمايدۇ - دېدى.

مېنىڭ بۇ شەھۋانىي كوچا توغرىسىدىكى قارىشىم مەلۇم مەنىدە يېڭىلاندى. ھاياتنىڭ ئۇ نومۇسلۇق تەرىپىنى بىر قەدەر چۈشەنگەندەك بولدۇم. ھەقىقەتەن نەچچە كۈندىن بېرى، ئىستامبول شەھىرىنىڭ بىز ئارىلاپ چىققان كوچىلىرىدا كۆز قىسىشقان، بىر - بىرىگە سۈركىلىشكەن ئەر-ئاياللارنى ئۇچراتمىغانىدۇق. ئاپتوبۇس، تراللىبۇسلاردا ئەر - ئاياللار ئارىلىق قالدۇرۇپ ئەدەب بىلەن تۇرۇشىدىكەن. كوچا - سورۇنلاردا ئاياللارغا تىكىلىپ قارايدىغان، پوخورلۇق قىلىدىغان، ئۇرۇشىدىغان، تىللىشىدىغان ناچار ئەھۋاللارنى زادى ئۇچراتمىدۇق. ئىستامبوللۇقلارنىڭ ۋارقىراپ گەپ قىلغىنىنى بىرەر قېتىممۇ ئاڭلىمىدۇق. ئەر - ئاياللار ھەممىسى پەس ئاۋاز بىلەن ناھايىتى سىلىق سۆزلىشىدىكەن. يولدا توپلىشىپ تۇرۇۋالمايدىكەن. قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ تەرتىپلىك ھايات كەچۈرۈش ئىستامبوللۇقلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

«نازىنىنلار كوچىسى» بۇ شەھەر ئەزىمەتلىرى كىشىلەرنىڭ ئەخلاق جەھەتتە ئۆزىنى چەكلەپ، نومۇس-ئارنى ساقلاپ، تەرتىپلىك، مەدەنىي ھايات كەچۈرۈشىدە ئەنە شۇنداق ئۆزگىچە ئىبرەتلىك ئەينەك ئىكەن.

## 7

ئىستامبولدىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئورنى.

بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرىتىپ كىتابخانلارنى خېلى بەكلا قىزىقتۇرسا كېرەك. شۇڭا ئەمەلىيەتتىن بىر نەچچە سەھىپە يېزىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا پۈتۈن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار 30 مىڭغىمۇ يەتمەيدىكەن. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ دېيىشىدىكەن. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ئېلان قىلغان سان مەلۇماتى يوقلۇقىنى بىلدىم. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇششاق ئېلىپساتارلار، ھۈنەرۋەن-كاسىپ، ئىشچىلار بولۇپ، ئوتتۇراھال تىجارەتچىلەر، تونۇلغان زىيالىيلار ئاز ئىكەن، زاۋۇت-كارخانا، شىركەت قۇرغانلار بارماق بىلەن ساناشقىمۇ توشمايدىكەن. بىر - بىرى بىلەن ئانچە باردى - كەلدى قىلىشمايدىكەن. مەن بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. كۆپچىلىك قېرىنداشلىرىم تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كۈنلەرنى ئالدىراشچىلىقتا ئۆتكۈزىدىكەن. بىر- بىرى بىلەن زىتلىشىدىغان، بىر - بىرىگە ئورا كولايدىغان، بىر - بىرىگە قاپقان قويىدىغانلار بۇ يەردىمۇ بار ئىكەن. گەرچە بۇنداقلار كۆپ بولمىسىمۇ، پەيدا قىلىدىغان تەسىرى يامان ئىكەن.

ئىستامبولدەك تەرەققىي قىلغان زامانىۋى شەھەردە ئۆز ئەمگىكى، پاراستى بىلەن سالغان مەكتىپى، بىرەر مېھمانخانىسىمۇ يوق ئىكەن. تىرىشىپ ئىزدىنىپ ئۆز ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەۋاتقانلار، كىشىلەرنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاۋاتقانلارنى كۆرۈپ شۇنچە روھلاندىم.

بۇ يەرگە كەلگەن قېرىنداشلىرىمنىڭ كۆپى 1950- يىلدىن ئىلگىرى كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كەلگەنلەر ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدىكەن. 80- يىللاردىن بۇيان بارغانلار بولسا بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئىكەن. ھەممىسى دېگۈدەك ھال كۈنىگە شۈكرى قىلىدىكەن. باشقا مىللەت كىشىلىرىدەك قەددىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئۈزلۈكىدىن ئىنتىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس ئىكەن. تېخى بەزىلەر قۇرۇق سۆڭەكنى غاجاپ، «دۇنيادا بىز بىرىنچى» دەپ كۆرەڭلەپ، ھەممىدىن ئارقىدا قالغانلىقىمىزنى بىلمەي بەخىرامان ياشاۋېتىپتۇ. ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپ، ئاچ قېلىۋېتىپتۇ، تامادا يۈرۈپ ھەممىدىن قۇرۇق قاپتۇ. بۇنىڭغا ئېسىت دېسەم بولارمۇ، نالەت دېسەم بولارمۇ؟ بۇ ئەھۋال تاشكەنتتىمۇ، ئالمۇتىدىمۇ، ئىستامبولدىمۇ ئاساسەن ئوخشايدىكەن.

مەن يۇرتداشلىرىمنىڭ تۈركىيەدىكى تۆۋەن ئورنىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم. ئۇلار نېمىشقا خېجىل بولمايدىغاندۇ؟ - دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇنى چۈشەندىمكى، ھەرقانداق ئادەم ۋەتىنى، مىللىتى ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدا ياخشى خىزمەت قىلالايدىكەن. ئۆز يۇرتىدا بولمىسا ياخشى خىزمەت قىلىشى ئاسانغا چۈشمەيدىكەن... مەن ئەنە شۇنداق ھەم خۇشاللىق ھەم ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە كېلىپ- كەتكىنىمنى بىلمەيلاقالغان بۇ سەلتەنەتلىك شەھەر ئەزىم بىلەن خوشلاشتىم.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھاجى ئەخمەت

نۇرئىمان مۇھەممەت

# تۇنجۇققان سۆيگۈ

(ھېكايە)

«ئەسلىمە ئۇچرىشىشنىڭ بىر خىل شەكلى»

— ج. خ. جىبران

دىلمۇرات، قەلب سىرلىرىمنى، ئۇزۇندىن بېرى بىزنى قىيىنىغان ئازابلىرىمىزنى ئېنىقى ۋە تولۇقى بىلەن ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تۆكۈشىدىغان پۇرسەت كەلگەن ئوخشايدۇ. ھازىر ئىككىمىز ئىككى تەرەپتە ئايرىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. ئارىلىق يىراق سىرلىرىمىزنى ئېيتىشقا، قەلبىمىزدە بېسىلىپ ياتقان تۇنجۇققان ھېسلىرىمىزنى ئاشكارىلاشقا توسالغۇ بولالمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بىزگە ئارام بەرمىگەن سوئاللىرىمىزغا بىر-بىرىمىزدىن جاۋاب ئېلىشقا بولغان تەشنالىقىمىزنى بوغۇشقا، چىن سۆزلىرىمىزنى توسۇشقا قادىر بولالمايدۇ.

كەل، سۆزلىشەيلى، سىرداشايلى.

بۈگۈن تۇيۇقسىز سەندىن تاپشۇرۇۋالغان خەت يەنە بىر قېتىم مەكتەپ ھاياتىنى ۋە سېنى ئېسىمگە سالدى. شۇ چاغلاردا يۈرىكىمنى ئۆرتەپ، ھالىمنى خاراب قىلغان دەردلىرىمنى تۆكۈشكە، تولغىنىپ ئەلەمدىن لەۋلىرىمنى چىشلەشلىرىمگە سەۋەبكار بولغان ئازابلىرىمنى سۆزلەشكە قىستىدى.

1

— ئىنىستىتۇتتىكى ھاياتىمىزنىڭ ئۈچىنچى يىلى ئېسىڭدىمۇ؟


— ئېسىمدە، ئۇ كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۇنتاي، سۇبھى؟!

— مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن ھۆسن خەت يېزىش ۋە بەدىئىي رەسىم سىزىش مۇسابىقىسىچۇ؟

— ئۇ، مېنىڭ ئېسىمدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدۇ، سۇبھى. بەدىئىي رەسىم سىزىش مۇسابىقىسىدىكى نەتىجەم ساڭا بولغان قايناق مۇھەببىتىمنىڭ ئىلھامىدا قولغا كەلگەن. ئۇ رەسىم — ياشلىق سۆيگۈمنىڭ ساڭا ئاتالغان تۇنجى گۈلدەستىسى ئىدى. ھازىرمۇ ئېيتىمەن، ئاشۇ رەسىمگە مېنىڭ يۈرەك قېنىم ھەم تۇنجى پاك سۆيگۈم سىڭگەن.

— دىلمۇرات، راستىنى ئېيتسام، شۇ چاغقىچە دەرستە ئەلاچى بولۇشنىلا ئويلايدىغان، دۇنيانى ۋە بارچە مەۋجۇداتنى ئۇنتۇتقان ھالدا ئۆگىنىشكە بېرىلگەن ساددا، تىرىشچان بىر قىز ئىدىم.

— شۇنداق، مەن بەزىدە سەندىن: «كىتابلا ئوقۇمسەن؟ دەرس ئۆگەنسەڭلا بولامدۇ؟» دەپ سورىسام، سەن پەرۋاسىز ھالدا: «ئۆگىنىشتىن باشقا نېمە ۋەزىپ-



مىز بولسۇن؟» دەپ جاۋاب بېرەتتىڭ. بۇنى ئويلىسام ھازىرمۇ سەل جىلە بولۇمەن.

— كەچۈر دىلمۇرات! ئۇ ۋاقىتتىكى نادان ۋە ساددىلىقىمنى ئويلىسام، مانا ھازىر تولىمۇ پۇشايمان قىلىمەن. كەسپىي دەرستە سەن مەن بىلەن تەڭ ماڭالمايتتىڭ. شۇڭا مەن ساڭا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيتتىم، سىنىپتا قىزلارنى چۈشۈرىدىغان سۆزلەر بولسا، ئەمەلىيىتىم ئارقىلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمەكچى بولاتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن پاكىت سۆزلەپ، ئوغۇللارنى قايىل قىلىشقا تىرىشاتتىم. سەن قەستەن ماڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «قىزلار مۇستەقىل پىكىرلىك ئەمەس، يادلامچى!» دېسەڭ، جان - جەھلىم بىلەن تاكاللىشىپ قارشىلىشاتتىم. ئىرادە ۋە جۈرئەتلىكتە ئۆزۈمنى ئالاھىدە ھېساپلايتتىم. لېكىن، ئاشۇ رەسىمنىڭ مېنىڭ تۇرغۇن روھىي ھالىتىمنى داۋالغۇتۇۋەتكەنىدى. مەن بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان رامىلە قولۇمدىن ئۈن - تىنسىز يېتىلەپ، رەسىملەر قويۇلغان جايغا ئېلىپ باردى. «تىرىشچان قىز» دېگەن تېما ئاستىدىكى رەسىم دىققىتىمنى تارتتى. ئاق تاشكەنتدوپپا كىيگەن، چاچلىرى بوستاندەك تال - تال قىلىپ ئۆرۈلگەن (مۇرىسى ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ)، غۇنچە بويىغا ئەتلەس كۆڭلەك تولىمۇ ياراشقان بىر قىز قولىدىكى كىتابقا تىكىلگىنىچە كەلمەكتە. قۇلىقىدىكى ھالقا ئەتىگەنلىك شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا ۋالىلداپ تۇرىدۇ، يول بويىدىكى مەجنۇنتاللار سەھەر شامىلىدا لەرزان تەۋرىنىدۇ، قۇياشنىڭ زەر چاچقۇسىغا پۈركەلگەن گۈزەل تەبىئەت يېڭى بىر كۈن، يېڭى بىر ھايات ئۈچۈن جىلمايغان.

رامىلە بىلىكىمنى نوقۇپ تۇرۇپ: «بۇنىڭغا قارا» دەپ رەسىمدىكى قىزنىڭ ئويماقتەك ئاغزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قاپقارا خالنى بارمىقى بىلەن كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمدە قوزغالغان غەلىتە گۇمان تېخىمۇ ئۇلغايدى، ھەيرانلىقىمنى ئاشۇردى. رامىلە:

— سۇبھىنۇر، رەسىمدىكى قىز قويۇپ قويغاندەك ساڭا ئوخشايدۇ. بۈگۈن كېلىپ دەل رەسىمدىكىدەك كىيىنىپسەن، بەزى ساۋاقداشلار بۇ رەسىمنى دىلمۇرات سېنى پورترېت قىلىپ سىزىپتۇ، دېيىشىۋاتىدۇ، - دېدى.

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدىم. رەسىم ماڭا شۇنچە ئوخشىمىغان بولسىمۇ، لېكىن زادىلا ئېتىراپ قىلغۇم كەلمىدى. ئەتراپىمدىكى ساۋاقداشلارنىڭ قىزىقسىنىپ قاراشلىرىدىن ئەيىبىم ئاشكارا بولۇپ قالغاندەك، يۈزلىرىم چىمىلداپ كەتتى...

شۇ مىنۇتتىن باشلاپ قەلبىمدە پەيدا بولغان قانداقتۇر بىر تۇيغۇ، ئىچىمنى تىتىلدىتىپ ماڭا ئارام بەرمىدى، شۇ كۈنى كەچ كىرگىچە ساڭا يوشۇرۇن سەپ سالدىم. سەن نەزىرىمدە باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانتىڭ.

كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتى توشۇشقا يېرىم سائەت قالغاندا، بىر خىل قىزىقىش، بېسىۋالغۇسىز بىر ئىنتىلىش، توسالغۇسىز مەپتۇنلۇق مېنى ساڭا تارتتى، ھەي... شۇ چاغدىكى ھالىم. ئۆز - ئۆزۈمدىن قورۇنۇپ تۇرساممۇ، سېنىڭ يېنىڭغا باردىم. سېنىڭ ئېغىز ئېچىشىڭنى كۈتۈپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇردۇم. شۇ بىر كۈندە، شۇ بىر پارچە رەسىم بىلەن مېنى شۇ ھالغا كەلتۈرگەنتىڭ. سەن ئوقۇۋاتقان كىـ

تابىقىدىن بېشىڭنىمۇ كۆتەرمەستىن: «بىر نەرسە لازىممىتى؟» دەپ سورىدىڭ، شۇ ھامان يۈزلىرىم ئوت ئالدى، ھودۇقۇپ كەتتىم.

— سەن مېنىڭ رەسىمىمنى نېمە ئۈچۈن سىزدىڭ؟

سەن ماڭا جاۋاب بېرىش ئورنىغا كۆزلىرىمگە تىكىلدىڭ. كۆزلىرىڭدىن نېمىنى كۆردۈمكىن؟ «ئوخشىماپتۇ، سىزالماپسەن» دەپ سىنىپتىن چىقىپ كەتكىنىم ھازىرقىدەك ئېسىمدە.

شۇ كۈنى كەچ خېلى بىر چاغلارغىچە ئۇيقۇم قاچتى، بىئاراملىقىم ئاشتى. بۇ ئوغۇل زاتىدىن ئاخشىمى تۈنجى قېتىم سېنى ئويلىشىم ئىدى. كېچىچە ھەممىنى ئويلىدىم. سېنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىكىڭ، ئادەم ئويلاپ يەتمىگەن ئىشلارنى قىلىشىڭ، ھەر بىر ئىشتىكى تولىمۇ ئەستايىدىللىقىڭ... بۇلارنى ئىلگىرى نېمىشقا ھېس قىلمىغان بولغىيتتىم؟ شۇ كۈندىن باشلاپ قىزلىق كۆڭلۈمدىكى ھۆرمەتلىك ئورۇندا سەن ئولتۇرغان بولساڭمۇ، لېكىن بۇنى تەن ئالغۇم كەلمەيتتى. ھازىر ئويلىسام، ئۇ چاغلاردا سېنىڭ ئۈنچىلىك قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىڭنى راستىنلا سەزمىگەن ئىكەنمەن. شۇ كۈنلەردە سېنى كۆپرەك خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. نېمىلا ئويلىماي، ھېلىقى باھالاشقا قويغان جازىدىكى رەسىمىڭ كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، خىياللىرىمنى چاچاتتى. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئاشۇ رەسىمىڭگە يۇقىرى باھا بېرىشكە مەجبۇر بولاتتىم. شۇ كۈنلەردە تىنىق كۆل سۈيىدەك جىم-جىت كۆڭلۈمنى دولقۇنلاتقان نەرسە سېنىڭ تالانتىڭمۇ ۋە ياكى... بۇلارنى ئويلاشقا ئەقلىم يەتمەيتتى...

«ماڭا ھۆسن خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ قوي» دەپ، قانچىلاردىندۇر باشلاپ سېنىڭ تەربىيەڭدىكى شاگىرتقا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بۇ خىل ھەۋەس قەيەردىن كەلدى؟ بۇنىسى تېخىمۇ نامەلۇم. سېنىڭ ئۈچى كېسىلگەن قەلەمنى قىرىق بەش گرادۇس يانتۇلۇقتا تۇتقۇزۇپ خەت يازدۇرۇشلىرىڭ، يازالماي قىينالسام تىترەپ تۇرغان قوللىرىڭدا قەلەمنى مەن بىلەن بىرگە تۇتۇپ يازدۇرۇشلىرىڭ... بۇ قىلىقىڭدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھوزۇرلىنىپ كېتەتتىم. لېكىن، سەن بىلەن شوخلۇق قىلىشىپ، بۇرۇنقىدەك مەقسەتسىز چاقچاقلاشمايدىغان بولۇپ قالدىم. شۇ كۈنلەردە سېنىڭ كۆڭلۈڭنى تولىمۇ ئايايتتىم. ئۆزۈمچە باشقىلار چۈشىنەلمەيدىغان تۇيغۇغا چۆمۈلۈپ، سەندىن ئۆزگىچە بىر نەرسە كۈتەتتىم، ئەمما، نېمىنى كۈتكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. سەن بىلەن كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالسا، ئىللىق كۈلۈمسىرەيتتىڭ. بۇ كۈلۈمسىرىشىڭ باشقىلارغا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. پەقەت ماڭىلا شۇ نەزەر، شۇ خىل كۈلۈمسىرەشتە قارايتتىڭ.

شۇ چاغلاردىكى شوخلۇق، ھوزۇرلۇق... نېمە دېگەن مەسۇمە ھايات - ھە، دىلمۇرات؟!

2

مېنى قايىل قىلىپ ئۆزۈڭگە مەپتۇن قىلغان رەسسام بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇستا خەتتات ئىكەنسەن، دىلمۇرات!

تۆتىنچى ئوقۇش يىلىنىڭ ئىككىنچى مەۋسۇمى، دەسلەپكى كۈنلەر... سەن «يۈرەك» دېگەن خەتنى كىچىككىنە كارتوچكىغا شۇنچىلىك ئەستايىدىللىق بىلەن

يازدىڭكى، ھەر بىر چېكىت، سىزىق ئۆتۈلمۇ كۆپ ئويلىنىپ ئىشلىدىڭ، پۈتتۈرۈپ بولغۇچە يېنىڭدا قاراپ تۇردۇم. قەلەم ئۇچىدىن قەغەزگە قۇيۇلغىنى سىياكو بولماستىن، بەلكى ساپ قېنىڭدەك، نەقىش ۋە سىزىقچىلىرى يۈرەكتىكى قان تومۇرلاردەك...

— ئۇنى كىمگە يازدىڭ؟ - دەپ سورىدىم قىزغىنىش تەلەپپۇزىدا.

— كىم ئالسا شۇنىڭغا، - دەپ مەن ياقتۇرىدىغان نەزەرىڭدە كۆزلىرىمگە تىكىلدىڭ، شۇ ئان بىرسى سەندىن ئۇنى تارتىپ ئالىدىغاندەك ئالدىراپ:

— ماڭا بېرەمسەن؟ ماڭا بەرا-دېدىم. سەن ئىككىلەنمەيلا ئۇنى ماڭا بەردىڭ.

جانلىرىم سۆيىنىپ، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمايلا قالدىم. قىز ساۋاقداشلىرىم بۇنى كۆرۈپ بىزنى ئىشارەت قىلىشىپ كۆز قىسىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى خىيالىمغا كەلمىدى، بەلكى مېنى قۇتلۇقلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مەن شۇ چاغدا ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى قولغا كەلتۈرگەندەك خۇشاللاندىم...

— شۇ كۈنى مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا خۇشال بولغانىدىم. راستلا، زەينۇر قاتارلىق دوستلىرىڭ شوخلۇق قىلىپ، سېنى مەندىن يىراقراق ئاپىرىپ، قۇلىقىڭغا پىچىرلاپ قاچقانىدى، ئۇلار يەنە ماڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «سۆيمى، ئۇ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ساڭا سوۋغا قىلدى!» دەپ چۇرقىراشقان.

راست ئىدى، مەن سەندىن يۈرەك سوۋغىسى ئالغاندەك ھاياجانغا چۆمگەنىدىم. ئۇ ماڭا راستىنلا يۈرىكىنى سوۋغا قىلغانىمىدۇ؟ مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەنمۇ؟ بۇ سوئاللار ماڭا ئارام بەرمەيتتى. بۇ خىل لەززەت ئىنتىلىش، بىر خىل شېرىن قىزىقىش، بىر خىل مەپتۇنلۇق تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ قېنىمنى قىزىتاتتى.

بۇ خۇشاللىق كۈنلىرىمىز ئۇزۇنغا بارمىدى.

3

مېنى ساڭا باغلىغان نەرسىنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەت، سېنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە، ئەھۋالىم نېمە بولدى دېمەمسەن؟ مەن بۇرۇن قىز دوستلىرىمنى «مۇھەببەت مەستانىلىرى» دەپ مازاق قىلاتتىم، ئەمدى ئۆزۈم بۇ ھالغا چۈشۈپ قالسام، بۇ نېمە دېگۈلۈك؟!

سەن ماڭا ئىپادىسىز ھالەتتە قارىساڭ ئاچچىقىم كېلىپ سەندىن ئۆزۈمنى تارتىش ئۈچۈن تىرىشاتتىم. ئەمما، سېنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم.

ئىرادەم بىلەن ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتىم ئوتتۇرىسىدا بەكمۇ قىسىلدىم. بارا - بارا ماڭا كۆپرەك گەپ قىلىشىڭنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمما دەل شۇ كۈنلەردە، سەن ئۆزۈڭنى مەندىن قاچۇردۇڭ، ئانچىكىم ئىشلارغا بىر - بىرىمىزنى بىر قانچە قېتىم سىلكىۋېتىشتۇق، سەن سىنىپتىلا يىغلاپ تاشلىشىمغا سەۋەبكار بولغانىدىڭ. بىر كۈنى تاسادىپىي گەپ تالىشىپ قېلىپ بەش كۈنگىچە گەپلەشمىدۇق، بۇ بەش كۈن مەن ئۈچۈن بەش يىلدەك تۇيۇلۇپ قاتتىق ئازابلاندىم، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايلا ئۆتتى. يازغان شېئىرلىرىم مۇھەببەتكە سوئال، مۇھەببەتكە خىتاب ۋە مۇھەببەتتىن ئاغرىنىش مەزمۇنلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. دەردلىرىمنى بىردىنبىر سىرداشىم بولغان خاتىرەمگە تۆكۈپ يەڭگىللىدىم.

بىر كۈنى مەكتەپ گۈللۈكىدە دەرس تەكرارلاپ ئولتۇراتتىم، بىرسى تۇيۇقسىز يېنىمغا كەلدى، ئۇ سەن ئىدىڭ، ئىشىنەلمەي گاڭگىراپ قالدىم. كۆزلىرىڭدە لىغىلداپ تۇرغان ياشلارنى كۆردۈم، ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى. نېمانچە بىر - بىرىمىزنى قىينىشىمىز؟ شۇئان قولۇڭنى مەھكەم تۇتۇۋالغۇم، قانغىچە يىغلىۋالغۇم، كۆڭلۈمدە پۇرۇختۇم بولغان سۆزلىرىمنى ساڭا ئېيتىۋالغۇم كەلدى. ئەمما بۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدىم. بىر ھازا شۇ ھالەتتە جىمجىت ئولتۇرۇشتۇق. سەن جۈرئەتلىك ئىدىڭغۇ، دىلمۇرات؟! مەن ھەر قانچە ئىرادىلىك بولساممۇ، كۆڭلۈمدىكىنى ساڭا تۆكۈشكە ئاجىزلىق قىلاتتىم، باشقىلار ئالدىدا مەغرۇر خاراكتېرىمگە ئۇنداق قىلىشنى مۇناسىپ كۆرەلمەيتتىم. مەغرۇر ئادەملەر مۇھەببەتتە ئاسانلىقچە بەختنى قولغا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى مانا ھازىر ھېس قىلماقتىمەن. شۇ كۈنى بىز ئەپلىشىپ قالدۇق، بۇ بىز ئۈچۈن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىق بولغان.

سېنىڭ پات - پات سىنىپتىكى بەزى ئوغۇللاردىن مېنى قىزغىنىپ قىلغان ھەرىكەتلىرىڭنى بىلىپ قالسام، مەن چەكسىز سۆيۈنۈپ كېتەتتىم. كەلگۈسى تۇرمۇش توغرىسىدا گەپ ئاچقانلارنى يولۇقتۇرسام، سېنىڭ شۇ توغرىدا ئېنىق بىر گەپ قىلىشىڭنى تەشنالىق بىلەن كۈتەتتىم، لېكىن سەن بۇ توغرۇلۇق ئېنىق بىر نەرسە دېمىگەنىدىڭ. ئۈمىدلىنىش، تەلپۈنۈش، تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرگەن كۆزلىرىم ئېتىبارسىز قالغاندا، پىنھان جايلاردا ئۆكسۈپ يىغلىغانلىرىم...

— ئۇنداق دېمە، سۆبھى! مەن ساڭا ھېچقاچان ئېتىبارسىز قارىغان ئەمەسمەن.

— يالغان! ھېلىقى ئىسپار ئىسىملىك قىزدىن ساڭا خەت كەلگەن چاغ ئېسىڭدىدۇ؟ مەن سەندىن ھېچنەرسىنى يوشۇرمايتتىم. شۇ كۈنى ئىسپاردىن كەلگەن خەتنى مەندىن يوشۇرۇپ ھودۇقۇپ كەتتىڭ، شۇ ئارقىلىق دىققىتىمنى قوزغىدىڭ، سەندىن خەتنى تالىشىپ خېلىلا تەمتىرەتتىم. ئەگەر خەتنى مەندىن ئۇنچە يوشۇرۇپ كەتمىگەن بولساڭ، ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانمۇ بولاركەنمەن، خەت تالاش - تارتىشتا يىرتىلىپ كەتتى، سەندىن خەتنى ئالالماي، ساڭا تەنە قىلىپ يېنىڭدىن يىراقلاشسام، سەن تۇرۇپ كېتىپ خەتنى قولۇمغا بېرىپلا كېتىپ قالغانتىڭ. بۇ ئىشىڭدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ قالدىم. خەتنى ئوقۇماي قويدۇم. كەچتە سەن: «ئوقۇ، ھازىرغىچە سەندىن يوشۇرۇپ كەلگەن مەخپىيىتىمنى بىل، لېكىن توغرا چۈشىنەرسەن» دېدىڭ. خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇنى تالاشقان قوللىرىمغا، كۆرگەن كۆزلىرىمگە نالەت قىلدىم. مەن سەندىن سۆيگۈ تەلەپ قىلىپ يۈرگەنىكەنمەن، لېكىن، سەن... ھەي، شۇ كۈنلەردە ماڭا ئۇچۇق گەپ قىلماي، مەندىن ئۆزۈڭنى تارتىپ يۈرگەنلىكىڭنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم.

ئۇ، سېنىڭ ۋەدىلەشكەن قىزىڭ — ئىسپاردىن كەلگەن خەت ئىكەن. ئوقۇمىغان، ئوقۇمايلا يىرتىپ تاشلىغان بولسامچۇ؟ خەتنى پۇرلاپ تاشلاپ يىغلىغىنىمچە ياتاققا يۈگۈردۈم. كېيىن ئۇقسام، دوستلىرىمۇ مېنى شۇنچە ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئۇ خەتنى ئوقۇپتۇ، ساڭا نالەت قىپتۇ. چۈنكى، ئۇلار بىزنى بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىدىغان ئاشىق - مەشۇقلار دەپ بىلىدىكەن. ئۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالى-

ىزنى ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ. دىلمۇ-
رات، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇمەڭ-
گۈ ماڭا مەنسۇپ، دەپ يۈرگۈنۈمدە، سەن
باشقا بىر قىزغا مەنسۇپ ئىكەنسەن، ئە-
مەسمۇ؟!

4

ئۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالنى ئېيتىشقا راس-
تىنلا تىلىم بارمايدۇ. سېنى پۇخادىن چىق-
قۇچە تىللىۋالسام، ئىزدىقىمغا ئېلىپ چاي-
ناپ يۇركۇۋەتسەم يەنىلا دەردىم چىقمىدى-
غاندەك ئەمەس ئىدى. شۇ رەسىم، شۇ خەت
بىلەن قەلبىمگە سۆيگۈ چاچقۇسى چېچىپ،
ئاخىرىدا يەنە مېنى قاتتىق ئازابلىدىڭ.
ئۇقۇش پۈتتۈرۈشكە يېرىم يىللا قالدى،
چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تىگىرقى-
دىم. ئەدىما، مېنى شۇ هالدا زارلاتقان ۋا-
پاسىزغا بولغان سوئاللىرىم شېئىرىي يول
بىلەن قەغەزلەرگە يۈرىكىمدىن قۇيۇلۇپ
تۇردى، ئۇلار مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىن-
دى، سەن مېنى ئەنە شۇنداق شائىرغا ئاي-
لاندۇرغانتىڭ. قەلەم ئارقىلىق قەغەزگە
قويۇلغان ھەر بىر ھەرپ مېنىڭ يۈرەك
قېنىم ئىدى. پاك، سەممىي كۆڭۈلنىڭ
خارلىق ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشىغا كىممۇ
چىداپ تۇرالىسۇن؟ تاقەت قىلالىسۇن؟
مەن سېنى جېنىمدىن ئارتۇق ياخشى
كۆرۈپ، بارچە مەۋجۇداتتىن قىزغان-
ساممۇ، سەن ئالىلىبۇرۇن باش-
قا بىرىگە مەنسۇپ بولغانىكەنسەن.
ئويلىسام، سەندىمۇ ئەيىب يوق ئىكەن.
سەن مېنى ياخشى كۆر، دەپ ماڭا ئېيت-
مىغان-دە.

— تەنە قىلما، سۇبھى. شۇ كۈنلەردە
مەنمۇ سەندىن بەتتەر هالدا ئىدىم.

— ياق، دىلمۇرات! تەنە قىلمىدىم.
ئاڭلا، مەن سۆزلىۋالاي، تاكى شۇ چاغق-
چە يىغا ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قا-
رايتتىم، ئەمدى بىلسەم. قىزلار ئۈچۈن
يىغا ئاجىزلىقنىڭلا ئىپادىسى بولماستىن،
بەلكى يەنە ئازاب ھەم يۈرەكتىكى زەر-
دابلارنى سىرتقا چىقىرىپ تاشلاشنىڭمۇ
ۋاسىتىسى ئىكەن. تېلىقىپ-تېلىقىپ يىغ-
لىۋالسام، خېلىلا يېنىكلەپ قالاتتىم. ئا-
دەملەر ئىرادىلىك، ئۆز سۆيگۈسىگە چىن
ئەقىدە باغلىغان كىشىلەرلا ھەقىقىي مۇ-
ھەببەتنىڭ ۋىسالىغا يېتەلەيدۇ، دەپ قا-
رايدىكەن. لېكىن، مەن قايسى هالدا
قالدىم؟

كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بولسىمۇ
پۈتۈن زېھنىم بىلەن يېزىقچىلىق ئىشلى-
رىغا بېرىلدىم، شۇنداق قىلساممۇ، سېنى
زادىلا ئۇنتالمىغانىدىم. دوستلىرىم: «بى-
رەر يېرىڭ ئاغرىدىمۇ؟ ياۋاشلاپلا كەت-
تىڭ...» دېسە، ئۇلارنىڭ بويىنىغا ئې-
سىلغۇم، باغرىغا تاشلانغۇم، دەردىم چىق-
قۇچە يىغلاپ سېنى تىللاپ بەرگۈم كېلەت-
تى. ئەمما ئۇ دەردلىرىم تىل كۆيدۈرۈپ،
دىلنى داغلايدىغان داغمال تۇرسا...

— سەن مېنى ئۆزۈڭگە ئەمەس، باشقا
بىر كىشىگە تەئەللۇق، دەپ ئېيتىراپ قى-
لىپ تۇرۇپمۇ، مېنى يەنىلا ياخشى كۆرۈ-
شۈڭ مۇمكىنمۇ؟

ياق بۇ تەرەپلەرنى بىلمەيمەن. لېكىن،
بۇ سوئاللارغا ئۆزۈمنى بوغۇپ تولا يىغ-
لىدىم. سەن باشقا بىرى بىلەن قەلب ئال-
ماشتۇرۇپ بولغان بولساڭمۇ، يەنىلا مېنى
ئۆزۈڭگە تارتىپ تۇراتتىڭ. خەت بىلەن
كەلگەن رەسىمدىكى قىزغا ئىچ-ئىچىم-
دىن ئۆچ بولۇپ كەتتىم. لېكىن، ئامالىم
قانچە؟ سەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرگەن تۇر-
ساڭ.

ئوقۇش پۈتتۈرۈشىمىزگە ئىككى ئايلا

ۋاقىت قالدى، بارلىق ئازابلىرىمدىن مۇشۇ چاغدىكى ئازابلىرىم، بارلىق يىغىلىرىمدىن مۇشۇ چاغدىكى يىغىلىرىم، بارلىق ئۈمىدسىزلىكىمدىن مۇشۇ چاغدىكى ئۈمىدسىزلىكىم ئېشىپ كەتتى. چۈنكى، سەندىن ئەبەدىي ئايرىلىپ قېلىش ئازابى مېنى قىينايتتى.

مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا ئۈچىنچى شەخس بولۇپ قىستۇرۇلمايتتىم، بۇنى ۋىجدانىم كۆتەرمەيتتى. لېكىن، دوستۇڭ ئىسھاقنىڭ ماڭا قىلغان نەسىھەتلىرى مېنى كۆپ ئويلاندۇرغان، سېنىڭ كېچىلىرى ئىسمىمنى توۋلاپ جۆيلۈپ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كەتكەنلىرىڭنى، سېنىڭ تىنماي ئاھ ئۇرۇپ يۈرگەنلىكلىرىڭنى، مېنىڭ ئىچىمنى ئاغرىتىپ بولسىمۇ ساڭا گەپ قىلىپ قويۇشۇم كېرەكلىكىنى ئېيتقان. مۇھەببەت ئىچ ئاغرىتىشقا مۇھتاج ئەمەستە! شۇ چاغلاردا سېنىڭ سۆز - ھەرىكىتىڭنى ۋە كۆڭلۈڭنى راستىنلا چۈشەنمەيتتىم.

ئوقۇشمۇ پۈتتى، بىز ئۈن - تىنسىز ئايرىلدۇق، بىر - بىرىمىزگە خۇش دېيىشكە تىلىمىز بارمىدىمۇ ياكى جۈرئەت قىلالمىدۇقمۇ ۋە ياكى بىزنىڭ يۈرەك سۆزلىرىمىزنى ئېيتىشقا بىرسى توسقۇن بولدىمۇ، بۇنى بىلمەيتتىم...

5

خىزمەتكە چىقىپ سەندىن خەت كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم. ئەمما سەندىن ئۇزۇنغىچە خەت كەلمىدى.

— مەن ساڭا ئارىمىزدىكى ئەھۋالنى قانداق، قايسى يول بىلەن چۈشەندۈرۈپ، مەن ئۈچۈن كۆڭلۈمدە قالغان نەپرەتنى مۇھەببەتكە ئايلاندۇرۇشنى بىلمەي ئارىدا ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى. شۇ كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ماڭا ھازىر بارلىق ئەھۋالنى خەتتە ساڭا ئېيتتىم.

— خېتىڭنى ئوقۇدۇم. ئىسپار، ھامماڭنىڭ قىزى ئىكەن. ھامماڭ سەن كىچىك چاغدا ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇ سىلەرنىڭ ئۆيدە چوڭ بولغانىكەن.

— شۇنداق، سۇبھى. ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ئاتا - ئانام بىزنى كېيىن بىر - بىرىمىزگە چېتىپ قويۇشنى پىلانلىغان ھەم بۇ پىكىرنى ئىسپارغا ئېيتقانىكەن. ئىسپار ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىغانىدىم.

— دىلمۇرات، ھازىر ئىسپارغا ئەھۋالنى ئېيتىپسەن. ئۇ قىز سېنى ۋە سېنىڭ قاراشلىرىڭنى قوللاپ، بىزنىڭ قوشۇلىشىمىز ئۈچۈن ياردەم بەرمەكچى بولۇپتۇ. ئۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ، مەن ئۇنىڭ ھېلىقى خېتىدىن بۇنى چۈشەنگەن.

ماڭا يازغان خېتىڭگە نېمە دەپ جاۋاب يېزىشنى بىلمەي ئولتۇراتتىم، ئۇچۇقلا ئېيتاي، ئەمدى سېنىڭ بۇكرۈگلىرىڭ ئۈچۈن رەھمەت ئېيتماقتىن باشقا ئامالىم يوق. مەن توي قىلغىلى يېرىم يىل بولدى. ھازىرقى تۇرمۇشۇمدىن رازىمەن. مەن ھازىرقى يولدىشىم پولات ۋە ئۇنىڭ پاك سۆيگۈسىگە بىر ئۆمۈر سادىق بولىمەن، مېنى كەچۈرگىن!

سېنى ئىسپار كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ئەنە قارا، ئۇ سېنىڭ باغرىڭغا تەلپۈنمەكتە. سىلەرگە مەڭگۈلۈك بەخت يار بولغاي!

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختەر ئىبراھىم

گۈلسۈم ئوسمان

# پىنھان ئىستەكلەر



گۈلسۈم ئوسمان 1946 - يىلى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قازكۆل يېزا پاختىلىق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1966 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىدە ئېچىلغان ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىنى تاماملاپ، خىزمەتكە قاتناشقان. ھازىر ئۆز مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

گۈلسۈمنىڭ تۇنجى شېئىرى 1964- يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، ئىزچىل تۈردە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 200 پارچىدىن كۆپرەك شېئىرىنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاياللار قەلبىنىڭ ئەڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى تەبىئەت گۈزەللىكى بىلەن قوشۇپ بىر گەۋدە قىلىۋېتىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا شېئىرىي زوق ۋە لەززەت بەخش ئېتىدۇ.

گۈلسۈم يېقىندا، «يېپىرلايدۇ ئويغاق دولقۇنلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تاپشۇردى ئۇ، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

— تەھرىردىن

## ساداقەت كۈيى

قەلبىمدە بىر ئۈمىد يانىدۇ چەكسىز،
مىڭ قۇياش تەپتىدەك نۇرلار چاقنىتىپ.
ھېسلىرىم دەرياسى ئاقار تىنىمسىز،
دولقۇنلار كۈيىگە ئىشقىمنى قېتىپ،
مىڭ قۇياش تەپتىدەك نۇرلار چاقنىتىپ.

ھىجراننىڭ تۈنلىرى ئۇزاپ تاڭ سەھەر،
ۋىلىقلاپ كۈلمەكتە ئالتۇنرەڭ دۇنيا.
تاغ - دەريا، يەر - زېمىن ئۇپۇققا قەدەر،
ۋىسالدىن بىشارەت بەرگەندەك گويا،
ۋىلىقلاپ كۈلمەكتە ئالتۇنرەڭ دۇنيا.

بىغۇبار ۋىجدانىم تاڭ نۇرىدەك ئاق،
ئاتەشتەك يۈرەك بار يېلىنجاپ سوققان.
چاڭلانماس ئەقىدەم تائەبەد شۇنداق،
سۆيگۈنىڭ كۈچ سېھرى كۆڭلۈمنى ئۇتقان،
ئاتەشتەك يۈرەك بار يېلىنجاپ سوققان.

قەلبىمدىن ياش بىلەن پۈتكەن مىسرالار،
بۇلبۇلنىڭ كۈيى ئۇ مۇڭلۇق سايرىغان،
كەڭ ئالەم پاك سۆيگۈ ئىشقىمغا گۇۋاھ،
تەلمۈرۈپ ۋەسلىڭگە پىدا قىلار جان،
بۇلبۇلنىڭ كۈيى ئۇ مۇڭلۇق سايرىغان.

## پىنھان ئىستەك

تىرىقلىدى يېپىق دېرىزە
ئۇچۇپ كىردى ئۆيگە ساپ ھاۋا.
جەۋلان قىلار يۇلتۇز كۆزىدە،
ئاي تاشلىغان كۈمۈشرەڭ شولا.
سۈزۈك ئاسمان شايى پەردىدەك،
سامان يولى كۆرۈنەر ئوچۇق.
ئېتىز، دالا پۈتۈن تەبىئەت،
يېنىپتۇ زەڭگەر رەڭ يوپۇق.
ئورمانلاردا نەپىس جەزبە،
ياپراقلاردا چاقنايدۇ ئاق نۇر.

دەريالارنىڭ كۆيى ئۆزگىچە،
مەۋج ئۇرار شوخ سەبىي مەغرۇر.
قىرغاقلاردا مەززىلىك يالپۇز،
يەلپۈنىدۇ يۇمران گۈل - چىمەن
سېرىق سەبدە چېچەكلىگەن ئۆز.
مۇنچاق ئاسقان بويىنغا شەبنەم.
چىرىلدايدۇ سۆزۈپ تومۇزغا،
ئوتلاقلاردا جۇشقۇن خوش ئاۋاز.
كاككۇك سايرار نەشپۈت شېخىدا،
خىيال قۇشۇم قىلماقتا پەرۋاز.
گۈزەللىككە چۆمگەن تەبىئەت،
سىڭىپ بارار دىلغا نۇرسىمان.
گۈزەللىككە قوشۇلۇپ ئىستەك،
ئۇ ياشايدۇ يۈرەكتە پىنھان.

## كۆلۈپ چىقساڭ

ئاي نۇرىنى باسقاندەك بۇلۇت،
بولۇپ قاپسەن بۈگۈن ئەجەب جىم.
گۈل باغلارنى خازان قىلغان جۇت،
نىگاھىڭغا قونمىسۇن جىنىم.
كەتسە باھار، سۇلسا گۈل چېچەك،
پەرياد چىكەر بۇلبۇل تۆكۈپ ياش.
غۇنچە لېۋىڭ كۈلسە ئاپتاپتەك،
كۆزلىرىڭدىن قاينايدۇ قۇياش.
شامال بېرەر يامغۇردىن شەپە،
توزانلارنى ئۇچۇرۇپ ھەر يان.
ئىنتىزارمەن مەنزىلىڭ نەدە؟
مەۋج ئۇرار ھېسلىرىم قىيان.
تامچە سۇنىڭ بىلىنمەس قەدرى،
تەشنالىقتا قىينالمىسا جان.
ئەگىپ ئۆتسە ھىجران تۈنلىرى،
تەشۋىش ئىچرە ئىسترەيمەن ھامان.
كۆلۈپ چىقساڭ ئالدىمغا ئەگەر،
خۇشاللىقتىن يايرايدۇ تېنىم.
قايغۇ ئازاب چەكمىسۇن زىنھار،
كرىستالدەك شۇ نازۇك دىلىڭ.

تارقاپ كەتسۇن تۇمان، سوغۇق جۇت،
چېھرىڭنى ئاچ يىراقتىن كەلسەم.
تىلەپ ساڭا تىنچلىق ھەم - قۇت،
شاد كۆلكەڭدىن بولاي خاتىرجەم.

## سېغىنىش

ئاھ مېنىڭ غەمگۇزار ئوماق دىلپارەم،
ھاياتىمنىڭ زىننىتى ياپيېشىل چىمەن.
زۇمرەتتەك شوخ سۇغا قوشۇلۇپ قەلبىم،
ئاقىدۇ تەسەۋۋۇر ھېسلىرى بىلەن.
ئەڭ كۈچلۈك ماگنىتتەك قىلماقتا جەلپ،
ئوت چاچراپ ئۇرغۇغان ئىسسىق ھارارەت.
قانداقمۇ چىدىسۇن دەقىق ئايرىلىپ،
پاك مېھرى - شەپقەتكە تەشنا مۇھەببەت.
قاپقارا كۆزلەردە جىلۋىلەنگەن نۇر،
ئويقۇ ئالىمىگە ئۈندەر ئەللەيلەپ.
سېغىنىش ئەستىلىك بېغىشلار ھوزۇر،
شادلىققا سۆيلەيدۇ پەرىشتە سۈپەت.
رومانتىك تۇس بېرىپ بىر گۈزەل تۇيغۇ،
ئۆركەشلەپ ئوقچۇيدۇ تومۇرۇمدا قان.
كۈيلىنەر ئۇنتۇلماس يالقۇنلۇق سۆيگۈ،
ئۇ تۇتاش دىللارنىڭ رىشتىنى چاتقان.
دوستلۇقتا گۇۋاھ بوپ سۈرىتىڭ قالدى،
پەرىشان ھالىمغا سالماس ھېچنەزەر.
سېغىنىش جۇدالىق جانغا تىغ سالدى،
ياشايمەن ۋاپاغا بولۇپ ئىنتىزار.

## ئۈمىدسىزلىك

ئۈمىدىم قۇشلىرى قىلىدۇ پەرۋاز،
ۋىسالسىز، كۆرۈنمەس بەختنى ئىزدەپ.
خىيالمۇ بۇ ياكى ئىزىتقۇ ئاۋاز،
قەلبىمگە قورقۇنچ سالىدۇ دەھشەت!
ۋىسالسىز، كۆرۈنمەس بەختنى ئىزدەپ.

ئىھ، بەخت ئىگىمىزدە يەتمىگەچ قولۇم،
ھىجران ۋە ئارمانلار چىرمىشىپ كېتەر.
تىنچسىزلىق غەشلىكتە تەلمۈرۈپ ئۈمىدىم،

ساىىدەك روھىڭغا ئەگىشىپ ئۆتەر،
ھىجران ۋە ئارمانلار چىرىشىپ كېتەر.

ساىىدەك روھىڭغا ئەگىشىپ ئۆتەر،
ئەس ـ ھوشۇم بىتاقەت سىنى سېغىنىپ.
ۋۇجۇدۇم ئىشقىڭدا چوغ بولۇپ كۆيەر،
دەرد ـ پىراق چۆلىدە سۇلدۇم سارغىيىپ،
بولۇرمۇ بەختىنىڭ ۋىسالى نېسىپ!

غەم ـ غۇسسە ھەسرەتكە بوغۇلغان سەزگۈ،
بىر قەترە شەپقەتچۈن ئۆلۈمگە رازى،
چىن ۋاپا مېھرىگە ئىنتىزار سۆيگۈ،
پارلىسا نۇر چېچىپ ۋىسال مۇرادى،
بىر قەترە شەپقەتچۈن ئۆلۈمگە رازى.

**قاچانكى مەن ساڭا قالدىم باغلىنىپ**

چۈشىدىن ئويغىنىپ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن،
ھېسسىيات چەشمىسى سۇسىز بىناۋا.
بىر قەترە شەپقەتكە ئىنتىزار ئەتكەن،
يۈرىكى تاش مىسال ئىلاھىي چوققا.
باھارنىڭ تىنىقى چاچىدۇ ئىپار،
قار ـ مۇزلار مېھرىدىن كېتىدۇ ئېرىپ.
ھەسرەتكە بوغۇلدۇم ئالەم ماڭا تار،
قاچانكى مەن ساڭا قالدىم باغلىنىپ.
يېشىلدىن قان رەڭگە ئۆزگەردى دەريا،
جىلمىيىپ كۈلگەندە شەپەق كەلگۈنى.
تاردى جۇشقۇن روھ گۈلباغلار ئارا،
سەممىي بىر دىلنىڭ ساداقەت كۈيى.
چېھرىڭدە كۆرۈنمەس ھېچبىر ئىپادە،
پەرۋاسىز قارايدۇ كۆزلىرىڭ ئاندىن.
ئۆتمىدى زەررىچە سەۋەنلىك مەندە،
چۈشەنسەڭ كۆڭلۈمنى مەن كېچەي جاندىن.

**سۆيگۈمىزدىن نۇرلانسۇن جاھان**

كۆزلىرىمگە يولۇماس ئۇيقۇ،
جۇش ئۇرىدۇ پىغانلىق ناخشام.
ھېسلىرىمنى ئېلىپ قاچىدۇ،
بىز سىرداشقان شۇ تۇنجى ئاخشام.
يار جامالىڭ قالدى ئېسىمدە،
نۇر جىلۋىسى بەرگەندەك زىننەت.
نىگاھلىرىڭ قارىچۇقلىرىمغا
سىزىپ كەتتى بىر سېھرىي سۈرەت.
شۇندىن بۇيان قەلبىم بىئارام،
شادلىقىمنى كەتتىڭ ئوغرىلاپ.
دەردلىرىڭدە كۆيۈپ دىل يارام،
ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەيدۇ پىراق.
دىل تەكتىدە سېغىنىش كۈيى،
يېنىپ سۆيگۈك ئوتلۇق قەلبىمدە.
زوق بېغىشلاپ مۇھەببەت سېھرى،
قۇياش بولۇپ چاقنار كۆزۈمدە.
تىنچ كۆڭلۈمنى تىترىتىپ چەيلەپ،
ئاھ قەيەردە يۈرسەن ئەركەم.
دىل رىشتىنى چاتقان مۇھەببەت،
ئاشىقلارنى قىلسا دەيمەن جەم.
سۆيگۈ تەڭرى، تىلەيمەن شۇنى:
باغرىم قانسۇن ھۆسنۈڭگە بېقىپ.
ئىلتىپات قىل پۇراي ھىدىڭنى،
لەۋلىرىمنى لېۋىڭگە يېقىپ.
كەل نىگارىم قۇچايلى ۋىسال،
ئىشقىمىزدىن ياندۇرۇپ گۈلخان.
ئاتەش دىللار قۇياشقا تىمسال،
سۆيگۈمىزدىن نۇرلانسۇن جاھان.

**تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم**

## غەزەللەر

## I

ئاڭلىدىم بىر شۇم خەۋەرنى ئاشۇ راستمۇ، تۇردىكا؟
شۇم خەۋەرنى ئاڭلىماق بىزگىلا خاسمۇ، تۇردىكا!؟
تېخى بايا شېئىرىڭىزنى كۆرۈپ ژۇرنال بېتىدىن،
سۆيۈنگەنتۇق... ئەمما تەقدىر ئەما ـ گاسمۇ، تۇردىكا؟!

ياق، ئىشەنگۈم يوق پەقەت سىزدەك قەدىردان ئاتىنى—
قەستلىگەننى تەگرى يەرگە يۇتقۇزماسمۇ، تۇردىكا؟!
«ياخشىلارغا يوق كۆرۈم ھەم ئەسكىلەرگە يوق ئۆلۈم»
بۇ ئەزەلدىن بىزگە قالغان‌شۇم مىراسمۇ، تۇردىكا؟!
ئەلنى دەپ جاننى ئاتاپ چىققاندا سىز «پاكۇن»① تاقاپ،
لەرزىگە كەلگەنىدى يۇرت، تاغۇ ـ ساسمۇ، تۇردىكا.
ياڭرىغاندا «تەڭرىتاغ باغرىدا»②، «بەش تال ئوق»③ ئىگىز.
تەۋرىگەن مۇز تاغ، ئىلى، ئالتاي... ماناسمۇ، تۇردىكا.
«ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»④ مۇ قوشۇلۇپ تەۋرەشكە ھەم،
باغلىغان بەل قالمىسۇن دەپ بىر قىساسمۇ، تۇردىكا.
ھەم ئەلەمدە ھەم قەلەمدە شۇنداق ماھىر ئىدىڭىز،
سۆيگەن «قەشقەر گۈزىلى»⑤ دەك قەدىناسمۇ، تۇردىكا.
كېلىدۇ دەپ سىزنى كۈتكەنتۇق دولاننىڭ ياشلىرى،
«ماقۇل» دېگەن ۋەدىڭىز ئەمدى خالاسمۇ، تۇردىكا؟!
بىنىز ئەمەس، كۈتكەن قۇمۇل، تۇرپان، خوتەن، ئاقسۇ يەنە،
بەشكېرەم باغىدا گۈل ئەنجۈر ـ گىلاس... مۇ، تۇردىكا؟
بولدى ئاھ، قورۇنمىسۇن پاك روھىڭىز، دەي ئەلۋىدا،
«ئەلۋىدا!» دەپ تۈگىسۇن بۇ قۇر ـ ئابىزاسمۇ، تۇردىكا.

1992 ـ يىل 27 ـ ئىيۇل، مەكىت.

## I

بەر ئىجازەت ئەي ئىگەم ، «دوزاخقا» تەنھا مەن باراي،
مەھشەردىكى ئەڭ يامان سوراققا تەنھا مەن باراي.

چۈشلىرىمدە كۆرگىنىم قەدەمدە بىر قاپقان ـ تۇزاق،
ئاق كۆڭۈللەر چۈشمىسۇن تۇزاققا تەنھا مەن باراي.

بەك ئاساندۇر ۋە لېكىن تۇزاققا دەسسەش تون ئارا،
يورۇتۇشقا كېچىنى چىراغقا تەنھا مەن باراي.

شۇ چىراغنى ئىزدىگەن ھەتتا كۆيۈپ كۈل بولغۇسى،
كۈل بولۇشقا رازىمەن گۈلخەنكە تەنھا مەن باراي.

نېمە كۆيۈش ـ كۈل بولۇش، ئەل بەختى ئەلا ھەممىدىن،
گۈللىسۇن ئەل، بوپ بەدەل گۇمراھقا تەنھا مەن باراي.

بەكمۇ دۆمىن خەلق، ئېلىم،قاچقاي يىراق گۇناھ دېسە،
ئەلگە قالسۇن بار ساۋاب، گۇناھقا تەنھا مەن باراي.

ۋەدە بەرەك بەك ئاسان ئەمما ئەمەل قىلماق قىيىن،
ۋەدىچۈن ئۆشكۈل ـ قىيىن سىناققا تەنھا مەن باراي.

---

①②③④⑤ مەرھۇمنىڭ ئەسەرلىرى نامى.

III

سىڭىلىڭ پاك نام — ئىپتىك بولسۇن سۆزۈمگە ئىپتىدا دېھقان،
كەچۈر، شەنىڭگە لايىق سۆز تېپىلمىسا بۇدا دېھقان.
ئانا بولسا ئەزىز تۇپراق، جىمى جاندارغا تەڭ ئوخشاش،
تىلەپ كەلدىڭ ئاتىلىق بۇرچىنى سەن — سەن ئادا دېھقان.
قېنى كىممۇ قىلار سەنسىز ياشايمەن دەپ تەسەۋۋۇرنى،
تويا، ۋۇ نان بىلەن ئاشسىز قورساقلار چالىمىدا، دېھقان؟
ئاسايىشلىق تىلەپ ئەلگە تولەپ كەلدىڭ ئەزەلدىنلا
ساناقسىز كۆپ بەدەللەرنى، ھەمىشە سەن ئۇدا دېھقان.
شاپائەتنىڭ رېئال خەزىنىسى جىسمىڭ بۇ دۇنيادا،
بولۇپ كەلدى ناپاكلىقتىن ئۆمۈر بويى جۇدا دېھقان.
ئاجايىپ مەرد، سېخى — ساددە، قارا تۇغرا خاراكتېرىڭ،
يارالغانمۇ ئەرىشتە سەن خېزىر قاتارىدا دېھقان؟
ئەزىم دەريا قەلب، مېھرىڭ ئىپقىپ ئۆتمەس ئەل ۋە يۇرتقا،
نەبىر دەريا ... دېڭىز دۇر سەن چۈشەنگەن كالىدا، دېھقان.
بېقىپ كەلدىڭ تەبىئەتكە يارالغان بارچە مەخلۇقنى،
گويا كى ئۆز بالاڭ ئوخشاش قىلىپ جاننى پىدا دېھقان.
تالاشماي ھېچ ۋاقىتتا سەن شەرەپ، ئابروي دېگەنلەرنى،
جاپادا دائىما باشتا، شەرەپتە دالدىدا دېھقان.
كېتەر سەن پانىي دۇنيادىن قىلىپ ئەمگەك كۆتەرمەي باش،
دېيەلمەي بەزى ھەتتاكى قېنىپ بىر «ئەلۋىدا» دېھقان.
ئەكەل بەرگىن قاداق باسقان قولۇڭنى مەن سۆيەي شۇ دەم،
لاۋا قەلبىم قېتىدىن بۇ يېزىپ چىققان سادا، دېھقان.

مۇساجان يۇنۇس

## شېئىرلار

### ئەقىدە تىنىقلىرى

1

يۈرەكتىن ئۇرغۇغان ئوتلۇق تىنىقلار،
دىللارنى دىللارغا چاتىدۇ بەرجەس.
پاكلىقتىن تۇغۇلغان ئىزگۇ قىلىقلار،
دۇنياغا قۇت — ئامەت چاچىدۇ پەۋەس.
جىلۋىلىك نىگاھلار، ئىللىق بېقىشلار،
سۆيگۈنىڭ شامىغا بولىدۇ تۇترۇق.
ۋاپانىڭ تېغىغا كۆكرەك ئېچىشلار،
تونۇشمان كۆڭۈلنى ئەيلەيدۇ نۇرلۇق.
ساداقەت جامىدا ئىچىلگەن شاراب،
ئادەملىك سۇمباتقا بېرىدۇ زىننەت.
ئەقىدە قۇياشى نۇر چاچسا پارلاپ،
ھاياتلىق مەناسى تاپىدۇ قىممەت.
يىقىلغان ئىمجانغا سوزۇلغان قوللار،
يازىدۇ دىللارغا تەسىرلىك داستان.
سېخىلىق، مەردلىكتىن ئېچىلغان يوللار،
باشلايدۇ ئىنساننى گۈزەل تاڭ تامان.

ئەقىلنىڭ جەۋھىرى لىق تولغان باشلار،
تۇردۇ پۇسمىسىز ھامان تىك پېتى.
پەزىلەت تەپتىدىن ئېرىيدۇ تاشلار،
ھېكمەتتىن ئاتىدۇ گۈزەللىك تېگى.
دىلى ساپ، يۈزى پاك قامىتى تۈزلەر،
توقۇيدۇ ھەقىقىي ئۇلۇغ ناخشىنى.
قۇياشتەك جۇلالىق غۇبارسىز كۆزلەر،
ياسايدۇ سائادەت - بەخت تاشقىنى.
غورۇرنىڭ، ۋىجداننىڭ پاسىبانلىرى،
دۇنياتىماي ھەممىگە چاقىدۇ مەغرۇر.
نېسىپىيدۇر مىكىرنىڭ جۇت - تۇمانلىرى،
ھەقىقەت ئالىمىگە جان بەرگۈچى نۇر.
ئەلنى دەپ قوقاستا كۆيگەن يۈرەكلەر،
كۆكلەيدۇ كۈنسېرى يېڭى قان بىلەن.
ياخشىلار ئەجرىدىن ياشناپ چېچەكلەر،
خۇش پۇراق چاچىدۇ پورەكلەپ تېمەن.

2

تەبىئەت — چېھرىڭدە مېھىر جۇلاسى،
ھەقىقىي سۆيگۈنىڭ پىر - ئۇستازىسەن.
ھۆسنۈڭدە مەجنۇننىڭ تۇرقى - سىماسى،
سەن ئاشىق، مەشۇقنىڭ تاق ئىلاھىسەن.
تەبىئەت — سەن ئۇلۇغ مۆھتىرەم ئانا،
كۈلكەڭدىن تاپىدۇ مەۋجۇداد شادلىق.
باغرىڭدىن بالقىيدۇ سەنئەتلىك سىما،
ئاھ ساڭا مۇجەسسەم ئىزگۈلۈك — پاكلىق.
تەبىئەت — سەن سېخى، سەن مەرد، ئۇچۇق
قول،
ئالەمگە كەلتۈرەر ھىممىتىڭ چەكسىز.
سەن بايلىق خەزىنە، نېمەتلىرىڭ مول،
سەندىن نەپ ئالمىغان جانلىق يوق، شەكسىز.
تەبىئەت — سەن قەيسەر ئوغلانغا ئۆرنەك،
شادلىقىڭ، ھەسرىتىڭ، دەھشىتىڭمۇ بار.
ئاجايىپ مۆجىزات قىلىسەن كۆرەك،
ئاچچىقىڭ، تاتلىقىڭ، شەپقىتىڭمۇ بار.
تەبىئەت — سەن گوياسەبىي بىر بوۋاق،
كۆڭرىشىڭ، نىگاھىڭ ھەممىگە ئوخشاش.
تەبىئەت سەن ئاددىل، سەممىي شۇنداق،
پار، ۋەر ئالدىڭدا گۆھەر ھەمدە تاش.
تەبىئەت — سەن بېھىش - ھۆرلەر ماكانى،
قوينۇڭدا رىزىۋانلار ئۇرىدۇ خەندان.
سەندىكى ئۈزلۈكنىڭ يوقتۇر پايانى،
كۆي - ناۋا ياڭرايدۇ باغرىڭدا ھەر ئان.
تەبىئەت — سەن ئۇلۇغ - تەڭداشسىز بۈيۈك،
سەن ئۆزۈڭ خۇدالار شاھى — خۇداسى.
ئىشقىڭدىن ھەر دىلغا سالىسەن كۆيۈك،
يالتىرار ھۆسنۈڭدە مېھىر - جۇلاسى.

### شائىر قەلبى

مەن ياشايمەن ھەمراھى بوپ يۇلتۇزنىڭ،
مەن ياشايمەن چۈشلىرىدە نىگارنىڭ.
مەن ياشايمەن ئالۋۇنىدا تومۇزنىڭ،
مەن ياشايمەن مەلھىمى بوپ بىمارنىڭ.
مەن ھاياتمەن كۈلكىسىدە قۇياشنىڭ،
مەن پارلايمەن رەقىبلەرنىڭ زارىدا.
مەن ھامىيسى شەبنەم كەبى پاك ياشنىڭ،
مەن دەريامەن مەزلۇملارنىڭ ئاھىدا.
مەن تىرىكمەن دولقۇنىدا دېڭىزنىڭ،
مەن چاقىنغان قۇملۇقلارنىڭ يامغۇرى.
مەن كەلكۈنى باغرى چاك - چاك ئېتىزنىڭ،
مەن تېتىملىق ھاردۇق ئاشنىڭ چامغۇرى.
مەن ئادالەت ئىلاھىنىڭ قامچىسى،
مەن مۇھەببەت بوستانىنىڭ بۇلبۇلى.
مەن لالىلەر ياپراقىنىڭ تامچىسى،
مەن كۈرەشنىڭ ئۇچقۇر ئېتى — دۇلدۇلى.
مەن خەنجىرى مەرد - پەھلىۋان ئوغۇلنىڭ،
مەن زۇۋانى ئەھلى يۇرتنىڭ — ئاۋامنىڭ.
مەن تۇمارى چاچى قۇندۇز سۇمبۇلنىڭ،
مەن ئۇۋچىسى تۈلكە، بۆرە، قاۋاننىڭ.
چېقىنلارنىڭ ھۆججەيرىسى مەن ئەبەد،
تەلۋىلەرنىڭ جۆيلۈشىدە مەن ھايات.
مەن تىلەيمەن خەلقىمگە قۇت، نۇر پەقەت،
دوستلىرىمنىڭ سۆلكىتىدە مەن ھايات،

### خۇشلىشالماي ئايرىلدۇق دىلدار

خۇشلاشمىدۇق، خۇشلاشقۇدەك ھەم،
بىزگە نېسىپ بولمىدى پۇرسەت.
شۇڭا دىلنى ماكان تۇتتى غەم،
قەلبىمىزنى تىلغىدى پۇرقەت.
ۋىسال پەيتى بولمىغاچ ئېنىق،
تەخىرسىزلىك قىينىدى جاننى.
بولۇپ قالدۇق قۇملۇقتا بېلىق،
سوۋۇتالماي قىزىغان قاننى.
سەن يىراقتا يىغلىدىڭ بەلكىم،
مەن ئايلاندىم قۇرۇق قاقشالغا.
يىغانىڭغا تەسكىن بەردى كىم؟
مەن بارايمۇ مىنىپ شامالغا؟

بىراق سېنى تاپىمەن نەدىن،
سەن كۈتىسەن مېنى قەيەردە.
تاسادىپىي ئۇچراشساق بىردىن،
ئاسمان يېپىپ بېرەرمۇ پەردە.

ئەنسىرەيمەن ئۇچراشقان چاغدا،
كېتەرمۇ دەپ يېرىلىپ يۈرەك.
خەندە ئۇرساق بىر گۈزەل باغدا،
پۈتكۈل جاھان قىلارمۇ كۆرەك.
كۆزلەردىكى شادلىق يېشىمىز
ئاھ، قاچاندا ئاقار بىرلىشىپ.
قاچان تاتلىق بولار ئېشىمىز،
ئۆتەرمىزمۇ شېرىن سىردىشىپ.
ياكى قېرىپ بولۇپ موماي، چال،
كېلەرمىزمۇ نەۋرىنى باشلاپ.
ياكى مەڭگۈ تاپالماي ۋىسال،
كېتەرمىزمۇ دۇنيانى تاشلاپ.

خۇشلىشالماي كېتىپتۇق دىلدار،
سەن مەغرىبكە، مەن مەشرىق تامان.
بىز تاشلىشىپ كەتمەيلى زىنھار،
ۋىسال تېپىپ كۈلەرمىز ھامان.

**ئۆمەرجان غوپۇر**

## كېچىدىكى كۈي

### يېڭى ناخشا

نەگە بارماي ئاڭلىنىسەن… ئاڭلاندىڭ،
ئاھ يۈرەكنى يىغلاتقانچە، قۇلاقتا.
ھەر كۆڭۈلدە ھەممە دىلدا داڭلاندىڭ،
خىياللارنى قويۇپ تاتلىق ئازابقا.
سېنىڭ بىلەن كاداڭ يۈزلەر پۈرۈلدى،
سېنىڭ بىلەن تىترەر تەنلەر ياپراقتەك.
كۈلكە ئۇچتى، غەملەر نېرى سۈرۈلدى —
سېنىڭ بىلەن شامالدىكى چىراغدەك.
نەگە بارسام ئاڭلىنىسەن ئاڭلاندىڭ،
قۇلىقىمغا يېڭى - يېڭى تۈيۈلۈپ.
ھەر كۆڭۈلدە يېڭىلاندىڭ، چاڭلاندىڭ،
شادلىق، ئازاب، ۋىسال بىلەن يۇيۇلۇپ.
سەن يېقىملىق ئاڭلىنىسەن ئەبەدكە،
سېھىرلەرنىڭ قىرغىقىغا يېتىسەن.

ئادەملەر بار، سەن كىرمەيسەن لەھەتكە،
تېخى گۈزەل ئىزگۈ بولۇپ كېتىسەن.
سەن يېڭىسەن مەڭگۈگە ئەي مۇھەببەت،
يېڭىلايدۇ بەندىلىرىڭ يۈرىكى.
سەن ناخشاسەن ھەر يۈرەككە قۇت-ئامەت!
چۈنكى ئۆزۈڭ ھاياتلىقنىڭ يىلىكى.

### يالپۇز كۈيى

بۇندا تارلار كۈيلەيدۇ يالغۇز يالپۇز كۈيىنى،
باھاردىكى ئورمانىنىڭ خىلۋەتىگە ياتىپ باشلاپ.
سۆيۈپ ئۆتەر بۇ كۈيلەر سېھىرلىق ئەگىز سۈيىنى،
سىڭىپ كېتەر ئۇپۇققا، يەرگە غېرىب غەم تاشلاپ.
تەنتەك قۇشلار جىمىيىپ بۇ سادانى ئاڭلايدۇ،
بىر كۈلپە تىلىك ئەسلىمە ئەسىر قىلغان ئۇلارنى،

سەرسان كۆيلەرىيە تەشۇۋا پاسىزنى داڭلايدۇ،
مۇز چوكىلار ياش تۆكەر چۈشەنگەندەك بۇ-
لارنى.
سايە تاشلار بولۇتلار كونا ئورمان ئۈستىگە،
ئوماق قىزنىڭ خۇيىدەك قالارىيە تەسۇزۇلۇپ.
تىترەك بىلەن بەرنا تەن كىرسە ياپراق
تۈنىگە،
خاتىرىلەر بىلەن تەڭ تۈگەر تازلار ئۈزۈلۈپ.

## ۋىسال

ئۇخلاپ ياتار بۇندا جىمجىتلىق،
سولغۇن قىزدەك تەبەسسۇمدا شام.
تىنەپ يۈرەر ئىلھام بىچارە،
يۆلۈۋاپتۇ ئۇنى يىغىر تام.
كۈنگەيدىكى كونا رەسىممۇ،
مىسرالارنىڭ قاپتۇ ئىچىدە.
ئەلمىساقكى شۇ كونا كەچمىش،
كۈي كۈيلەيدۇ يىرىم كېچىدە.

## قىزلار، ئۇلۇغ ئانىلارنىڭ بالىسى

ئەي يىگىتلەر ھۆرمەتلەيلى قىزلارنى،
قىزلار دېگەن ھاياتلىقنىڭ ئانىسى.
ئۇلۇغلايلى پەرىشتىدەك ئۇزلارنى،
ئۇلار ئۇلۇغ ئانىلارنىڭ بالىسى.
ھاياتلىققا شەپقەت بولۇپ يارالغان،
ئۇلار كۆيگەن كۆز ياش پۈتكەن مەرۋايىت.
كائىناتقا سۆيگۈ بولۇپ تارالغان،
خورلىنىشقا بوپقالمىسۇن ئۇ شاھىت.
قىزلار خۇشال ناخشا بولۇپ ياشىسۇن،
غورۇرىدەك مەيىن يۈرسۇن شوخ ئەركىن.
ئەقلى بىلەن، ئەجرى بىلەن بەل ئاچسۇن،
مەن ئۇلارنى كۆرمەي ناخۇش ھەمغەمكىن.
ئۇيقۇسىزلا ئۆتكەن تۈننى ئەسلەيلى،
قىزلارنى دەپ باغ چېچىندە تەلمۈرۈپ.
ئېھ يىگىتلەر تەلۋىلىكتىن پەسلەيلى،
نادان ئاچ كۆز ئىشقلارغا ھاي بېرىپ.
ئۇلاردىمۇ سىلەر كەبى ئارمان بار،
ئايغا چىقسام ئايدەك يۈرسەم دەيدىغان.
ئۇلار ئاقىل ئۆز قەدرىنى قىلماس خار،
پەرىشتە كۆپ ئەل غېمىنى يەيدىغان.
يوللىرىغا پانۇس يېقىپ يۈرمەيلى،
ئۇلار بىلەر قايسى يولدا مېڭىشنى.
چىغىرلاردا ئازغانلارغا كۈلمەيلى،
سەن، مەن تاپقان ئاشۇ ئازاب- ئۆلۈشنى.
ئەجەل بوغار ھاياتلىقنى قىزلارسىز،
ئاھ، ئۇلارنى پەرىشتە دەپ بىلەيلى.
پاك كەچمىشلەر قالسۇن خاتا ئىزلارسىز،
ئالدىماستىن پىنھان سۆيۈپ قويايلى.

نۇرگۈل مېجىت

## گۈزەللىككە رەڭداش ئىمدى چۈشلىرىم

### قەدىمكى چۈش

ھەسرىتىمگە بوغۇلغان سۈكۈت،
يۇلقۇنلىنىپ تۇرار يالاقلاپ.
قەسەم بولۇپ تۆرەلگەن ئۈمىد،
كېتەر مەڭدىن، كېتەر يىراقلاپ.
رۇجەكلەردىن سىرغىغان ئەلەم،
كىرپىكىمگە ئېسىلار بىۋاخ.

سەرسان ئاھلار ئىلكىدە ئۈزەر،
زەڭگەر چۈشلەر ئەكسىگەن قۇلۋاق.
يۇمشاق ئاھاڭ ئىدىنىڭ دىلبىرىم،
تاتلىق ئازاب بولاتتىڭ ماڭا.
سېنىڭ ئىمدى مېنىڭ دۇنيارىم،
نېمە بولدۇڭ، نېمە ئېيتقىنا.
قۇرۇپ كەتتى قەلبىم دېڭىزى،
جان تالىشار يېلىنچالىرىم.

تۇمانلاردا ئاھ، قالدى لەيلەپ،
ئايسىز تۈندە ئىپتقانلىردىم.
سۆگەك باسقان جەبەت دۆۋدىسى،
بىرەلمەيدۇ ئۆلۈم دەھشتى.
قالدى ماڭا پەقەت، پەقەتلا،
چاڭقاق ئەلەم، ئازابلار دەشتى.
مەۋجۇتلۇقۇڭ بولغانتى ماڭا،
سۆيۈش، ۋىسال ئىغىزى — كويىقاپ.
تۆرەلمىسەڭ ئاھ مىنىڭ جىنىم،
ئۆتەر ئىدىم ئىچىپ، ئىچىرقاپ.
دۇنيارىمدىن قالمىدى ئىزنا،
تەقدىرگىلا قالدى ئىتائەت.
قولۇم بىلەن ياسىغان ھەيكەل،
خۇدا ئەمەس مەن ئۈچۈن پەقەت.
ئەڭ ئاخىرقى مەرتەم سىنىڭدىن
تىلەيمەن بىر ئادادقى تاقەت.
چېھرىڭدىكى تەبەسسۇمىڭدىن،
ئۆلۈمگىلا بەرگىن ئىجازەت.

### ئەقىدە

تۈنلىردىم ئىچىدىن تېپىۋالدىم مەن،
ئاھ سىنىڭ ئۈمىدتەك مىسكىن كۆزۈڭنى.
سەنمۇ ھەم رازىدىك بۇ دەملىرىڭدىن،
تۇرقىڭلا سۆزلەيتتى يۈرەك سۆزۈڭنى.
بىراقكى مەن سىنى سۆيمەيمەن بۇ راست،
سەنمۇ ھەم سۆيمەيسەن مىنى، ئاھ مىنى.
ۋە بەلكى تەقدىرنىڭ كەچمىشلىرىدىن،
ناپاكلىق تىنمىسقىلاپ يۈرگەن دۇنيادا.
يارىلىپ قالاتتى ھايات گۈلشىنى.
كۈنلەرنى
ئۆتكۈزسەك ئۆتمۈشنى سۆيۈپ،
مەن ئۈنتۇش ئۈچۈنلا تۆلەيمەن بەدەل.
ھەر ئىككى يۈرەكتە تەلۋە ئەقىدە،
قىستايدۇ بەخت ئۈچۈن ماتەم تىنۇتۇشقا،
شۇنداقتۇر بەلكى ئۇ ھەممىدىن ئەۋزەل.
ئاھ شۇلار بىز ئۈچۈن ھاياتتۇر بەلكى،
ئەقىدە ئۈچۈنلا كەلگەنتۇق ياشاپ.
نېمىگە ئېرىشىپ ئۆتەرمىز ئاخىر،
بىر قۇچاق بوپ قالار پۇشايمان — ئازاب.
سەن دائىم يادلىغان، سۆيۈپ تاپقان دەرد،
شۇ بولسا ئىلاھتىن تىلەيمەن پەقەت:
ئاتىغىن بىر ماڭا شەپقەتسىز سۆيگۈ،
بەختتۇر ئاشۇلار، دېمەيمەن ھەسرەت.

× ×

مەن يالغۇز خانەمدە سەنمۇمەن كەبى،
يېگانە ئۈيقۇچان سۈرگەنسەن خىيال.
مەن شېئىرلىرىڭدىن سىزسام چۈشلەرنى،
سەن چۈشەپ چىقارسەن بولماي بىھايال.

### ساراڭ...

ئاڭلىمىغان سۆيگۈدىن قوشاق،
بىلمەس ئىدىم، ناخشا تۇۋلاشنى.
يۈرىكىمگە ئۆگەتتىڭ بىراق،
ئۆزگىچە ھەم ئاچچىق ھوۋلاشنى.
ئۆزۈڭ كىمسەن بىلمەسمەن ئەسلا،
چۈشلىرىمدە تىمىسقىلار ھىدىڭ.
مەۋجۇتمۇ سەن يا ئالدامچى روھ،
پۈتمىشىڭ يا خىيالمۇ سىنىڭ.
قارىچۇقۇمنى كەتتىڭ يېتەكلەپ،
سۈرەتلەردىن ئاڭلايمەن ئاۋاز.
ئۇشبۇ قەدەر مەۋھۇم بىر نىدا،
تىلىڭدىلا سۆزلەيدۇ بەك ساز.
قوغلىشىمەن ھەر كەچ، ھەر سەھەر،
نىدالاردىن سۈرىتىڭ سىزىپ.
يېتەلمىدىم... يېتەلمىدىم ھېچ،
شەيتانمۇ سەن؟! قالدىمۇ ئىزىپ.
پىنھاندۇرسەن، گۈزەلسەن، گۈزەل،
تاپالماسمەن بەلكى تائەبەد.
پۈتمىشىڭدىن بىر شورلۇقمىدىڭ؟!
ۋاپاسى يوق ساراڭ ھەقىقەت...

## سۆيگۈ — كۆكۈم ئاخشىمى

ئاچچىق شامال بەرمەكتە بەلگە،
يوپۇرماقنىڭ ھەسرەتلىرىدىن.
قوڭۇر رەڭلىك —
غۇۋا بۇ كۆكۈم،
سۆزلىمەكتە قىسمەتلىرىدىن.

1

نىگاھلىرىڭ شۇنچە بىتاقەت،
چېھرىڭ شېئىر بىلمەيسەن ئوماق.
ئېسەنكىرەپ قارايسەن گاھى،
كۆكۈم سىڭگەن يوللارغا ئۇزاق.
كۆزلىرىڭدە مىسكىن تەبەسسۇم،
يۈرىكىڭنى قىلدى نامايان.
موماڭ كەبى ساماۋى چۆچەك،
سۆزلەرمىكىن ساڭىلا ئاسمان.
ئاھ! مەن ئۈچۈن ياراتقان ئوماق،
بۇ تۈن ئالدى — شەپەقسىز كۆكۈم.
چاچلىرىڭغا رەڭداشقان كېچە،
بۇ سەن ئۈچۈن ياراتقان كۈيۈم.

2

كۈي كۈيلەيدۇ ئاداققى قۇشلار،
باسقىنىدا ئالەمنى كۆكۈم.
قەدىم ئورمان مۈگدەر بىھوش،
چۈش كۆرىدۇ ياپراقلار كۆجۈم.
شامالنىڭ مۇڭىنى يېرىپ،
پالاقلار قۇش قانىتىنى ئۇرۇپ.
چۆچۈيدۇ گاھ قەدىمكى ئورمان،
شامال ياندىن ئۆتىدۇ ئۇچۇپ.
ئاھ! بۇ خىيال تاتلىق شۇ قەدەر،
ئاخشىمى بۇ كونا ئورماننىڭ.

چۈشەكەپمۇ يادلايدۇ تىنماي،
بەگباش ئارزۇ ئەسىرى مانانىنىڭ.
قاقشال دەرەخ ئۈستىدە چاڭگا،
يوق ئۈنىدا نە توخۇم، نە قۇش.
شامال گاھى شىۋىرلىغاندا،
چۈشەر يەنە ئورمان ئۈچۈم قۇش.

3

قارىغىنا بوشلۇقتا نىگار،
بولۇپ قاپتۇ بۇلۇت ئايىسمان.
ئېيتىپ بېرەر سىرلىرىنى ئۇ،
يالغۇزسىراپ قالغاندا ھامان.
پۈچىلانما بىغۇبار ئوماق،
تىڭشا ئورمان ئاخشىلىرىنى.
چۈنكى ئۇ ھەم ئاخشامدۇر مېنىڭ،
سۆيگۈ —
كۆكۈم ئاخشاملىرىمۇ.

ئەنۋەرجان مەتنىياز

## شېئىرلار

### تارىخ

شور تاڭلىقتا مۈكچەيگەن يۇلغۇن،
تۇرار يەنە قومۇش ۋە قامغاق.
ھالسىرايدۇ بۇ يەردە ئېغىر،
شامالLARغا بەرداشسىز، ئاجىز.
ئەلچەڭلىگەن قۇملار تىزمىسى،
بۇ يەردە بار جىمجىت بىر كېچە،
لېكىن يوقتۇر ئاسمان كۆزيېشى.
كۈلەر يۇلغۇن شۇنداق مېھرىلىك
بەئەينى سەن سۆيۈملۈك ئانا،
بورانلاردا تۇرۇپ چېچىكى،
قالغان ھەتتا سەندەك ئورۇقلاپ.
ئاپئاق بۆكى چۈشكەن قومۇشنىڭ
مۈكچەيگەن ھەم تالغان بەللىرى.
ئەنسىرىدىم كۆيۈمچان دادا،
سەنمۇ شۇنداق تۇرامسەن لىڭشىپ؟..
ياق، ياق!
بۇ سوئالىم كەتتىمغۇ ئېغىپ.

ئۇمىدى شۇ مەسۇم ئوغلۇقىنىڭ
چۈشلىرىگىنى بەرگىن سەن يىغىپ.
ئىستىكىگىنى سۆيۈپ ـ قۇچاقلاپ،
ماگىمەن.
سەۋدالارچە ئالدىمغا،
ئىزلىرىگىنى بىر ـ بىر تولۇقلاپ.
...........
ئۈچۈپ يۈرەر قامغاق بىچارە،
ساگا ئوخشاش قەدىردان ئاكا.
ئويلىمايدۇ قىسمەتلىرىنى؛
مەن نىمە؟
ئۇ نىمە؟
تۇپراق نىمە؟!
ئەنە شۇنداق بولدىغۇ ناكا.
...........
يالتايمايمەن سىنىگدىن ھەرگىز،
شۇنداق ياشا ئەي شورلۇق قامغاق.
يىلتىزلىرىڭ بولمىسا ئاجىز،
ئىزگۇ شامال قالمادۇ رەنجىپ؟
ئوينا تىمىسا ئۇستوگدە توقماق،
كەتمەمدۇ ئۇ دۇنيانى يەنجىپ؟!
...........
شورتاگلىقتا مۆكچەيگەن يۇلغۇن،
تۇرار يەنە قومۇش ۋە قامغاق.
ھەر بىرىدە ئۆزگىچە خىسلەت،
ياشاگلار، مەن سىلەرگە ئامراق!

### بەخت

سەن سوۋغا قىپ ئىپ كەلگەن شادلىق،
ئىقىپ كەتتى قىرتاق دىگىز سۇيىدە.
سۆيدى ئۇنى قۇچاقلاپ،
ئەسەبىيلەشكەن سارالڭ بۇژغۇنلار.
بىراق،
ئاگلىنىدۇ يىراق قىرغاقتىن،
كۇگگا بىر ناخشا...
ئۇمىدلەرنىڭ مىسكىن كۆيىدە.

### قاتقان سۆيگۈ

سۆيگۈ،
سەن دۆۋەتتىكى قىزىل رەڭ گويا،
ۋىسال،
ئاستىگدىكى پارچە ئاق قەغەز،
تۆكۈلمەيسەن ئاگا يۈرەكلىك.
چۈنكى،
قايتۇردى سىنى،
چۈش ئۈستىدە يۈيۈنغان دۇنيا.

### كىچە ھىسسى ئويغان نەقىشلەر

1

ئىمانىنى بۇزدى كىپىنەك،
بەرگىدىكى پاسىق شەبنەمنىڭ.
ئىقىپ كەتسە شەھۋەت ياشلىرى،
سۈكۈناتتا ئۇخلىغان دەمنىڭ.

2

ھالسىرىدى ئۇندا بوز تۇپراق،
لەۋلىرىدە شورلۇق تەبەسسۇم.
باغاشلىدى قاغجىراق شامال،
ھىجران يىشى ئاقىدۇ يۇم ـ يۇم.

3

مىنىپ ئالدى كۆكۈم ھىسلىرىڭ،
ئاچ سەزگۈمنىڭ چوققىلىرىغا.
ئىرىپ كەتتى بولۇتسىمان تاش،
ئۆگكۈرىگە سىرغىپ كۆكسۈگىنىڭ.

### ئۇمىدلەر ھىسسىمنى قىلىدۇ خازان

سوغۇق ھەم مەنىسىز، يىتىرقاپ سۆيۈش،
ئاداققى چۈشۈمگە بولالمايدۇ دال.
بىز مىنىپ ئۆتۈشكەن غەمسىز كەچمىشلەر،
ئەتىكى ئۇيقۇگدىن سورايدۇ ئەھۋال.
ئازابلىق ياشلىرىڭ نادان كۆلكەمنى،
توسالماس تەگرىدەك ئۇنداق بەك ئاسان.
ماگىمەن ئالدىمغا، سەۋدائى ئۇمىد ـــ
شۇ مىسكىن ھىسسىمنى قىلىدۇ خازان!
كۆزۈگدىن بالقىغان غىرىب نۇر زىيا،
يوپيـورۇق قەبرەمدىن بەرمەيدۇ دىرەك.
مەن ئۇندا مەگگۈلۈك مۈگىدىگەن گىياھ،
دۇنياچە شوخلۇقۇڭ قىلالماس زىرەك.

مۇساجان ئىمىن

## ئىككى شېئىر

### شېئىردىكى سۆيگۈ

مەن جەنۇبنىڭ بولسام شائىرى،
ئاددىي ئۆيدە، پۇچۇق كەپىدە.
ئۆيلەنمىگەن بىر تەنها يىگىت،
رومانىمنىڭ باش تەسۋىرىدە.
بىر شەھەرلىك قىزنىڭ ھاياتى—
تاسقالمىغان
رەھىمسىز تۇرمۇشنىڭ غەلۋىرىدە.

### مىراس قالغان دۇنيا

مەن،
دېھقان بالىسى تاغدا تۇغۇلغان،
شەپەقتىن رەڭ ئېلىپ،قۇياشنى ئەمگەن.
پۇشقىدىقىمنى تورۇۋېلىپ،
سەھرانى كەزگەن.
بەلكىم كەتمەن بىلەن جۆرە بولارمەن
ئاتام ئېيتقان لاي - لاي ناخشىسى
ياڭراپ قالار—
تانسا زالىدا...

............

مېھرىگۈل مامۇت

## كەچكۈز

كەچكۈز پەسلى شۇنداق رەھىمسىز،
يالىڭاچلاپ قويار دۇنيانى.
پاك خىياللار يىغلايدۇ زار - زار،
باسقان چاغدا ھىجران قىيانى.
كەچكۈز پەسلى شۇنداق رەھىمسىز،
مەجرۇھ توغراق زارلىنار پىنھان.
ئاھ سوكۇتتە ئالدانغان يۈرەك،
ئاجىز ئۆكسۈش يۇتىنار ھامان.

كەچكۈز پەسلى شۇنداق رەھىمسىز،
ئىزتىراپلىق تىترەيدۇ نەپەس.
كۆمۈلىدۇ ھەسرەت دېڭىزغا،
نادانلىقتا تۇغۇلغان ھەۋەس.
كەچكۈز پەسلى شۇنداق رەھىمسىز،
قۇت تىللەيدۇ بىر كونا سۈرەت.
غېرىبسىنار تەنها سەزگۈلەر،...........
كەچمىشلەرنى ئۇنتالماي پەقەت.

ھۆسنىجان مامۇت

## ئىككى شېئىر

### رەشىك بىرلە ئۆرتەنسە يۈرەك...

دورا - دەرمەك داۋا بولمايدۇ،
دىلغا ياقار ھاۋا بولمايدۇ.
خۇشاللىق ھېچ راۋا بولمايدۇ،
رەشىك بىرلە ئۆرتەنسە يۈرەك.
قارىچۇقىڭدا چاقماق قاتىدۇ،
تومۇرۇڭدا لاۋا ئاقىدۇ.
ئىچ - باغرىڭنى چايان چاقىدۇ،
رەشىك بىرلە ئۆرتەنسە يۈرەك.
غىزالىرىڭ ئازاب بولىدۇ،

ئارمانلىرىڭ ماغزاپ بولىدۇ.
شادلىقىڭمۇ غەزەپ بولىدۇ،
رەشىك بىرلە ئۆرتەنسە يۈرەك.
ئاسمىنىڭدىن قۇياش ئۆچىدۇ،
سەندىن ئىنساب، ئىمان كۆچىدۇ،
چىرايىڭدىن قانلار قاچىدۇ،
رەشىك بىرلە ئۆرتەنسە يۈرەك.
ئوي - خىيالدا يوق ھېچ ئىختىيار،
تالاي كېچە ئۇيقۇدىن بىدار،
سەن ھەممىدىن، ھەممىدىن بىزار،
رەشىك بىرلە ئۆرتەنسە يۈرەك.

### قول سېلىپباق يۈرەككە

سەن قەلبىمگە كىرىپ كەلگەچ تىۋىشسىز،
مېھمان قىلدىم، دەل تۆردىن جاي بېرىپ.
تېپىرلايتتى يۈرەك شۇ چاغ تىنىمسىز،
كەلگەنىدىم بۇ كەپسىزگە هاي بېرىپ.

ئوبۇلقاسىم ئالماس

قەدەم ئالدىم مەنمۇ مېھمان بولاي دەپ،
قويارسەنمۇ مېھرىڭ بىلەن بىر قاراپ.
ياكى قەھرىڭ تېگەرمىكىن، بىلەي دەپ—
تۇرۇپتىمەن ئۇيالغانچە مەن سوراپ،
يۈرىكىڭگە قول سېلىپباق، بەر جاۋاب.

## شېئىرلار

### پەخىرىمسەن ئېھ، دولان دىيارىم

پەخىرىمسەن ئېھ، گۈزەل دولان دىيارىم،
ھاياتقا كۆز ئاچقان ئانا ماكانىم.
ئىللىق ھەم يېقىملىق سېخى قوينۇڭدىن،
بال بېرىپ چوڭ قىلدىڭ يوقتۇر پىغانىم.
پەخىرىمسەن ئېھ، گۈزەل دولان دىيارىم،
جىسمىمغا تۆكۈلگەن دەسلەپكى قېنىم.
ئۆمىدىڭ ئاقلاپ ھەم باغرىڭ گۈللەشكە،
پىدادۇر سەن بەرگەن ھاياتىم، جېنىم.

تۇرادىن ھۆكمەت

### چىراغ

ئوت بولۇپ تولغىنىپ كۆيۈپتۇ چىراغ،
يورۇپتۇ ئۆي ئىچى، يېقىن ھەم يىراق.
شامالدىن، قامالدىن قورقماي يېنىپ،
كۆيۈپ كۈل بوپ ئاخىر تۈگەپتۇ بىراق.

### يىڭنە

يىڭنە ھەم ئىشلەپتۇ تىنماي توختىماي،
ئىشلەشنى ئۆزىگە شەرەپ تونۇغاچ.
تىكىپتۇ چاپان ھەم يىرتىق ئىشتاننى،
ئۆتۈپتۇ دۇنيادىن ئۆزى يالىڭاچ.

### ئىلاھ سۆزى

ياراتتىم دۇنيانى گۇناھسىز پەقەت،
كۆكەرتسۇن ئىنسان دەپ، ھالال تەرىدىن.
سۆيسە كىم ئەمگەكنى، بېرىمەن ئورۇن،
«جەننەت»نىڭ شاھانە ئالتۇن قەسرىدىن.
بەك ئۆچمەن تەييارغا ھەييار بولغانغا،
ئەجرىقىپ بەختىڭنى تاپقىن سەن ئۆزەڭ.

ئىشلىمەي پارقىراق كۆزۈڭدە قاراپ،
ھە دېسە «خۇدا» دەپ يۈرمىگىن، بىزەڭ!
ھە، يەنە «تەقدىر»نى كۆر مىگىن مەندىن،
پۈتۈكلۈك ئەمەستۇر تەقدىرىڭ سىنىڭ.
ھەر كىشى تەقدىرنى ئۆزى بەلگىلەر،
بۇ ئىشتا بىلىپ قال، كارىم يوق مېنىڭ!

ئابدۇجېلىل ئوبۇل (ئوقۇغۇچى)

### پارچىلار

چىرايىڭدىن ياغدۇرساڭمۇ قار،
تەۋرىمەيمەن، قىلالمايدۇ كار.
سۆيۈنچى كۈلۈپ، شېرىن سۆزلىسەڭ،
كۆز ئالدىمدا پەيدا بولار دار.

× ×

ئادەمنى بوغىدۇ بىر كۈنى ئەجەل،
ئىزدەڭگىن، سېنىڭدىن رازى بولسۇن ئەل.

ئۇخلىساڭ پۇشايمان قاچىسى ئاخىر،
تېپىلماس مىليونلاپ پەرسەڭمۇ بەدەل.

× ×

بىز ئۆرە تۇرىمىز ئانا يەر بىلەن،
قەدىرلىك بولىمىز تۆككەن تەر بىلەن.
ئايلىنار ئانا يەر باغۇ بوستانغا،
ھەقىقىي غۇرۇرلۇق ئىشچان ئەر بىلەن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر، ئەركىن ئەبەيدۇللا

ئىسمايىل ئېزىز (تاجىك)

## شېئىرلار

### توي

ھاياتلىق قەسرىنىڭ تويدۇر ئۇل تېشى،
ۋاپائى — مۇھەببەت ئۇنىڭدۇر بېشى.
ئۆمۈرنىڭ بېغىدا توزىماس چېچەك،
ئوخشىسا شۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ئىچ-تېشى.

توي دېسە كۆڭۈلگە تولىدۇ شادلىق،
قىز - يىگىت خەندىسى، مول باياشادلىق.
ئۇ ئۆمۈر پەسلىگە باسىدۇ مۆھۈر،
ئۇنىڭسىز ھاياتمۇ بولماس قاناتلىق.

توي دېگەن ئوخشىماس ئېلىم - بېرىمگە،
ئوخشىماس خۇمارلىقناس ھەم چىلىمگە.
ئۇ ئۆمۈر سودىسى، ئۆمۈر ئىمزاسى،
ئوخشىماس يىرتىققا چاپلاق يېلىمگە.

ئىككى ياش ئۆز ئارا بەرگەندە كۆڭۈل،
ئېچىلار دىللاردا دەستە-دەستە گۈل.
يېزىلار شۇندىلا ئۆمۈر داستانى،
مەشۇقى بوپ گۈلزار، ئاشىقى بۇلبۇل.

مەگەر توي ئىشىغا ئارىلاشسا شەيتان،
قىلىدۇ ئۆمۈرنىڭ بېغىنى ۋەيران.
شۇ سەۋەب: «ئون ئويلاپ بىر كېسىش كېرەك»،
بولمىسۇن بىمەھەل گۈللەر زەپىران.

توي ئۆمۈر سودىسى ئويلاڭ يىگىت-قىز،
مۇھەببەت گۈلتاجى، توي تەمى لەزىز.
ساختىلىق ئۈستىدە قۇرۇلمىسۇن ئۇ،
قەلبىدىن ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، ئېزىز.

### ئۆتەيلى مەڭگۈلۈك بىر جۈپ ئالمىدەك

بىر قىيا بېقىشتا مېھرىمنى تارتتىڭ،
تەشنا دىلي ئىشقىنى قەلبىڭگە چاچتىڭ.
نەقىلاي ئىشقىڭدا بولدۇم پەرۋانە،
مۇھەببەت ئوتىنى جىسمىمگە ياقتىڭ.

نىگاھىڭ ئوق بولدى، قارىشىڭ كامان،
كۆزۈمدىن كەتمەيسەن ئەي ساھىپجامال.
كۆڭلۈمنى مەھلىيا، قەلبىمنى قامال
قىلدىڭسەن بىر بېقىپ، جېنىمغا ئۇۋال!

ياشاندىڭ دېمىگىن قەلبىم تېخى ياش،
(مەسخىرە ئىلكىدە دېمىگىن ئاداش).
يۈرەكنى قىپقىزىل گۆشكە ئوخشاتساق،
ئەمەس ئۇ تاغدىكى جانسىز قورام تاش.

شۇ سەۋەب ئىشقىڭدا قىزىندى قېنىم،
تونۇردا كۆيگەندەك ئېرىندى تېنىم.
رەھىم قىل، ھىجراندا چىقمىسۇن مېنىڭ
مۇھەببەت شەمشىرى ئاستىدا جېنىم.

لېۋىڭنى جام ئەيلەپ، مېھرىڭنى شاراب،
ئۇزاتقىن كۈچ بەرسۇن قەلبىمگە تاراپ.
ئۆتەيلى مەڭگۈلۈك بىر جۈپ ئالمىدەك،
بولمىسۇن بەخشەندە ھاياتىم خاراب.

### يۈرىكىمگە توك ئۆتتى

بىلىكىم تېگىپ كەتتى بىلىكىڭگە،
توك ئۆتتى يۈرىكىمگە ھاياجاندا.
لەۋلىرىم قۇرۇپ كەتتى چاكاندىدەك،
ئۆزۈمنى سەزدىم گويا باياۋاندا.

كۈلمىسەن لەۋلىرىڭگە سۆيۈنگۈدەك،
سېھرىڭگەر بۇلبۇلمۇسەن، كۈلدۈرگۈدەك.
تېگىرقاپ قالدىم نىتەي، تۇرساڭ نىگار،
ئاتەشتەك بىر تېگىپلا، كۆيدۈرگۈدەك.

## ئۈچراشقاندا

تاڭ سەھەر كىرىپ كەتسەم گۈل بېغىگە،
غۇنچىدەك كۈلۈپ چىقتىڭ ئالدىمغا سەن.
سالامدىن سۆگرە يۈزگە شەپەق تەپتى،
شۇكۈندىن مەستيۈرۈيمەن ئىشقىڭدا مەن.

ئىزدىدىم تالاي كۈنلەر ئۆتتى قاتار،
ئۈچراشتۇق يەنە قايتا گۈل بېغىدا.
ئىشقىمنى چۈشەنگەندەك گۈل ئۈزاتتىڭ،
قەلبىمنى كۆردۈم مەن ھەم تىنىقىڭدا...

### ئانىدەك دىلرابا نەدە

ئانىدەك نۇر ـ زىبا نەدە،
ئانىدەك دىلرابا نەدە؟
ئۇنىڭ مېھرىگە قانماستىن،
ياشارغان ئەۋلىيا نەدە؟

ئانا كۆڭلى گۈلىستاندۇر،
پايانسىز كەڭرى ئاسماندۇر.
جىمى پەرزەنتىگە نۇر بەرگەچ،
قۇياش يەڭلىغ نۇرىستاندۇر.

پەرىشتە ئۇ بىزنى سۆيدۈرگەن،
بېرىپ مېھرىنى كۈلدۈرگەن.
ۋەتەن ئىشقى پىراقىدا،
بولۇپ پەرۋانە كۆيدۈرگەن.

ئانا ئەجرىنى تاغ دەيمەن،
كۆڭۈل ـ كۆكسىنى باغ دەيمەن.
ئۇنىڭ ئەجرىنى بىلمەسنى،
تېگى نائەھلى زاغ دەيمەن.

## رۇبائىيلار

1

بۇ دۇنيا بىز ئۈچۈن بىر كونا راۋات،
قادىردۇر ھەممىگە ئىنسان دېگەن زات.
ھا ياتنىڭ يوللىرى ئەگرى ھەم سىرلىق،
مەنىلىك ئۆتكۈزگىن چىقىرىپ قانات.

2

بولغىنىسەن ئەي رەھبەر، شىپالىق لوقمان،
دەردمەنلەر قەلبىنى قىلىسەن شادىمان.
خەلقىڭگە ۋاپادار بولساڭ بىر ئۆمۈر،
چىن بەخت ئىلكىدە ياشايسەن ھامان.

3

ئەمانى يېتەكلە، ياندۇرۇپ چىراغ!
تۇغۇلغان دىيارغا باغلا ئىشتىياق.
ماختانما تۆھپەڭدىن مىننەت قىلما ھەم،
گۈللەيسەن شۇچاغدا ياشناپ ھەممە ۋاخ.

4

دوستقا دوست بولۇشنى ھەرچاغ ياخشى بىل،
ۋاپادار دوست بولسا ئۈزۈلمەيدۇ قىل.
دوستلاردىن ئايرىلساڭ بولۇپ بىۋاپا،
قالىسەن ئارماندا بولساڭمۇ گەر پىل.

5

ئىنساننىڭ ئىنساندەك خىسلىتى ياخشى،
ئۆزئارا خەيرىخاھ ھىممىتى ياخشى.
ئالتۇن ئۇ تۇپراقتا ياتقىنى بىلەن،
بازاردا بىباھا ـ قىممىتى ياخشى.

ساجىد ئەمجەد

# رەسسام

(ھېكايە)

ئۇردۇچىدىن ئەركامىل مۇھەممەت تەرجىمىسى

مەن بىر رەسسام، رەڭگە بوياق، چوتكا، قەغەز مېنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھلىرىم، شۇنداقلا پۈتۈن كائىناتىم. ھە! راست، ئالاھىدە چىرايلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. باشقا ھەر قانداق سەنئەتكارلارغا ئوخشاش مېنىڭمۇ قەلبىمدە بىر يېڭى ئاجايىپ گۈزەل دۇنيا ئورۇن ئالغان. كۆز ئالدىمدىكى بۇ دۇنيادىن ئالاھىدە پەرقلىق. ئاسمىنى كۆپكۆك سۈزۈك سۇدەك تۇس ئالغان، يەرلىرى زۇمرەت تاش بىلەن تولغان. بۇ يەردىكى ھەر بىر چىراي شۇنچە گۈزەل، شۇنچە ئوماق، بىراق ھەممىسى جىمجىت. بۇ ئاۋازسىز دۇنيانىڭ كوچا-دوقمۇشلىرىدا بىردىن مۇھەببەت قەسىرلىرى سېلىنغان، دېرىزىلىرى بولسا سەممىيەت بازىرى تەرەپكە ئېچىلغان. بۇ بازاردا نەپرەت پۇللىرى ئەمەس، بەلكى ئىشەنچ ۋە مۇھەببەت تىللالىرى خەجلىنىدۇ. دۇكاندارلار زىيان تارتسىمۇ شۇنچە خۇش، شۇنچە شاد. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا شادلىق نۇرلىرى پارقىراپ، كۈلكە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. كىشىنىڭ قارىغانلىرى قارىغۇسى كېلىدۇ. قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلىدۇ.

مەن ئايپاق تۇلپارغا مىنىپ، بۇ كوچا - دوقمۇشلارنى ئايلىنىمەن. ئارزۇ - ئىستەكلىرىم گۈل بولۇپ ئېچىلىدۇ. پۇراقلىرى زېھنىمنى ئويغىتىپ، مېنى رەسىم سىزىشقا ئۈندەيدۇ. چوتكا تۇتقان قوللىرىم ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەر ئاستا - ئاستا كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇشقا باشلايدۇ.

كىشىلەر سەنئەتكارلارنى «قەلبى شاد، مەنىۋى جەھەتتىن باي، ماددىي جەھەتتىن بولسا ئىنتايىن گاداي، كەمبەغەللىك ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىنى چېكىدۇ، بايلىق بولسا ئۇلاردىن قاچىدۇ» دېيىشىدىكەن. لېكىن، مەن ئۇنداق ئەمەس. مەن دادامنىڭ بارلىق شەپقىتى مەنسۇپ بولغان يالغۇز ئوغلى بولغانلىقىمدىن ئابرويلۇق، دۆلەتمەن، بەختلىك رەسسامەن.

دادام ناھايىتىمۇ نەسەپ پەرەست داڭلىق سودىگەر، ئۇ شادلىقىم ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا دائىم تەييار. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى پەقەت مېنىڭ بەختىم، خالاس. بىراق، دادام مېنىڭ رەسسام بولۇپ قالغىنىمدىن كۆپ خاپا. مېنىڭمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش داڭلىق سودىگەر بولۇپ، چوڭ - چوڭ سودىلارنى قىلىشىمنى، كەسپىگە ياردەملىشىپ، شۆھرەت قازىنىشىمنى ئەلۋەتتە ئۈمىد قىلغان - دە، لېكىن، مەنچۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئۈمى-



دىگە سۇ سېپىپ، ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا بىر رەسسام بولۇۋالدىم. ئۆزۈم تاللىغان بۇ كەسپىمنىڭ ماڭا ئاجايىپ ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟!

دادام ماڭا كەسپىمدىن رازى ئەمەسلىكىنى سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن بىر ھەشەمەتلىك رەسىم سىزىش زالى تەييارلىتىپ بەردى. باشقىلار سېتىۋېلىشقا قادىر بولالمايدىغان دۇنيادىكى داڭلىق چوتكا، بوياقلار ئالدىمدا چېچىلىپ ياتاتتى. مەن خۇددى قانلىرىمغا رەڭ، بوياق ئورناپ كەتكەندەك سىرتقى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتىمنى قەتئىي ئۈزۈۋەتكەن ھالدا رەسىم سىزىش بىلەن نەچچە كۈن، نەچچە ئايلارنى زال ئىچىدىلا ئۆتكۈزۈۋەتتىم. سىزغان رەسىملىرىمنى كىشىلەر ياقتۇرۇپ كۆرگەن، ماختىغان، قىممەت باھادا سېتىۋالغان چاغلاردا بولسا ئىچىمدە مېنىڭ رەسسام بولۇشۇمغا ئاساس سالغۇچى ئاشۇ مېھرىبان، سۆيۈملۈك دادامغا مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ تەشەككۈر ئېيتاتتىم. دادام مېنىڭ زال ئىچىدە يالغۇز ئۆتتۈۋېرىشىمدىن تەشۋىشلەنگەن بولسا كېرەك، مەن بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرمايلا تويۇمنى قىلىپ قويدى.

مەن ئايالىمنىڭ ئالاھىدە گۈزەل چىرايىنى تۇنجى كۆرگەندە بۇ چوقۇم جەننەتتىكى ئاشۇ گۈزەل پەرىشتىلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك دەپ قالغانىدىم. راست دېگەندەك ئۇ ھېچقايسى پەرىشتىلەردىن قېلىشمايتتى. رەسىملىرىمنى رەتلەش، كىيىملىرىمگە دەزمال سېلىش، ئۆيدە خىزمەتكارلار تۇرۇقلۇقمۇ ماڭا ئۆز قولى بىلەن تاماق ئېتىش، مەخسۇس چاي دەملەش قاتارلىق بىر ۋاپادار ئايالغا خاس بارلىق ئەخلاق - پەزىلەتنى ئۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ماڭا ئەنە شۇنداق ئەدەب، ئەخلاقلىق بىر ئايال مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى گۆھەرنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، ئۇنىڭ ھەر بىر قېتىم شادلانغان چاغلىرىدا ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايتتىم. ئۇمۇ مېنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك ياقتۇرىدىغانلىقىمنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ دائىم شۇنچە خۇش، شۇنچە شوخ ئۆتەتتى. ئازراقتىنا كەپلەرگىمۇ ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى، نېمىشقىكىن؟ ئۇنىڭ سۈپسۈزۈك يۈزلىرىدە شادلىق، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ قاپقارا كۆزلىرى جىمغىنا بىر خىل غەمكىن... ياق، ياق، خۇددى كۈلكىلىرىگە ماسلاشمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

مەن چەت ئەلدە شېئىرىي ئاينى ئۆتكۈزۈپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزدىم. رەسىم پۈتكەندىن كېيىن قەلبىمدە خۇددى بىرسى بۇ گۆھىرىمنى تارتىۋالىدىغاندەكلا بىر خىل ۋەھىمە تۇيغۇسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئايالىمنىڭ سىرتقا چىقىشىنى قەتئىي توسۇۋەتتىم. ئۇ يەنىلا ئىتائەتمەنلىك بىلەن مېنىڭ خىزمىتىمدە بولغان بولسىمۇ، قەلبىمدىكى ئەنسىزلىك ئۇچقۇنىغا سۇ سېپەلمىدى. بارا - بارا خىزمەتكارلارنىمۇ خۇددى ئوغرىدىن ئېھتىيات قىلغاندەك ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئاخىرى بۇ ئازابقا چىداپ تۇرالماي، دادامغا دەپ، شەھەر سىرتىدىن بىر ئۆي سېتىۋېلىپ، كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن كۆڭلۈمدىن تەشۋىش غۇبارلىرى ئاستا - ئاستا يوقاپ كەتتى.

— بىر كۈنى ئاپالىم دادىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ، مەن ئۆيدە يالغۇز قالدىم. «پۇتبول سەھنىسىدىكى باتۇر بوۋاي» دېگەن بىر خىيالىي ئەسەرنى سىزىپ پۈتكۈزۈپ، بىردەم ھاۋالىنىش ئۈچۈن بالكونغا چىقىپ، كۆزلىرىمنى ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرتكىنىمدە، تۇيۇقسىز كۆزلىرىم كوچىدا كېتىپ بارغان بىر بوۋايغا ھەيرانلىقتا تىكىلىپلا قالدى. مەن تېخى ئەمدىلا سىزىپ پۈتتۈرگەن سۈرەتتىكى بوۋاي كېتىپ باراتتى. مەندە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ھەيرانلىق ئۇ كىشىگە قارىتا قىزىقىش پەيدا قىلدى.

مەن «بوۋا» دەپ چاقىرغان بولسامۇ، ئۇ ماڭا تىكىلىپ بىر قاراپ قويۇپ يولىغا مېڭىۋەردى. مەن دەرھال پەسكە چۈشتۈم.

— ماڭا قاراڭ بوۋا.

بوۋاي لەپپىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ھە! نېمە دەيسەن؟ سەن باي بىر نېمىلەر كىشىگە ھاجىتىڭ چۈشكەن تۇرۇقلۇق يەنە پىشايۋاندىن تۇۋلىشىسەن. نېمە ئىشىڭ بارلىقىنى تېز ئېيت. ھېلى قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە، سەن بۇ خالتامنى قەغەز تېرىپ تولدۇرۇپ بەرمەيسەن ھەقىچان، - دېدى قولىدىكى خالتىسىنى پۇلاڭلىتىپ.

بوۋاينىڭ ساقاللىرى تەرتىپسىز ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، چىرايىدىن ۋاقىتسىز قېرىۋالغان تېخى ئەمدىلا ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى ئەمبەل يىگىتلەردەك كۆرۈنەتتى.

— مەن بىر ئاددىي رەسسام، - دېدىم ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

— رەسسام بولساڭ نېمە بوپتۇ؟ دەرھال نېمە ئىشىڭ بارلىقىنى دېمەمسەن؟ - دېدى ئۇ زەردە قىلىپ.

— مەن سىزنىڭ رەسىمىڭىزنى سىزغان ئىدىم...

— نېمە؟! ھوۋا ساراڭ، رەسىم سىزىپتىمىش، رەسىم... رەسىم... دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

مەن ھەيرانلىق ۋە تەڭىرقاش ئىچىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. «ئۇ كىشى ساراڭمىدۇ؟ رەسىمنىڭ گېپى چىقىپ بولغۇچە نېمانداق ئاچچىقلاپ كېتىدىغاندۇ؟» دېگەندەك چىگىش سوئاللار ئارىسىدا مەيۈسلەنگەن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كىردىم، قولۇم زادىلا ئىشقا بارمايتتى. ئەزەلدىنلا خاپىلىقىمنى ئاپالىمغا ئېيتماي كۆنۈپ قالغانلىقىمدىن بۇ ئىشنىمۇ ئۇنىڭغا ئېيتمىدىم.

مەن ئۇ كىشىنىڭ كۈندە ئەسكى - تۈسكە قەغەز تېرىپ، مۇشۇ كوچىدىن ئۆتىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتىم. شۇڭلاشقا پېشايۋاندا ئۇدا ئىككى كۈن ساقلىدىم. ئاخىرى ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە ئۇ يەنە ئۆتتى. مەن دەرھال پەسكە چۈشۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا باشلىدىم. ئالدىنقى قېتىم «رەسىم» دېگەن سۆز چىقىشى بىلەن ئاچچىقلاپ كەتكەنىدى، بۇ قېتىم قانداق بولار؟ دېگەندەك تەشۋىشلىك سوئاللار خىيالىمدىن كەچمەكتە ئىدى.

تۇيۇقسىز ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ:

— ھە! نېمە دەپ كەينىمگە كىرىۋالىسەن؟ زادى مەندە نېمە ئىشىڭ بار؟ - دېدى خالتىسىنى يەرگە تاشلاپ.

— سىز بىلەن سۆزلەشمەكچى ئىدىم، مەن سىزنى كۆرمەي تۇرۇپلا رەسىمىڭىزنى سىزغان...

— يەنە شۇ رەسىم، رەسىمنىڭ گېپىنى قويۇپ ئۆزۈڭنىڭ گېپىنى قىل. ئەگەر كـ

يىملىرىڭنىڭ توپا بولۇپ كېتىشىدىن قورق-
مىساڭ مانا بۇ خالىتىڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇ-
رۇپ سۆزلە!- دېدى - دە، قېيدىغانىدەك
قىلىپ، يەرگە گۈپپىدە ئولتۇردى.

ئۇنىڭ بۇ قېتىممۇ ئاچچىقلاپ كەتمە-
گەنلىكىدىن كۆڭلۈم بىر ئاز تەسكىن تاپ-
قانىدى.

— مېنىڭچە بىزنىڭ ئۆيگە بىر كىرىپ-
چىقمىز بولاتتى.

— نېمىشقا ئۆيۈڭگە كىرگۈدەكمەن؟ -
دېدى كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

— ئالدىنقى قېتىم سىزنى ئۇچرىتىپلا
رەسىمىڭىزگە تولۇق قاراپ چىقتىم. قارى-
سام ئوڭ چىرايىڭىز سەل ئوخشىماي قاپتۇ.
شۇڭا سىزنى ئولتۇرغۇزۇپ تۈزىتىۋەتسەم...

— ئوڭ چىراي دېدىڭما؟ - دېدى ئۇ بىر-
دىنلا چۆچۈگەندەك قىلىپ، - ماۋۇ سارڭ
ئاغزىغا باقماي نېمانداق جۆيلۈيدىغاندۇ،
ئوڭ چىراي دېگەن بىر ئادەمنىڭ ئىستىق-
بالىنى بەلگىلەيدىغان تۇرسا سەن نېمىنى
چۈشىنەتتىڭ، - دېدى - دە، خالتىسىنى يۈدۈپ
تېز - تېز قەدەم تاشلاپ كېتىپ قالدى.

بۇ قېتىم ئاچچىقىمدا كەينىدىن يېرىپ
ئۇنى راسا بىر دەسسەپ، پەتىقلىۋەتكۈم
كېلىپ كەتتى. بىراق، يەنىلا «ئۇ سارڭ
ئوخشايدۇ. بىر دەم رەسىم دېگەن سۆزگە
ئاچچىقلاپ كەتسە، ئەمدى ئوڭ چىراي
دېگەنگە سەكرەپ كەتتى. بۇنداق سارڭنى
دەپ ۋاقتىمنى ئاۋارە قىلغاندىن كۆرە
ئۆيگە كىرىپ ئىشىمنى قىلاي» دېگەنلەر
بىلەن ئۆزۈمگە هاي بېرىپ، ئۆيگە كىرىپلا
ئۇنىڭ رەسىمىنى يىرتىپ تاشلىۋەتتىم.
ئىككى كۈنگىچە كوچا تەرەپكە قاراپمۇ قوي-
مىدىم. كۆڭلۈم بىر قىسىملا ئىدى، دائىم
دېگۈدەك «ئۇ مېنىڭ سەمىمىي دوستلىقىم-
نى قوبۇل قىلىش ئۇياندا تۇرسۇن مېنى
هاقارەتلەپ ئەجەب كۆزگە ئىلىپمۇ قويمى-
دى. رەسساملىق كىشىلەر نەپرەتلىنىدىغان
كەسىپمىدۇ - يا؟ دېگەندەك خىياللار يۈرى-
كىمنى ئېزىپ، ماڭا ئارام بەرمەيتتى. ئا-
خىرى ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر كۆرۈشۈپ
بېقىش قارارىغا كەلدىم.

ئۇ ئىككى ھەپتىگىچە كوچىدا پەقەتلا
كۆرۈنمىدى، ئۈچىنچى ھەپتىسى كوچىدا
يەنە پەيدا بولدى. مەن سەمىمىيلىك بى-
لەن ئۈچ - تۆت قېتىم ئالدىنى توسۇپ
سۆزلىشىش ئارقىلىق ئاخىرى ئۇنى ئۆزۈم-
گە قايىل قىلىپ، خېلى يېقىن دوستلاردىن
بولۇپ قالدۇق، ھەتتا بەزى گەپلەرنى تە-
كەللۇپسىز قىلىشىۋېرىدىغان بولدۇق. ئۇ-
نى سارڭ دېيىشكە ھەرگىزمۇ بولمايتتى.

بىر كۈنى ئۇنى ئۆيگە ئەكىردىم، چاي
ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن:

— توي قىلدىڭىزمۇ؟ دەپ سورىدىم.

— ياق تېخى.

— بىرەر يېقىن تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟

— ھەي! بار ئىدى، بىراق، ھەممىسى
كەمبەغەل بولغاچقا مەن ئۇلاردىن يۈز
ئۆرۈپ، ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم.

ئۇنىڭ بۇ جاۋابىغا ئىچ - ئىچىمدىن
قاقاقلاپ كۈلگۈم كەپ كەتتى. ئۆزى قەغەز
تېرىپ يۈرىدىغان بىر ئادەم خەقنى كەم-
بەغەل دەپ يۈز ئۆرۈيدۇم دېسە كىشىنىڭمۇ
كۈلگىسى كەلمەي تۇرالامسۇن؟ مەن ئاران
ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ:

— يېشىڭىز بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ،
توي قىلىشۋالسىڭىز بولماسمىتى؟ - دېدىم
ئۇنىڭغا چېقىشىپ.

— قىلىشۋالىمەن، سۆيگۈنىمنىڭ رەس-
مىنى تولۇقلىشۋالساملا چوقۇم توي قىلى-
ۋالىمەن، - دېدى ئۇلۇغ بىر تىنىپ.

— ۋاھ! جانابىڭىزنىڭمۇ سۆيگۈنى بار

ئىكەن - دە، ئۇ قانداق رەسىم، ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، - دېدىم ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ،

— مەندە بىر يىرتىۋېتىلگەن رەسىم بار. مېنىڭ يېرىم يىلدىن بۇيان قەغەز تېرىپ يۈرگىنىم بىكار ئەمەس. مەندە ئۇنىڭ ئۈچ پارچىسى بار. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ يەنە بىر پارچىسى يوقىلىپ كەتكەن، مەن شۇنى تېپىۋالساملا تويۇمنى ئوينايتتىم.

— ماڭا قاراڭ، مەن بىر رەسسام، ئۇنىڭ تەرىپىنى مەن، سىزىپ بەرسەممۇ بولىدۇ. سىز ماڭا رەسىم ۋەقەسىنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز ياردىمىم تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، - دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

ئۇ بىر ھازا جىم ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— سىزغان بىلەن بىكار، مەن ئۆزۈم ئەجىر قىلىپ تاپمىسام بولمايدۇ. ياردەم مەسىلىسىگە كەلسەك، سىلەر بايلار ئون ياكى يىگىرمە رۇپىيىنى تۇتقۇزۇپ، مانا بۇ ياردەم، يولىڭىزغا ماڭسىڭىز بولىدۇ دەپلا تۈگىتىسىلەر. لېكىن، مەن سىزنى ئۇنداق چۈشەنمەيمەن. سىزنى ئۆز دوستۇم دەپ بىلىپ بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي. شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، ماڭا ھېچقانداق ياردەم كېرەك ئەمەس، - دېدى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— مەن بىر كەمبەغەل شائىر ئىدىم. بەلكىم ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئىسمىم سابىر شەكىب، مېنىڭ بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا ئون پارچىدىن كۆپرەك شېئىر توپلىمىم ئېلان قىلىنغان.

— ھەئە، ئاڭلىغان. ئەسلىدە سىز ئاشۇ داڭلىق شائىر ئىكەنسىز - دە؟ - دېدىم ئۇنىڭغا تەئەججۈپلىنىپ قاراپ.

— مۇشۇ يېقىنقى يىللاردىلا مېنىڭ نامىم چىققان. بارلىق كىشىلەر مەن بىلەن بىر يۈز كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. قىزلارمۇ ئەتراپىمغا پەرۋانىلاردەك ئولىشىپ دەپتەرلىرىگە ئىمزا قويدۇرۇشاتتى. دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى ئەدەبىي بەزمىلەرگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىناتتىم. ھەر بىر ئورۇندا نەچچىلىگەن ئاپپاراتلار ماڭا قادىلاتتى. ئاساسلىقى پۈتۈن بايلىقىم شېئىرلىرىم ئىدى.

بىر كۈنى دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن پەنجاپ داشۆسىدە چاقىرىلغان شېئىرىيەت بەزمىسىگە قاتناشتىم. كىشىلەر ھەر قېتىمقىدىنمۇ بۇ قېتىم كۆپ كەلگەنىدى. ماڭا نۆۋەت كېلىپ سەھنىدە «ھاياتىم» دېگەن شېئىرىمنى دېكلاماتسىيە قىلىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز كۆزلىرىم ماڭا تىكىلىپ ئولتۇرغان بىر قىزغا مەركەزلەشتى. ئۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، گۈزەل دېگەن تەرىپ ئۇنىڭغا ئازلىق قىلاتتى. ئۆزۈم توختىماي شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقان بولساممۇ، كۆزلىرىم ئاللىبۇرۇن ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئاشۇ بىر جۈپ بۇلاقتەك كۆزلەرگە چۆكۈپ كەتكەنىدى.

بۇ قېتىمقى بەزمە ئاخىرلىشىپ، بىر مۇنچە ياشلار مېنى ئورىۋېلىپ ئىمزا قويدۇرۇشقا باشلىدى. قوللىرىم ئىمزا قويۇۋاتقىنى بىلەن زېھنىم ئاشۇ قىزدا ئىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ قىزمۇ بىر خاتىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئىمزا قويۇپ بېرىشىمنى سورىدى. ئۆزۈممۇ بىلەلمەي قالدىم، ماڭا قەيەردىن كەلگەن جۈرئەت ئىكىن - تاڭ؟ ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ ئۆز ئىسمىغا ئۇلاپ يېزىپ قويدۇم. ئۇ بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن يوشۇرۇنچە بىر ۋاراقنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئاستا كېتىپ قالدى. ئەگەر مەكتەپ مۇدىرى

مېنى تاماققا ئېلىپ ماڭمىغان بولسا، چوقۇم كەينىمدىن چېكىنىپ قالغان بولاتتىم. تاماقتىن كېيىن قەغەزگە قارىسام ئۇنىڭ ئادرېسى يېزىلغان ئىكەن، قەلبىم خۇددى بىر نەچچە كۈن، كۈن تۇتۇلۇپ بىردىنلا ئاپتاپ چىققاندەك ۋىللىدە يورۇپ كەتتى. شادلىقىم مېنى ئۇنىڭ تۇۋلىۋېلىشقا، بالىلاردەك سەكرىۋېلىشقا قىستايتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇ كۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ خۇشاللىنارلىق كۈن بولدى. قەلبىمنى قانداقتۇر بىر شادلىق غىدىقلاپ بىر كېچىنى ئاران ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى سەھەردىلا ئادرېس بويىچە قىزنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردىم.

ئۇلار مېنى ناھايىتىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالدى. قىزنىڭ دادىسى بىر كارخانىچى بولۇپ، قانداق جاپالارنى چېكىپ بۇ كارخانىنى قۇرغانلىقىنى، ئاساسلىقى پۇل تېپىشتىكى ماھارىتىنى قىزغىن سۆزلەپ بەردى. بىز خېلى ئۇزۇنغىچە ھەر قايسى تېمىلاردا توختىماي سۆزلىشىپ، كەچكە يېقىن قايتىپ كەتتىم. بىزنىڭ بۇ تۇنجى ئۇچرىشىشىمىز يەنە نەچچە ئون قېتىم ئۇچرىشىشقا ئاساس سالدى.

ئۇ قىزدىن شېئىرىيەتكە بولغان قىزىقىشىنىلا ئەمەس، بەلكى بىر تولۇق كۆز قاراشنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بىز كۆپ ھاللاردا ئۆز ئارا شېئىرىيەت ھەققىدە تالاش-تارتىش ئېلىپ باراتتۇق، بىرگە ئويناپ، بىرگە كۈلەتتۇق. مەن ئاستا-ئاستا بۇ دوستلۇقنىڭ مۇھەببەتكە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئەسەرلىرىمدىمۇ بۆلەكچە ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئوماقلىق، كۆزلىرىدىكى ياۋاشلىق، سۆزلىرىدىكى يۇمشاقلىق، ئۇنىڭ كىرپىكلىرى، ساددىلىقى، چىنلىقى ... ئىشقىلىپ ئۇنىڭدا بارلىقىنى خۇسۇسىيەتلەر شېئىرلىرىمنىڭ ئاساسلىق تېمىسىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇمۇ مۇھەببىتىمنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى ئوبدان بىلەتتى. بىز ھەتتا بىرگە ياشاپ، بىرگە ئۆلۈشكە قەسەم ئىچىشتۇق، توي قىلىش قارارىغا كەلدۇق. ئاتا-ئانام بولمىغاندىن كېيىن دادىسى ئالدىغا ئۆزۈم بېرىشقا توغرا كەلدى. دادىسى ماڭا:

— سىز بىر نامدار شائىر، جەمئىيىتىمىزنىڭ قەيەردىن قەيەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سىز ئوبدان بىلىسىز. مېنىڭچە ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز لايىقىنى تېپىشى، ھەرگىزمۇ ئېگىز يەرلەرگە ئېسىلماسلىقى كېرەك، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

مەنمۇ ئۇنىڭ پاختىغا ئورالغان توقماقتەك سۆزلىرىگە جاۋاب بەرمەي تۇرالمىدىم:

— توغرا ئېيتتىڭىز، مەن بىر كەمبەغەل شائىرمەن، لېكىن، مۇھەببەتتە ئېگىز-پەسلىك دېگەن گەپ بولمايدۇ. قىزىڭىزمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىنسان ئۈچۈن دۇنيادا بەلكىم ياخشى كۆرگەن نەرسىگە ئېرىشىشتىنمۇ چوڭ بەختيوقتۇ...

— قوي، ئۇنداق بەخت-پەختلىرىڭنى، ئەيش-ئىشرەت، ئويۇن-تاماشىنىڭ ئۆزى بەخت. بۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۇل كېرەك، پۇل!

— سىز ئەگەر پۇلى بار دەپ قىزىڭىزنى ياشقا بىرسىگە ياتلىق قىلسىڭىز ئۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. قەلبىگە ئالماس بۇرۇن قولۇپ سېلىنغان بولىدۇ — دە، خۇددى بىر تىرىك جەسەتتەك كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم ئەبلەخ، قىزىمغا قارىغىش ياغدۇرۇشقا قانداق پېتىندىڭ؟!—

دەپىلا بىر تەستەك ئۇردى، ئاندىن
خىزمەتكارلىرىنى چاقىرىپ دېنىنى ئۆيدىن
قوغلىۋېتىشكە بۇيرۇپ ئۆزى بىر ئۆيگە
كىرىپ كەتتى.

مەن خىزمەتكارلار كېلىپ بولغىچە ئۇيـ
دۇرماستىن شىرە ئۈستىدىكى قەلەم ئاپـ
تىپىمىنىڭ ئورنىنى ئۆگىرىلىۋېلىپ، ئۆيـ
دىن چىقىپ كەتتىم.

شۇ چاغدا مېنىڭ قانچىلىك ئازابلانـ
غانلىقىمنى سىز ئوبدان چۈشىنەلەيسىز.
يا يېيىشكە، يا ئىچىشكە كۆڭلۈم قىيمايتتـ
تى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا مەن خۇدـ
دى بىر نەچچە ئايلىق كېسەلدەكلا ھالغا
چۈشۈپ قالدىم. ئىزا ـ ئاھانەت ۋەجىدىن
بولسا كېرەك، ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى كۆرـ
رۈشنىمۇ خالىمايتتىم. بىراق، ئەجەبلىـ
نەرلىكى شۇكى، ئۇ شۇنچە ئاي ئۆتتۈپمۇ
ئەھۋالىمنى سورىغىلى كېلىپمۇ قويمىدى.
مەن نەچچە ئايغىچە كېسەل ياتقان بولـ
سامۇ ھەر قايسى ئەدەبىي يىغىلىشلارغا
ئۇنىمۇ كېلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە
قاتنىشىپ تۇردۇم. ئۇ خۇددى قەلب شادـ
لىقىمنى ۋە قىلىپ كەتكەندەكلا يوقىلىپ كەتتى،
زادىلا كۆرۈنمەيتتى.

ــ بىر كۈنى كۈتۈلمىگەندە ئۇ ئۆيۈمدە
پەيدا بولدى. ئۆي ئىچىدىكى قالايمىقانـ
چىلىق، چېچىلىپ ياتقان كىتاب ـ قەغەزـ
لەر ۋە چىرايىمدىكى ۋەيرانلىقىغا قاراپ،
تىترەك باسقان ئاۋاز بىلەن:

ــ مەن بىلەتتىم، سىزنىڭ مۇشۇ ھالغا
چۈشۈپ قالىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، ـ
دېدى. كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش
لىپىلدە ئېقىپ ئېڭىكىگە چۈشتى.

ــ بىرسىنىڭ يولىڭىزغا تۆت كۆزى بىلەن
قاراۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئەمدى
كەلدىڭىزمۇ ؟ ـ دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

ــ ئامالسىزلىق.

ــ سىز شۇنچە ئەركىنغۇ، يەنە نېمە
ئامالسىزلىق ئىكەن؟

ــ خۇددى سىزگە ئوخشاش ئەخلاقـ
پەزىلەتنىڭ قولىدا ئامالسىزمەن. سىز
خالىسىڭىز ئۆيدىن رەسمىي ئەمەس مېـ
نىلا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولاتتىڭىز. لېكىن،
سىزمۇ ئاشۇ ئەخلاقنىڭ قولىدا ئامالسىز
ئىدىڭىز، مەنمۇ ئەلۋەتتە كىچىكىمدىن
ئانامنىڭ يوقلۇقىنى سەزدۈرمەي ماڭا
ھەم ئانا ھەم ئاتا بولۇپ، مېنى مۇشۇنـ
چىلىك تەربىيىلىگەن ئاشۇ جاپاكەش داـ
دامنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلالمايمەن ـ دە!

ــ ئۇنداقتا بۈگۈنچۇ؟

ــ بۈگۈن، ئۇ بىردىنلا كۆزلىرىدىن
ئىختىيارسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى
سۈرتۈپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى:

ــ بۈگۈن مەن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇـ
مەن، شۇڭلاشقا دادام ئەڭ ئاخىرقى پىكـ
رىمگە قوشۇلدى.

ــ نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟

ــ چۈنكى مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىـ
دە تويۇم بولماقچى، مەن ئۆچۈن ئېلىپ
ئېيتقاندا بۇ توي ئەمەس، بەلكى شەكلى
ئۆزگەرگەن بىر جەسەت ئۇزىتىش
مۇراسىمى.

ــ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس ! مەن بىـ
لىمەن سىز قوشۇلمايسىز.

ــ مەندىمۇ ئامال يوق، قوشۇلمىسام
دادام ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

ــ ئەگەر قوشۇلسىڭىز مەنمۇ ئۆزۈمنى
ئۆلتۈرۈۋالىمەن: ئېرىشەلمەكچى بولغان
بەختكە ئېرىشەلمىسەم، بۇ ھاياتنىڭ ماـ
ڭا نېمە ئەھمىيىتى ؟

ــ ياق، ئۇنداق دېمەڭ، ئۇ دەرھال

قولى بىلەن ئاغزىمنى ئېتىۋېلىپ:

— مەن بىلمەيمەن، سىز ئۇنداق قىلمايسىز، مەن ئۈچۈن بولسىمۇ ياشىشىڭىز كېرەك. ماڭا ۋەدە بېرىڭ، ئاداققىچە ياشاشقا ۋەدە بېرىڭ. ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ، مەندەك بىر جەسەتنى ئوتقا ئىتتىرمەكچىمۇ؟ مېنى ئۇنداق ۋىجدان ئازابىدا پۇچىلايمەن دېمەك ياكى بولمىسا ئالدى بىلەن مېنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۆلۈۋېلىڭ، — دېدى هۆكرەپ يىغلاپ.

ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆينى تازىلاپ، كىتابلىرىمنى رەتلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن مېنى هايات ياشاشقا ئۈندىگەچ چاي دەملەشكە كىرىشىپ كەتتى.

بىز بىر هازا چاي ئىچىپ ئۈن — تىنسىز ئولتۇردۇق. ئۇ بىردىنلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، شىرە ئۈستىدىكى ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىپ:

— مېنىڭچە ئەمدى بۇ رەسىم بۇ يەردە تۇرسا بولمايدۇ. مەن بىر ئاجىز ئايال تۇرۇقلۇق بىرلا ۋاقىتتا قانداقمۇ ئىككى ئۆيدە تۇرالايمەن، مەن قايسى ئۆيدە بولىدىكەنمەن رەسىمىممۇ شۇ يەردە بولۇشى كېرەك، — دېدى، لەپپىدە قاراپ.

— سىزدىن مەهرۇم قالغىنىمنى ئاز دەپ يەنە بۇ رەسىمنىمۇ مەندىن ئايرىۋېتەي دەمسىز، مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن.

— ياق شەكىب، سىز خاتالىشىۋاتىسىز، قەلبىڭىزدە، ۋۇجۇدىڭىزدا، تومۇرلىرىڭىزدا ئېقىۋاتقان هەر بىر تامچە قېنىڭىزدا مەن بار. تېنىم، جىسمىم باشقا بىرسىنىڭ بولسىمۇ روهىم سىزگە تەئەللۇق. شۇڭلاشقا بۇنى هەرگىزمۇ مەهرۇملۇق دېگىلى بولمايدۇ. بۇ دۇنيادا بىرگە بولالمىغىنىمىز بىلەن ئۇ دۇنيادا چوقۇم بىرگە بولىمىز، — دېدى — دە، رەسىمنى كاپلا ئېلىپ يۈگۈرگىنىچە خوشمۇ دېمەي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

مەن هوشۇمنى يىغىپ كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىققان بولسامۇ ئۇ هېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. يەرگە قارىسام رەسىمنىڭ يىرتىلغان بىر پارچىسى تۇراتتى. مەن دەرهال باشقا پارچىلىرىنىمۇ ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتىم. خېلى ئۇزۇن يول يۈگۈرۈپ ئاختۇرۇش ئارقىلىق جەمئىي ئۈچ پارچىسىنى تاپتىم. يەنە بىر پارچىسىنى تا بۈگۈنگە قەدەر قەغەز تېرىپ يۈرۈپمۇ تاپالمايۋاتىمەن. رەسىم ۋەقەسى مانا مۇشۇ، — دېدى كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

بۇ ۋەقە ئىنتايىن تەسىرلىك ئېيتىلغان بولۇپ، ئاڭلىغىچە بەدەنلىرىم جىغىلدىماي تۇرالمىدى. شۇنچە تالانتلىق ياش شائىرنىڭ مۇهەببەت قولىدا ئامالسىز قەغەز تېرىشكە كىرىشىپ كەتكەنلىكىگە راستىنلا ئىچىم سىيرىلاتتى.

— ئۇنداقتا سىز ئۇ قىزنى قايتا ئىزدىمىدىڭىزمۇ؟ — سورىدىم تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ.

— ئىزلىگەنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇ بەرىبىر قايتىپ كەلمەيدۇ — دە، مەن ئاشۇ رەسىمنىڭ يەنە بىر پارچىسىنى تاپسام، ئاندىن قايتىپ كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن «مەن بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئۆيدە تۇرالمايمەن» دېگەن، — دېدى بىر ئۇھ تارتىپ.

بىز خېلى ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇپ ئۇ كەچكە يېقىن قايتىپ كەتتى. مەن بۇ ۋەقەنى ئايالىمغا ئېيتىپ بەرمەي تۇرالمىدىم. ئۇ ۋەقەنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى توختىتالمىغان بولسا كېرەك، هۆكرەپ يىغلىغىنىچە يۈگۈرۈپ ئۇدۇلقى ئۆيگە

كېرىپ كەتتى. مەنمۇ دەرھال ئارقىدىن كېرىپ ئۇنى بەزلەشكە باشلىدىم.

— بولدى قىلىڭ ئەمدى، بۇ ۋەقە راستىنلا ئادەمنىڭ يىغىسىنى كەلتۈرىدىكەن. بىراق، سىزنىڭ گۆدەك بالىلاردەك يىغلاپ كەتكىنىڭىز نېمەسى؟ مەن بىلىمەن، سىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرۇپ تازا سىقىلغان ئىدىڭىز، ئىچ پۇشۇقىڭىزنى ئەمدى كۆزىڭىزدىن ئېلىۋاتىسىز. يۇرۇڭ سىرتلارنى ئايلىنىپ كىرەيلى! — دېدىم ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ.

ئۇ ئەزەلدىن سۆزۈمنى رەت قىلىپ باقمىغاچقا دەرھال ماقۇل بولدى. مەن ماشىنىنى ئوت ئالدۇرغاچ:

— سىز زادى كىمگە شۇنچە ئىچ ئاغرىتىپ كەتتىڭىز؟ — سورىدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

— ئاشۇ بىچارە قىزغا، ئۇ ھىجران ئازابىنى يەتكىچە تارتقاندۇ، يولدىشى ئالدىدا يالغاندىن كۈلۈپ قانداقمۇ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقاندۇ؟ بۇنى سىز چۈشەنمەيسىز، — دېدى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

بىز بازارلارنى ئايلىنىپ، كەچلىك تاماقنىمۇ سىرتتا يەپ، خېلى كەچ ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق، يولدا ئايالىم:

— مەن بىر ئىشنى ئويلىنىپ قېلىۋاتىمەن. كىشىلەرگە ھېكايە سۆزلەپ بېرىدىغان مۇنداق ئادەملەر كۆپىنچە ئوغرى ياكى ئالدامچى كېلىدۇ. شېرىن سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ، دوست بولۇۋېلىپ، ئاخىرىدا بىرەر نەرسىنى ئوغرىلاپ قاچىدۇ. ئۇنى ئەمدى قايتا ئۆيگە ئەكىرمەڭ، — دېدى ماڭا تىكىلىپ.

— ياق، سىز ئۇنى چۈشەنمەيسىز، بىچارىنىڭ كېرىكى پەقەت ھېسداشلىق. دەردىنى تۆكۈپ بېرىدىغان دوست تاپقانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ ئىش. مېنىڭ كۆپ ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالىمايدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىسىزغۇ. ئۇنىڭ راستچىللىقى كۆزۈنۈپلا تۇرسا، مەن ئاشۇنداق چىن ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلماي، كىم بىلەن ئالاقە قىلاي؟ — دېدىم ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

— ياق، مېنىڭ بۇرنۇمغا پۇراپلا تۇرىدۇ. ئۇنى يەنە ئۆيگە ئەكىرسىڭىز ئۆيىمىزدە چوقۇم چوڭ بىر ئوغرىلىق يۈز بېرىدۇ. مەن خۇش بولاي ئۇنى ئۆيگە ئەكىرمەڭ...

— مەن قاچان ئەكىرىپتىمەن، بىر-ئىككى ئايدا بىر قېتىم كېلىپ قويىدۇ. ئولتۇرسىمۇ بىرەر سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇرمايدۇ. سىز خۇش بولمىدىغان بولسىڭىز مەن ئاستا-ئاستا مۇشۇ ئاي ئىچىدە مۇناسىۋىتىمنى ئۈزەي، — دېدىم ئۇنى تىنچلاندۇرۇپ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ، بىر كۈنى ئايالىمنىڭ كونا بىر رەسىمىنى نەقىل قىلىپ سىزىۋاتقاندا ئۇ يەنە كەلدى. رەسىم ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈپ ئۇنىڭ چىرايىلا قالغانىدى.

بىز قىزغىن كۆرۈشۈپ، سالام-سائەت قىلىشتۇق، ئۇ دائىملىق ئادىتى بويىچە:

— سىز ئاۋۋال ئىشىڭىز بولسا پۈتتۈرۈڭ، ئاندىن سۆزلىشەيلى! — دېدى-دە، بىر بۇلۇڭغا بېرىپ كىتاب كۆرۈپ ئولتۇردى.

مەن تېز-تېز ئىشلەپ رەسىمنى تولۇق پۈتكۈزگەندىن كېيىن چاي ئەكىرىش ئۈچۈن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتىم.

— كىم كەپتۇ؟ — سورىدى ئايالىم.

— كىم بولاتتى ھېلىقى بىچارە شائىر.

— يەنە نېمە دەپ كەپتۇ؟

— نېمە دەپ كېلەتتى. مەن بىلەن

بىردەم سۆزلەشكىلى شۇ؟
— ئۇلداقتا مەن چاي‌دەملەپ بەرمەيـ
مەن. ئۇ ئوغرىنى تېز يولغا سېلىڭ، دېـ
دى ماڭا قاراپ.
— نېمە؟ ئۆيگە كىرگەن مېھماننى قانـ
داق قوغلاپ چىقىرىۋەتكىلى بولسۇن؟
بىردەم ئولتۇرۇپ‌چىقىپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا
ئۇنچە قىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.
— بولدى، بولدى، مانا چاي. بىچاـ
رىنىڭ قورسىقىمۇ ئېچىپ قالـغاندۇ، مەن
تاماق قىلىپ بېرەي،— دېدى ئۇ كۈلۈپ.
— مانا، بىردەم‌كىشىنى‌تىللاپ كېتىمىز،
بىردەم ئىچ ئاغرىتىپ تاماق قىلىپ بەرـ
گىڭىز كېلىپ كېتىدۇ. سىزنىزە ... دېگىـ
نىمچە پەسكە چۈشتۈم، قارىسام شەكـىب
ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇياق - بۇياقـلارغا
قارىدىم، سىرتقىمۇ چىقىپ باقتىم. يەنىلا
ئۇ ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. ئىككىمىزـ
نىڭ قىلىشقان سۆزلىرىمىزنى ئاڭلاپ قېـ
لىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز شۇنچە
ئاستا سۆزلەشكەنىدۇق. تۇيۇقسىز كۆزـ
لىرىم تېخى ئەمدىلا سىزىپ پۈتتۈرگەن
ئايالىمنىڭ رەسىمىگە چۈشتى.
رەسىم يىرتىلغان بولۇپ، چىراـ
يىنىڭ ئوڭ تەرىپى يوق ئىدى.
ئىچىمدە ئۇ سارائىنى مىڭنى تىللاپ ئۇسـ
تىگە چىقىپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي بۇ ئىشـ
نى ئايالىمغا سۆزلەپ بەرگىنىمدە دەرھال
رەسىم ۋەقەسى ئېسىمگە چۈشتى. مەن ئاـ
يالىمغا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن سىرتقا چىـ
قىپ قاراپ بېقىشنى سەۋەب‌قىلىپ ئۆيدىن
چىقتىم. ئايالىممۇ جىملا بولۇپ كەتتى.
سىرتتا بۇ ئىشنى ئايالىمغا ئالدىراقسانـ
لىق‌قىلىپ‌دەپ‌سالغان خاتالىقىم‌يۈرىكىمنى
كوچىلايتتى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئائىلە
تۇرمۇشۇم قانداق بولار؟ ئايالىم ئەمدي
ماڭا قانداقمۇ تىكىلىپ قارالىسۇن؟ چېـ
نىپ قالغان ئىشنى ئەمدى بىلمەسكە سېـ
لىۋالغىلى بولمايدۇ، دېگەنىدەك ھەر خىل
ۋەھىمىلىك سوغۇق خىيالـلار مەندىن زاـ
دىلا نېرى بولمايتتى. بەدەنلىرىمنى تىتـ
رەك بېسىپ، يۈرىكىمنىڭ ھەرىكىتى تېزـ
لىشىپ كەتكەنىدى. مەن‌خۇددى چۈشتىن
ئويغانغاندەك ئۆزۈمنى بىر سىلكىپ چوڭ
قەدەم تاشلاپ‌ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. ئۆيگە
كىرىپ ئايالىمنى چاقىرسام ئاۋازى چىقـ
مايتتى.مەن تاماقخانا، قىرائەتخانىلارنى
ئىزلەپ، ياتاق ئۆيگە كىردىم. ئۇ كارىـ
ۋاتتا ئۇزۇلۇپ ياتقـان بـولۇپ خـۇددى
بىرسى ئۇنىڭ‌ئوڭ چىرايىنى ئوغرىلىۋالـ
ماقچى بولۇپ‌كەسكەندەك تېخى قېنى قاتـ
مىغان ئۇزۇن بىـر جاراھەت سىزىقى چىـ
رايىدا ئەينەن‌كۆرۈنۈپ تۇراتتى.قىزىتمىـ
سىمۇ دەرىجىدىن‌تاشقىرى ئېشىپ كەتكەن
بولۇپ، تېز - تېز نەپەس ئالماقتا ئىدى.
مەن دەرھـال تېلېفون بېرىپ دوختۇر
چاقىردىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي دوخـ
تۇرمۇ‌يېتىپ‌كەلدى. ئۇقىزىتماچۈشۈرىدىغان
ئوكۇل ئۇرۇپ، چىرايىدىكى جـاراھەتنى
تاڭدى. مەن تاقەتسىزلىنىپ تۇرالمايۋاـ
تاتتىم. دوختۇر ئـۇن - تىنسىز نەرسەـ
كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېـ
يىن ئاستا مۇرەمنى نوقۇپ:
— خاتىرجەم‌بولۇڭ، چوڭ چاتاق يوق،
ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن تولۇق ساقىـ
يىپ كېتىدۇ. بىراق، ئـەپسۇسلىنارلىقى
سىزدەك بىر سەنئەتكارنىڭ ئايالىغا تۇتـ
قان قوپال پوزىتسىيىسى، دېدى-دە، ماڭا
ئالىيىپ بىرقاراپ ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ
چىقىپ كەتتى.
مەن كارىۋات يېنىدا ئولتۇرۇپ بىر كېـ
چىنى ئۈن- تىنسىز ئەلەم بىلەن ئۆتكۈزـ

دۇم. ئەتىسى سەھەردىلا خاتىرجەم بولالـ
ماي بالنىستقا ئالدۇردۇم. بىراق، قىزنىڭ ئىـ
سسى ھېچ پەسلىمەيتتى. كۆرسەتمىگەن
دوختۇر قالمىدى، يەنىلا ئۈنۈمى بولمىدى.
ئۇ بىر نەچچە كۈندە بىر قېتىملا كۆزىنى
ئاچاتتى، مېنى كۆرسىلا ياش قەتىرلىرى
دومىلاپ چۈشكەن مارجاندەك يۈزلىرىدە
ئېقىپ توختىمايتتى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ بىر كۈنى سا-
ئەت 12 لەردە تاماق ئەكىرسەم ئۇ بالىنىستـ
تا يوق ئىدى. ئىزلىمىگەن، ئاقتۇرمىغان
يەرلەر قالمىدى. بىراق، ئۇنى ھېچيەرـ
دىن تاپالمىدىم. ئۇ سارالڭ شائىر «ئۇ
ئىككى ئۆيدە بىرلا ۋاقىتتا تۇرالمايدۇ.
رەسىمنى تولۇقلىۋالسىلا چوقۇم قايتىپ
كېلىدۇ» دەپ راست ئېيتىپتىكەن، مانا
ئەمدى ئۇ قايتىپ كەتتى. ماڭا ئاشۇ پىرـ
تىلغان رەسىمنى قالدۇرۇپ كەتتى. مەن
ئەمدى ئۇنىڭ چىراينى قەيەردىن ئىزلەرـ
مەن؟ ئۆزۈم سىزىۋالغىنىم بىلەن ئەسلىـ
دىكى چىنلىقنى قەيەردىن ئەكىلەرمەن؟
خەير، بۇمۇ بىر تەقدىر. تەقدىر قەيەردىنـ
دۇر ئۇشا ئىرنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ بەختـ
كە يەتكۈزدى. مەنچۇ؟ مەن بەختىمدىن
مەھرۇم قالدىممۇ؟ ياق مەھرۇم قالغىنىم
يوق، مەن باشقا بىر بەختكە، دۇنيادىـ
كى ئەڭ چوڭ شەرەپكە ئېرىشتىم. مېنىڭ
كۆلۈشۈم كېرەك. ئاشۇ ئەخلەت دۆۋىسىـ
گە كۆمۈلۈپ كەتكەن سۆيۈملۈك، تالانتلىق
شائىرنىڭ قايتىدىن شېئىرىيەت سەھنىسىـ
دە كۆرۈنۈشى ئۈچۈن كۈلۈشۈم كېرەك.
ئاشۇ بىچارە، قانائەتچان، بىتەلەي قىزـ
نىڭ ھەقىقىي كۈلەلىگەنلىكى ئۈچۈن كۈـ
لۈشۈم كېرەك.

توغرا مەن كۈلىمەن، شادلىنىمەن.
قېنى-دوستلىرىم سىلەرمۇ كۈلۈڭلار، ئۇ جاـ
پاكەش بىچارىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قاراپ
شادلىنىڭلار... شادلىنىڭلار، دوستلىرۇم شادـ
لىنىڭلار!

(ئوردۇچە «نادىر ئەسەرلەر توپلىمى»
نىڭ 1992 ـ يىللىق 10 ـ سانىدىن)

(بېشى 123 ـ بەتتە)

— ھۇ قېرى، بۇرژۇئازىيىنىڭ شاپتۇلىنى سېتىپ كىشىلەرنى زەھەرلىمەكچىمىسەن؟ ـ دەپ تارتىۋاپتۇ.

كەچقۇرۇناۋقى سەلەي توختى «سېۋەتنى بولىسىمۇ بېرەر» دەپ ئۇلارنىڭ ئىدارىسىغا كىرسە، جۇسا دۈيدىكىلەر شاپتۇل يېگىلى تۇرۇشقانىكەن. سەلەي توختى بۇنى كۆرۈپ دەپتۇ:

— ھەببەللى، يىگىتلەر، بۇرژۇئازىيىنىڭ مېۋىسىنى ئاسما زىندانغا سولاپ جازالىغىلى تۇرۇپسىلەر ـ دە؟...

## ئۆزۈمنىڭ ئامۇتى

بىر كۈنى سەلەي توختى بازاردا ئامۇت سېتىپ ئولتۇرسا بىر توپ ئىسيانچىلار كېلىپ:

— ھۇ قېرى! نېمە ئۈچۈن بۇ قىزىللاشقان بازاردا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئامۇتىنى ساتىسەن؟ دەپ سوراق قىپتۇ.

— يوقسۇ، ـ دەپتۇ، سەلەي توختى جاۋاب بېرىپ، ـ بۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئامۇتى ئەمەس، قالدۇرۇق بېغىمدىن چىققان ئۆزۈمنىڭ ئامۇتى.

(پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبويا يېزا ئاپئاقخوجا 15 ـ كەنت 2 ـ مەھەللىدىن ئىبرايىم ئېلى، ئابدۇرىشىت موللاقلار توپلاپ رەتلىگەن).

# سەلەي توختى لەتىپىلىرى

## دەمدادەك سايرىغىنى

بىر كۈنى سەلەي توختى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرسە ئەر ـ خوتۇن تەگىشىۋاتقانىكەن. خوتۇنى:

ــ قارىڭا سەلىياخۇن، قېرىغان چېغىدىمۇ تاماكا چېكىشنى تاشلىماي قوغۇنلۇققا باغلاپ قويغان ئىتتەك يۆتەلگىنىنى، ـ دەپتۇ كايىپ.

ــ ئۇنداق دىمەڭ، ـ دەپتۇ سەلەي توختى خوتۇنغا تەسەللىي بەرگەن قىياپەتتە، ـ ئېرىڭىزنىڭ تېلىقىپ يۆتەلگىنى ئىتتەك قاۋىغىنى ئەمەس، خوتۇنىدىن دەمدىرىدەك سايرىغىنى.

## كۆڭلىدىكىدەك بوپتۇ

مەھەللىدە بەكمۇ ئىچى تار، ھەسەتخور بىر كىشى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، جامائەت ئۇ كىشىنىڭ جەسىتىنى گۆرۋستانلىققا ئېلىپ بېرىپ گۆرىگە قويۇۋاتسا، ئارىدىن بىرەيلەن: «يەرلىكى بەك تار كولىنىپ قاپتۇ» دەپتۇ. يېقىنلا يەردە ئولتۇرغان سەلەي توختى ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ:

ــ يەرلىك رەھمەتلىكنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بوپتۇ.

## كۆيۈپ كەتمەمدۇ؟

سەلەي توختى جامائەت بىلەن بازاردىن قايتىپ كېلىۋاتسا، يول ئۈستىدە سادىر بىر دېھقان بىلەن قوشنا مەھەللىدىكى جازانىخور ھەدەپ تاكاللىشىۋاتقۇدەك، دېھقان: «كۈزدە ساقلاپ بېرىمەن دەپ ئالغان ھېلىقى پۇلۇمنى بەر!» دېسە، جازانىخور: «سەندىن قاچان پۇل ئاپتىمەن؟» دەپ تېنىۋالغانىكەن، جامائەت جازانىخورنىڭ قارا نىيىتىنى بىلگەچكە دېھقانغا سالاھ قىلىشىپتۇ.

ــ بوپتۇ قىلغىن، ئۇ پۇلۇڭ بۇ ئالەمدە ئەسقاتمىسا ئۇ ئالەمدە چوقۇم ئەسقاتىدۇ. جازانىخورمۇ خۇدانىڭ ئالدىدا پۇل ئالمىدىم دەپ تېنىۋالالمايدۇ.

بۇ گەپلەرنى باشتىن ـ ئاخىر تىڭشاپ تۇرغان سەلەي توختى سۆز قىستۇرۇپتۇ:

ــ ئۇنداقتا بۇ كىشى پۇلۇمنى ئالمىدىم دەپ جازانىخورنىڭ يېنىغا بارسا، دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ كەتمەمدۇ؟

خەزىنە

## قانداق ماڭاتتىم

سەلەي توختىنىڭ لەقىمى «كودا» ئىكەن. بىر كۈنى «توخۇ» لەقەملىك بىر كىشى بازاردىن كېلىۋېتىپ چاقچاق قىپتۇ:

— سەلىياخۇن، كۇدىدەك يۇمىلىماي تۈزۈك ماڭمامسىز؟ سەلەي توختى ئۇلاپلا جاۋاب بېرىپتۇ:

—سەھەرباش«توخۇ»قىچقارغانىدا ماڭغىلى تۇرسام مۇشۇنداق ماڭماي قاندا ق ماڭاتتىم؟

### قەرزدىن قۇتۇلارمەن

بىر يىلى سەلەي توختىغا ئەترەتتىن قەرز چىقىپ، كادىرلار «قەرزنى بەر» دەپ قىستاپتۇ. سەلەي توختى ئۆيىدىن كەتمەننى ئېلىپ چىقىپ دەپتۇ:

— مۇشۇنى ئېلىڭلار.

— بىز قەرزىڭنى ھېسابلاپ كەتمەننى ئالساق، سەن نېمە چاپىسەن؟ - دەپ سوراپتۇ بىر كادىر. سەلەي توختى دەپتۇ:

— مۇشۇ كەتمەننى چېپىپ سىلەرگە قەرزدار بولۇپ قالدىم، ئېلىپ كەتسەڭلار قەرزدىن تايىنلىق قۇتۇلارمەن.

### سىلىگە باپ

بىر كۈنى سەلەي توختىنىڭ تولا گەپ قىلىدىغان ئاغىنىسى ھال ئېيتىپ:

— مېنىڭ خوتۇنۇم بىر مۆرىمەس، ئايدا بىر ئېغىز گەپ قىلمايدۇ - دەپتۇ. سەلەي توختى:

— بۇرادەر، سىلىدەك كاس - كاس ئەرگە ئاشۇنداق مۆرىمەس جىمغۇر خوتۇن بولمىسا بولمايدۇ - دە، دەپتۇ.

### بىلىكىم ئۈزۈلەي دېگەندە ئاندىن ئۈزۈلدى

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بەگنىڭ ئۆيىگە مېھمان كېلىپ قاپتۇ. مېھمانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، سەلەي توختى ئاخشىمى داستان ئېيتىپ بېرىپتۇ. ۋاقىت تۈن يېرىمدىن ئاشقان بولسىمۇ، بەگ يەنىلا سەلەي توختىنى زورلاۋېرىپتۇ. بىر چاغدا دۇتارنىڭ زىل تارىسى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. بەگ:

— سەلىياخۇن، ئەجەب ئاسانلا ئۈزۈلۈپ كەتتىغۇ دۇتارنىڭ تارىسى - دەپتۇ.

— بېگىم - دەپتۇ سەلەي توختى - ئاسان ئۈزۈلمىدى، بىلىكىم ئۈزۈلەي دېگەندە ئاندىن ئۈزۈلدى.

### پوستى قېلىن ئۆرۈك

سەلەي توختىنىڭ ئۆيىدىن تېخى تۈنۈگۈنلا بىر سېۋەت ئۆرۈكنى قاچىلاپ كەتكەن دوغا يەنە يوغان بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈپ بىر ئاغىنىسىنى باشلاپ كەپتۇ - دە:

— سەلىياخۇن، ئۆرۈك تۆگەپ كەتمىگەندۇ؟ - دەپ چاقچاق قىلغان بوپتۇ.

— ۋاي تۈگەمدىغان، قېنى، باغقا كىرىڭلار - دەپتۇ سەلەي توختى ئۆرۈكنى ئېغىتمۇۋېتىپ. دوغا قورسىقىنى تازا تويغۇزۇپ، بىرنى كېكىرىپتۇ - دە، سوراپتۇ:

— بۇرادەر، بۇ ئۆرۈك قىپقىزىل قىزىرىپ پىشىدىكەن، تەمىمۇ بولەكچىلا تاتلىقكەن، ئېيتىپ بېقىڭلار، بۇ زادى قانداق ئۆرۈك؟ سەلەي توختى:

ئۆزى رەڭدار كۆرۈنگىنىنى بىلسەن پوستى قېلىنراق، بىلمەن، ئۆرۈك، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**ئوغلىڭىزغا شاگىرت بېرەي**

سەلەي توختى نەۋرىسىنى بىرەر ھۈنەرلىك قىلىش مەقسىتىدە ئۆيدىكىلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىشىۋاتسا، تۇيۇقسىز ئۆيگە كىرىپ كەلگەن بىر قوشنىسى گەپكە ئارىلىشىپ:

— سەلەيكا، ھۈنەر تاللاپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ توپتوغرا قىمارۋازغىلا شاگىرت بېرىڭ، ئاسانراق ئۆگىنىدۇ، - دەپتۇ مەسخىرە قىلىپ. سەلەي توختى:

— ئۇنداقتا سىزنىڭ ئوغلىڭىزغىلا شاگىرت بەرسەم بولغۇدەك - دەپتۇ.

**خام يېگىلى تۇرۇپسىز**

— بىر بەڭگى كىشى سەلەي توختىدىن سوراپتۇ:

— سەلىياخۇن، ئوتتۇز يىلدىن بېرى، تاماكا چېكىپتىمەن، ئەمدى قېرىغان چېغىمدا ئۇنى تاشلاپ ناسىۋال چېكىۋاتىمەن، بوپتىمۇ؟

— ۋاي بوپتۇ، - دەپتۇ سەلەي توختى ئۇ كىشىنىڭ ئەخمەقلىقىغا تەئەججۈپلىنىپ، - تاماكا دېگەن نەھنى بۇرۇن پىشۇرۇپ يەپتىكەنسىز، ئەمدى خام يېگىلى تۇرۇپسىز.

**ئۆزلىرىنىڭ نىيىتىگە دۇئا قىلاي**

بىر كۈنى بىر چالا موللا سەلەي توختىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. سەلەي توختى ھۆرمەت بىلەن ئۆيگە باشلاپتۇ. ئۇ كىشى ئۇزۇن دۇئا قىلغاندىن كېيىن:

— چىرايلىرىدىن خېلى ئالىيجاناب كىشىدەك تۇردىلا، ماڭا ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىدىن بىرەرنى سەدىقە قىلسىلا، - دەپ ئېسىلىق تۇرغان ئۇزۇن چاپانغا كۆز تىكىپتۇ. سەلەي توختى بۇ كىشىنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى سېزىپ:

— ئاخۇنۇم، چاپاننى بەرسەممۇ بېرەي، ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ نىيىتىنىڭ توغرا بولۇشىغا بىر دۇئا قىلسىلا، - دەپتۇ.

**مەن ئېشىپ قالىمەن**

سەلەي توختى دادۇيدە «داشقال» ئاتىلىپ ئىشلەۋاتقان كۈنلەردە ئىش باشقۇرغۇچى ئېغىر ۋەزىپە بەرگەنلىكتىن ئىش تۈگىمەپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشلىق سەلەي توختىنى سوراق قىلىپ:

— نېمە ئۈچۈن بەرگەن ۋەزىپىنى تۈگەتمەي ئاشۇرۇپ قويدۇڭ؟ - دەپتۇ. سەلەي توختى:

— ئۆمرۈم يار بەرسە ۋەزىپىلىرىڭىز تۈگەپ كېتىپ تېخى مەن ئېشىپ قالىمەن، - دەپتۇ.

**ئالدى بىلەن كەينى تەڭ بارىدۇ**

سەلەي توختى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يېرىم يولدا ئاپتوبۇسنىڭ ئالـ

دىدىن بىر كىشى، ئارقا تەرەپتىن بىر كىشى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۆرە تۇرغان ئىككى ياش يىگىت تەڭلا ئالدى جوزىغا كېلىپ: «مەن ئولتۇرىمەن» دەپ تالىشىپتۇ. باشقىلار جاي بەرىسمۇ زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان سەلەي توختى ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— ئۇكام، نىمە ئۈچۈن بۇ جوزىنى تالىشىۋىرىسىلەر؟ ئۇلار ئىككىلىسى: «ئىشىمىز بەك ئالدىراش» دەپتۇ. سەلەي توختى ئۇلارغا دەپتۇ:

— ئۇنداق قىلمىساڭلارمۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى بىلەن كەينى تەڭ بارىدىغۇ؟

### باشلاپ كەلدىم

ئوما كۈنلەردە سەلەي توختى بىر بايغا مەدىكار بوپتۇ. بىر كۈنى كەچتە سەلەي توختى خاماندا ياتسا باي كېلىپ:

— هەي سەلەي، سەن هازىرلا بېرىپ ئۆستەڭدىن سۇ ئېچىپ باشلاپ كەلگىن، — دەپتۇ. سەلەي توختى سۇنى ئېچىپ كېلىپ خامانغا راسا قويۇپتۇ. سۇنىڭ شىلدىرلىشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان باي:

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ نېمانداق خاماننى سۇغا باستۇرۇۋەتتىڭ، — دەپتۇ ۋارقىراپ.

— باي ئاكا، — دەپتۇ سەلەي توختى، — ئۆزلىرى سۇنى باشلاپ كەل دىگەنتىلە ئەمەسمۇ؟ شۇڭلاشقا يانلىرىغا باشلاپ كەلدىم.

### تامنى باشقۇرامسىز

بىر كۈنى ئەترەت باشلىقى ئەزالارنى يىغىپ قاتتىق كايىپ:

— ئەگەر مىنىڭ بۇيرۇقىمغا ياخشى بويسۇنۇپ ئىشلىسەڭلار، بولمىسا بارىدىغان يەرلىرىڭلارغا كېتىپ ئەترەتنى بىكارلاڭلار، — دەپتۇ. ئوتتۇرىدا ئولتۇرىغان سەلەي توختى ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ:

— دۈيجاڭ، بىز ئەزالار هەر يانغا كەتسەك، سىز قىلىپ تامنى باشقۇرامسىز...؟

### سىلىگە بېقىپ ئەتكىنى

سەلەي توختى بىر كۈنى ماشىنىچى ئۇستامنىڭ ئۆيىگە كىرسە، مەهەللە بېگى كاىىۋاتقۇدەك:

— ئۇستام بۇ قانداق ئىش. يانچۇقنى چاپانغا بېقىپ ئەتمەي شۇنچىۋىلامۇ يوغان ئەتكەن بارمۇ؟

ئۇستام گەپ قىلغىچە سەلەي توختى بەگكە قاراپ:

— بېگىم، چاپان كىچىك بولغىنى بىلەن ئۆزلىرى چوڭ ئەمەسمۇ؟ ئۇستامنىڭ يانچۇقنى چوڭ ئەتكىنى چاپانغا ئەمەس سىلىگە بېقىپ ئەتكىنى، — دەپتۇ.

### قاچ - قاچ ئەرزان، بىرى كەل قىممەت

بالايىمئاپەتلىك يىللاردا بىر كۈنى سەلەي توختى بازاردىن كېلىپ ئولتۇرسا ئايالى:

— دادىسى، گەپ قىلماي ئولتۇرىسىزغۇ؟ بازاردا نېمە ئەرزان، نېمە قىممەت ئىس كەن؟ — دەپ سوراپتۇ. سەلەي توختى:

— بازاردا قاچ — قاچ ئەرزان، بىرى كەل قىممەت ئىكەن، —دەپتۇ.

### قىغ كۆمۈپ باقامتىم

سەلەي توختى «داشقال» ئايرىلىپ بىر مەزگىل جاڭگالدا قومۇش، يانتاق باققىلى قويۇلۇپتۇ. بىر كۈنى ئىسيانچىلار باشلىقى پىكىر قىلىپ:

— سەلەي توختى قومۇش، يانتاقلارنى ياخشى باقمىدى — دەپتۇ.

— جاڭگالدىكى قومۇش، يانتاقلارنى ئېغىلدىن قىغ ئاپىرىپ تۆۋىگە كۆمۈپ باقسام بولامتى؟ — دەپتۇ سەلەي توختى.

### تۇخۇم ئىزدىگىنى

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ئېكىسكۇرسىيە كادىرلىرى تولا كېلىپ «گۆش تاپ، تۇخۇم تاپ، ھاراق تاپ» دەپ دېھقانلارنىڭ جېنىغا تېگىدىكەن. بىر يىلى تېرىقچىلىقنىڭ تازا ئالدىراش پەيتىدە يەنە «ئېكىسكۇرسىيەچىلەر كەلدى» دېگەن داغدۇغا بولۇپ كېتىپتۇ. سەلەي توختى يېڭىلا ھەيدەلگەن يەرگە سۆرەم سېلىۋاتقانىكەن، بىر توپ كادىرلار كېلىپ سۆرەم سېلىنغان يەرلەرنى كولاشقا باشلاپتۇ. قوش ھەيدەۋاتقان يىگىت ئەجەبلىنىپ:

— قارىڭا سەلەيكا، باھالاش كادىرلىرى ئاۋۇ يەرنى كولاۋاتىدۇ، ئۇ نېمە قىلغىنى؟ —دەپ سوراپتۇ.

— نېمە قىلغىنى بولاتتى؟ كۆمۈپ قويغان تۇخۇم بارمىكىن دەپ ئىزدىگىنى، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي توختى.

### گەپكە توق

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا سەلەي توختى ئەز — خوتۇن بازارغا بېرىپتۇ. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە تاماق تېپىپ يېيەلمەي ئاچ قورساق يۈرسە، كانايلاردىن «بازار ئاۋات، قورساق توق» دېگەن ئاۋازلار ياڭراپتۇ. بۇ ئىشلارنى چۈشىنەلمىگەن ئايالى سوراپتۇ:

— دادىسى، بىز ئەتىگەندىن بېرى تاماق تېپىپ يېيەلمەي ئاچ قورساق تۇرساق ياكى يۈرەكلىك سودا — سېتىق قىلالمىساق ئۇلارنىڭ «بازار ئاۋات، قورساق توق» دېگىنى قانداق گەپ؟ سەلەي توختى چۈشەندۈرۈپتۇ:

— ئىسيانچىلارنىڭ ئۇنداق تاۋلىغىنى قورساقنىڭ ناماقىغا ئەمەس، بەلكىم، گەپكە توق دېگىنى.

### ئاسما زىندانغا سولاپ

سەلەي توختى بازارغا شاپتۇل ئاپىرىپ ئەمدى ساتاي دەپ تۇرۇشىغا جۇۋسادۇي ئەسكەرلىرى كېلىپ:

(ئاخىرى 118 — بەتتە)

# قەدىمكى زامان رىۋايەتلىرىدىن

## كۇسەن خانىنىڭ ئەجدىھانى يەرگە چۈشۈرۈشى①

ئىلگىرى قەدىمكى زاماندا كۇسەن ئېلىدە بىر خاقان ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئاجۇر ئىكەن. ئۇنىڭ بىر خىل ئاجايىپ ئىقتىدارى بار بولۇپ، ۋەھشىي ئەجدىھانى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلەيدىكەن. ئەينى چاغلاردا ئەجدىھانىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن ھەممە ئائىلىدە ئالتۇن - كۈمۈش، يامبۇلار يوقۇلۇپ كېتىپتۇ.

خان بۇ ئىشلارنى ئۇققاندىن كېيىن، شەمشىرىنى ئېلىپ، شىمالىي تاغدىكى ئەجدىھا بار جايغا بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئۇ يەردە ئەجدىھا ئۇخلاپ ياتقۇدەك، خان ئويلاپتۇكى، مۇبادا مەن ئەجدىھانى بۇھالەتتە ئۆجۈقتۇرۇۋەتمىدىغان بولسام كىممۇ مېنىڭ كارامىتىمگە قول قويسۇن؟ ئەڭ ياخشىسى ئەجدىھانى ئالدى بىلەن تىللاپ ئويغۇتاي. خان دېگىنى بويىچە قىپتۇ، ئەجدىھا ئويغىنىپتۇ - دە، بىردىنلا بىر شىرغا ئايلىنىپتۇ. خان بولسا ئەجدىھانىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇدەك. ئەجدىھا قاتتىق بىر ھۆكۈرەپ، خۇددى بۇلۇتتەك ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. خان قىلىچە ھودۇقماستىن ئەجدىھاغا: «ئەگەر سەن ياۋاش بولۇپ ئەيۋەشكە كەلمەيدىغان بولساڭ، كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن» دەپ تەھدىت سېلىپتۇ. ئەجدىھا بىردىنلا خانىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە خانغا: «مېنى ئۆلتۈرمىگىن، مەن سېنىڭ مىنىشىڭگە تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىمەن، قەيەرگە بېرىشنى خالىساڭ، سېنى شۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ ئېلىپ بارىمەن» دەپتۇ، خان تەستە ماقۇلغا كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خان دائىم بىر يەرگە بارماقچى بولسا، ئەجدىھانى مىنىپ سەپەر قىلىدىغان بولۇپتۇ.

## ئەجدىھانىڭ ياتلىق بولۇشى②

قەدىمكى زامانلاردا ئۇدۇن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن بىر دەريا ئېقىپ ئۆتىدىكەن. ئۇ، بۇ شەھەر خەلقىنىڭ ئېكىنچىلىك قىلىشىنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى، دەريا سۈيى تۇيۇقسىز توختاپ قاپتۇ. ئۇدۇن خانى ئارخاتنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن سۈرۈشتە قىلىغانىكەن، ئۇ، دەريادا ئەجدىھانىڭ بارلىقى، دۇئا - تىلاۋەت قىلىشنىڭ لازىملىقى، دەريا ئەجدىھاسىغا تىلاۋەت قىلىشنىڭ بەك زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ تىلاۋەت قىلىشىۋاتقان بىر چاغدا، دەريا سۈيى دولقۇنلاپ، بۇژغۇنلاپ تۇرغان قاينام سۇ ئىچىدىن بىر قىز چاچراپ چىقىپتۇ - دە، مۇنداق دەپتۇ: «مېنىڭ ئېرىم ئۆلۈپ كەتكەنىدى، شۇڭا خان ئالىيلىرى،

① بۇ رىۋايەت ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يازغۇچىسى دۈەن چېڭشىنىڭ «يۇياڭ خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىدىن تەرجىمە قىلىندى

② بۇ رىۋايەت دۈەن چېڭشىنىڭ «يۇياڭ خاتىرىلىرى» ۋە شۈەنجاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن كىتابلىرىغا خاتىرىلەنگەن، شۇلاردىن تەرجىمە قىلىندى.

بۇ يەردە سىزنىڭ يارلىقىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن. خان ئالىيلىرى ئۇلۇسلىرىدىن بىر ۋەزىرنى تاللاپ ماڭا جۆپلەپ قويغان بولسىڭىز، دەريا سۈيى ئاۋۋالقىدەكلا دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان بولاتتى.» خان: «مەقسىتىڭنى چۈشەندىم، خالىغىنىڭنى تاللىۋالغىن» دەپتۇ. ئەجدىھا قىز نازاكەتلىك قىياپەت بىلەن ۋەزىر ئەزەمگە بىر قۇر قاراپ قويۇپتۇ.

ئوردا ئەھلى قايتقاندىن كېيىن ۋەزىر دۆلەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش قارارىغا كېلىپ، ئۆزلۈكىدىن ئەجدىھاغا ھوجرىسىغا بارماقچى بولۇپتۇ. خان ۋەزىرنى يولغا سالىدىغان چاغدا، ۋەزىر ئۈستىگە مۇسىبەت كىيىمى كىيىپ، ئاق ئات مىنىپ، ئاتنى ھەيدەپ سۇغا كىرىپتۇ. سۇدا كېتىۋېتىپ، چوڭقۇر بىر قاينامغا بارغاندا قامچىنى سىلكىگەن ئىكەن، سۇدىن بىر يول ئېچىلىپتۇ-دە، ئادەم، ئاتلار سۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىر ئاز ئۆزگەندىن كېيىن ئاق ئات سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ چوڭ بىر قوڭغۇراق ۋە بىر پارچە خەتنى چىقىرىپتۇ. خەتتە: خاننىڭ قوڭغۇراقنى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ئېسىپ قويۇشى ئېيتىلغانىكەن، خان شۇ بويىچە قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ھېلىقى قوڭغۇراق ئۆزلۈكىدىن ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدىغان، سۇمۇ توختىماي ئاقىدىغان بولۇپتۇ.

## يادا تاشنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە رىۋايەت①

شاھزادە ئوبۇل ئابباسقا ئېيتىپ بەرگەن ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ بوۋىلىرىدىن بىرسى، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن تالاش-تارتىش قىلىپ قالغاندىن كېيىن كۆن چىقىش تەرەپكە سەپەر قىلىپ، بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا «بۇ يەر قاپتال بولۇپ، ماڭغىلى بولمايدۇ، يولنى ئېگىز تاغ توسۇپ تۇرىدۇ» دەپتۇ. ئۇلار «كۈن تاغ ئارقىسىدىن چىققاندىن كېيىن، يەرگە بەكمۇ يېقىنلىشىۋېلىپ ئىنسانلارغا ئازاب سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىپ بارىدۇ» دېيىشىپتۇ. شاھزادىنىڭ بوۋىسى ئۇلاردىن: «ئۇ يەردە ئادەملەر ياكى ھايۋانلار بارمىكەن؟» دەپ سوراپتىكەن، ئۇلار «بولمايدىغان» دېيىشىپتۇ. ئۇ يەنە: «ئۇلار سىلەر دەپ يۈرگەندەك ئاشۇنداق يەردە قانداقمۇ تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغاندۇ؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇلار مۇنداق جاۋاب بېرىشىپتۇ: «بىز ئېيتىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەر يەر ئاستىدا ياكى غارلاردا كۆيۈپ يۈرىدۇ. كۈن چىققاندا ئۇلار كەمىلەرگە ۋە غارلارغا كىرىۋالىدىكەن-دە، شۇ يەردە كۈن پاتقانغا قەدەر تۇرىدىكەن. ئاندىن سىرتقا چىقىشىدىكەن، ھايۋانلارغا كەلسەك، ئۇلارغا پايدىلىق بولغان تاشلارنى ئۆزلىرى پىششىق بىلىدىكەن، ھەر بىر ھايۋان بىرىدىن تاشنى چىشلەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۈستىنى كەكەنلەپ كۈننىڭ نۇرىنى توسۇۋالىدىكەن، كېيىنچە بىر پارچە بۇلۇت پەيدا بولۇپ ھايۋانلار بىلەن كۈننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پەردە ھاسىل قىلىدىكەن.» تۈرك شاھزادىسى ئۇ ئەلگە بارغانىكەن، ھەقىقەتەن ھېلىقىلار ئېيتقاندەك ئىشلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن ھايۋانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، تاشلارنى يىغىۋېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان يەرگە قايتۇرۇپ ئەككەپتۇ، نەتىجىدە بۇ يەردە ئۇ تاشلار يامغۇر، قار ياغدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بوپتۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: غەيرەتجان ئوسمان**

① بۇ رىۋايەت شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدە ياشىغان گرېك تارىخچىسى يەقۇتى [1179 - 1229] نىڭ «يەر نامىلىرى لۇغىتى» [Mus - tarik] ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن.

# «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ «مەدەنىيەت تەرەققىياتى» تەرجىمە مەركىزى ھاجەتمەنلەرنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولىدۇ!

تەرجىمە مەركىزىمىز ئالىي ئۇنۋانلىق تەرجىمان داۋۇت غازى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىر قانچە تەرجىمان، جەمئىيەتتىن تەكلىپ قىلىنغان مەشھۇر تىلچىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، يېقىندا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ماقۇللۇقى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلدى.

تەرجىمە مەركىزىمىز ئىدارە-ئورگانلار ۋە شەخسلەرنىڭ ھەر خىل كىتاب، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى، ھۆججەت-ئالاقىلىرى، پىلان، خۇلاسە ماتېرىياللىرى، دوكلات، نۇتۇق، ئەرز-شىكايەتلىرى قاتارلىق خەت-چەكلىرىنى زۆرۈر بولغان تىللارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ ھەمدە خام ماتېرىياللار ئاساسىدا يېڭىدىن يېزىپ بېرىشنىمۇ ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىش قىلغاندا، سۈپەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ، ۋاقىت چەكلىمىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ھاجەتمەنلەر تەلەپ قىلسا، گېزىتنىڭ ئۆلچەملىك ماقالە قەغىزىگە يېزىپ بېرىدۇ ھەمدە ئېلېكترون مېڭىلىك خەت بېسىش ماشىنىسىدا كۆچۈرۈپ بېرىش، كۆپەيتىپ بېسىش ماشىنىسى (فۇيىنجى) دا كۆپەيتىپ بېرىشنىمۇ ئۈستىگە ئالىدۇ. ھەق ئېلىش ئۆلچىمى نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ئۆلچىمىگە ئوخشاش بولۇپ، ماتېرىيالنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرجىمە قىلىنغان تىل تۈرىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ.

تەرجىمە مەركىزىمىز ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئوردۇچە، ئىنگلىزچە، روسچە، ئۆزبېكچە تىل-يېزىقلاردا توغرا ۋە سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىدۇ.


ئورنىمىز «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى تەھرىرلىك بىناسىنىڭ 3-قەۋىتىدە.

تېلېفون نومۇرى: 23556

ئالاقىلاشقۇچىلار: قاسىمجان مۇھەممەت، مەمتىمىن ھوشۇر



قارامايشەھىرىدە ئېچىلغان 4 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات ئوكاپاتى» يىغىنىغا قاتناشقان ئايال ئاپتورلار



تاڭ شەپىغى



خىيال ئىلكىدە

(پەرھات ئابلىز فوتوسى)


قەشقەر ئەدەبىياتى (22-يىل نەشرى) «喀什噶尔文学»（维吾尔文）

( KASHGAR LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE )

1993 年 第二期 （双月刊）
编辑：«喀什噶尔文学»编辑部
出版：喀什行署文化处
新疆«喀什日报»印刷厂印刷
喀什地区邮电局发行
全国各地邮电局订阅
各地邮电局代发行
国际统一刊号：ISSN 1004—2547
国内统一刊号：CN65—1081/I
邮政代号：58—62
印张：787×1092・1/16、8 张

1993-يىل 2 - سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
شىنجاڭ «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتا ئورۇنلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ
خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1004 — 2547
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 — 1081/I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 62 — 58
فورماتى: 787×1092 مم، 1/16، 8 باسما تاۋاق

邮政编码：844000 电话：23196
定价：1.50 元

پوچتا نومۇرى: 844000 تېلېفون نومۇرى: 23196
باھاسى: 1.50 يۈەن